# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

3

1996

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»

(پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ئىلمىي ژۇرنال)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر
ئىسلامجان شېرىپ

1996 ـ يىل 3 ـ سان
ئومۇمىي 33 ـ سان

# بۇ ساندا

مۇقىملىق ۋە تەرەققىيات

شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ........................................ مەن زۈگجۇ ماۋيۈگخو 1

پەلسەپە، سىياسىي نەزەرىيە

ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنىڭ جانلىق نەمۇنىسى...................... ئاۋۇت توختى 6

كاپىتالىزمدىن پايدىلىنىپ سوتسىيالىزمنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ رېئال ئاساسى.......... ...................................... تۇرسۇن توختى 10

ئىقتىساد، كارخانا قۇرۇلۇشى

بازار ۋە باھا........................................................... سەمەت خېۋىر13

تارىخ، ئارخولوگىيە

تارىخ ئىلمىنىڭ رولى ۋە تارىخ تەتقىقاتىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر.............. ....................................... ئىسمايىل مەڭلىك 23

13 ـ ئەسىردە غەربىي رايونغا كېلىپ كەتكەن غەربلىك بىر نەچچە ئەلچى توغرىسىدا........... ....................................... ئەركىن ئەرشىدىن 28

تالانت

قابىلىيەت ۋە ئۇنىڭ يادروسى................................... ئىسلامجان شېرىپ 33

ئەدەبىيات

ئەدىپ ناقىس ۋە ئۇنىڭ «گۈلزار بىنىش» داستانى.................. غولام ئەبەيدۇللا58

رومانتىزم توغرىسىدا ...................................... مۇھەممەت ئىمىن 73

---

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرېھىم رەجەپ، ئابدۇكېرىم راخمان، ئاۋۇت توختى، سەمەت خېۋىر، شېرىپ ئىمىن، ئىسلامجان شېرىپ.
مەسئۇل مۇھەررىر: ئىسلامجان شېرىپ، قەيسەر قەييۇم
كوررېكتور: تۇرسۇنئاي مۇھەممەت باقى

# شىنجاڭدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭغا قارشى كۈرەشتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر

مەن زۇڭجۇ ماۋيۇڭفۇ

يېقىندا، مەركەز شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشتىن ئىبارەت ئومۇملۇقنى ئاساس قىلىپ: نۆۋەتتە شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئاساسىي خەۋپ مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەت دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. بۇ ماقالىمىزدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئەھۋالى، ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشتا قوللىنىشقا تېگىشلىك تەدبىرلەر توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە تەھلىل يۈرگۈزىمىز.

**1. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ تەشكىللىك، ئالدىن پىلانلانغان زورلۇق، تېرورلۇق ھەرىكىتى كۆپەيمەكتە.** ئۇلار ئەمەلىي كۈچىنى نامايان قىلىش، تەسىرنى كۈچەيتىش، خەلقئارا ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ھەر يىلى دېگۈدەك توپىلاڭ، ئۇرۇش - جېدەل ۋە زورلۇق - تېرورلۇق قىلىش ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ باردى ۋە ئۇنى بارغانسېرى يۇقىرى بالداققا كۆتۈردى. 1989 - يىلى «19 - ماي ۋەقەسى» نى تۇغدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومغا باستۇرۇپ كىردى؛ 1990 - يىلى ئاقتۇ ناھىيىسىدە «5 - ئاپرېل» بارىن ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلىڭىنى پەيدا قىلدى؛ 1992 - يىلى ئۈرۈمچىدە «5 - فېۋرال» بومبا پارتلىتىش دېلوسىنى پەيدا قىلدى؛ 1993 - يىلى قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىدە «17 - ئىيۇن» بىرلەشكەن پارتلىتىش دېلوسىنى پەيدا قىلدى؛ 1994 - يىلى ئاقسۇدا «18 - ئىيول» بىرلەشمە پارتلىتىش دېلوسىنى پەيدا قىلدى. 1995 - يىلى خوتەن شەھىرىدە «7 - ئىيول» توپىلىڭىنى پەيدا قىلىپ، نەچچە مىڭ كىشى ۋالى مەھكىمە، ۋىلايەتلىك پارتكوم، ج خ باشقارمىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ، قورشىۋېلىش، ئۇرۇش چېقىش بىلەن شۇغۇللاندى، كۆپلىگەن ئىشىك - دېرىزىلەرنى چېقىپ تاشلاشتىن باشقا 60 نەچچە نەپەر ج خ ساقچىسى، قوراللىق ساقچى جەڭچىلىرى ۋە ئورگان كادىرلىرىنى ئۇرۇپ يارىدار قىلدى. مانا مۇشۇ ئالامەتلەر كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، مىللىي بۆلگۈنچىلەر تېخىمۇ چوڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى پەيدا قىلىش ئۈچۈن مەخپىي پىلانلاش ئېلىپ بارماقتا. «مۇھىم ئورۇن، ئورگانلارنى پارتلىتىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ كۈچىنى ھەممىگە كۆرسىتىپ قويىشىمىز كېرەك» دەپ كۆرەڭلىمەكتە.

مىللىي بۆلگۈنچىلەر زورلۇق، تېرورلۇق ھەرىكەتلىرىنى ئۇزاق مۇددەت كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىغان بولۇپ، ئۇلار بۇ ھەرىكەتنى ئۇزاققىچە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن «10 يىللىق تېرورلۇق ئۇرۇشى، 10 يىللىق پارتىزانلىق ئۇرۇشى، 10 يىللىق مۇنتىزىم ئۇرۇش» ئېلىپ بارىمىز دەپ جار سالماقتا. ئۇلار بانكىلارنى بۇلاش، قورال - ياراق سېتىۋېلىش ۋە ياساش، يەر ئاستى مەشق بازىلىرىنى قۇرۇش بىلەن پارتلىتىش قاتارلىق ھەربىي تېخنىكا بىلىملىرىنى ئۆگەنمەكتە. ئىككى ئايدىن كۆپرەك داۋاملاشقان بىرلەشمە پارتلىتىش جەريانىدا ئۇلار ۋاقىتلىق پارتلايدىغان بومبا، يىراقتىن تىزگىنلىنىدىغان بومبا، پىلتىلىك بومبىلارنى ئىشلەتتى. مىللىي بۆلگۈنچىلەر يەنە تەپ تارماستىن يوغان بىر بومبىنى مەلۇم ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنىڭ دەرۋازىسىغا ئېسىپ قويۇپ، خورىكى ناھايىتى ئۆسۈپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. 1990 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تۇتۇپ ئېلىنغان ھەر خىل ئەكسىيەتچى تەشكىلاتلاردىن قولغا چۈشۈرۈلگەن مىلتىق 10 دانە، ئوق 10 مىڭ تال ۋە بىر يۈرۈش پىلتە، پارتلىتىش دورىلىرى بار. جەنۇبىي شىنجاڭدا تىلاۋەت قىلىش نامى بىلەن ئېچىلغان چامباشچىلىق ئوقۇتۇشىدىن 10 نەچچىسى

www.uyghurkitap.com



بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەلۇم شەھىرىدە ئىككى يەردە مەخسۇس ئايال تالىپلارغا قوتۇلدۇرۇش بىلىمى سۆزلەنگەن، ئۇلارغا «كەلگۈسىدە ئۇرۇش مەيدانىدا قوتقۇزۇش ۋەزىپىسى ئۆتەيمىز» دېگەن.

مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ زورلۇق، تېررورلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى دولەت ۋە خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىگە زور زىيانلارنى كەلتۈردى. ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇردى، خىزمەت تەرتىپىنى ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ناھايىتى يامان تەسىر پەيدا قىلدى.

**2 ـ رەڭگارەڭ مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، ماسلىشىپ، قەدەممۇ قەدەم بىرلەشمەكتە.** ئۇلار دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا نۇرغۇنلىغان قانۇنسىز تەشكىلاتلارنى قۇردى. دۆلەت ئىچىدە «شەرقى تۈركىستان پارتىيىسى» قاتارلىق ئاللىقاچان پاچاقلىۋېتىلگەن قانۇنسىز تەشكىلاتلار يېڭىباشتىن باش كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يەنە بىر تۈركۈم يېڭى قانۇنسىز تەشكىلات ۋە گورۇھلار بايقالدى. بۇلارنىڭ ئەزالىرىنىڭ كۆپچىلىكى 20 ـ 30 ياشلاردىكى ياشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى، بەزىلىرى يەر ئاستى دىنى مەكتەپلەردە تەربىيىلەنگەن قانۇنسىز تەشكىلاتلارنىڭ ئەزالىرىدۇر. 1990 ـ يىلىدىن 1994 يىلغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە قانۇنسىز تەشكىلات ۋە ئۇنىڭغا چېتىشلىق ئادەملەردىن 1000 نەچچىسى تۇتۇلدى، 1995 ـ يىلى ئالدىنقى يېرىم يىلدا يەنە قانۇنسىز تەشكىلات ۋە بىلوكلاردىن نەچچە 10 ى تۇتۇلدى. چەتئەللەردە شىنجاڭغا قارىتىلغان مىللىي بۆلگۈنچىلىك تەشكىلاتلىرىدىن نەچچە 10ى بار بولۇپ، بۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربى ئاسىيا، جەنۇبىي ئاسىيا، ياۋروپا، ئامېرىكا، ئوكيانىيەلەردە تۇرىدۇ. بۇ بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار ئاساسلىقى ئۈچ خىل تەسىر دائىرىدە بولۇپ، بۇلارنىڭ بىرى غەربى ئاسىيادىكى تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى قاتارلىق دۆلەتلەرگە توپلانغان. بۇلارنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى ئازادلىقتىن بۇرۇن چەتكە چىقىپ كەتكەن مىللىي بولگۈنچىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەكىلى گومىنداڭ دەۋرىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە باش كاتىپ بولغان ئەيسا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر؛ يەنە بىرى ئوتتۇرا ئاسىيائەللىرىگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەزالىرىنىڭ كۆپچىلىكى 50 ـ 60 يىللاردا قېچىپ كەتكەن مىللىي بۆلگۈنچىلەردۇر؛ يەنە بىر تۈركۈمى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىشتىن پايدىلىنىپ، مىللىي بۆلگۈنچىلىكنى قوترىتىۋاتقان بۆلگۈنچى كۈچلەردۇر. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىياغا تارقالغان بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار بۇرۇن تەرەببازلىق تۈپەيلى ناھايىتى ئاز ئۇچراشقان. سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، ئۇلار «پان ئىسلامىزم» «پان تۈركىزم» بايرىقى ئاستىدا تەدرىجى بىرلىشىپ، بىرلىككە كەلگەن بايراق لاھىيىلەپ، بىرلىككە كەلگەن ھەرىكەت پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، چەتئەللەردىكى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئىچىدىكى بۆلگۈنچىتەشكىلاتلار دالاي گۇرۇھى بىلەن ھەمدە «مۇستەقىل تەيۋەن» چىلىك بىلەن بولغان تىل بىرىكتۈرۈشنى كۈچەيتىپ بارماقتا، شۇنداقلا «دېموكراتىيەلەشتۈرۈش ھەرىكىتى» ئۇنسۇرلىرى بىلەن بىر ئېقىمغا كىرمەكتە. مەملىكەت ئىچىدىكى بەزى بۆلگۈنچى تەشكىلاتلارمۇ ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، رايون دائىرىلىرىدىن ھالقىپ بىرلەشمەكتە. ئۇلار جەنۇبىي شىنجاڭدا مەجلىس چاقىرىپ، ھەرىكەت مەركىزى قۇرۇشنى، بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، مەملىكەت ئىچىدىكى بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار تۈرلۈك چارىلار بىلەن چەتئەللەردىكى بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، ئۆز ئارا دوس تارتىپ، سۆز ـ ھەيۋە پەيدا قىلىپ، ھەرىكەتلەرنى تەڭشىمەكتە. چەتئەللەردىكى بۆلگۈنچىلەر دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قورال ـ ياراق ۋە خىراجەت يەتكۈزۈپ بەرسە، دۆلەت ئىچىدىكى بۆلگۈنچىلەر چەتئەللەردىكى بۆلگۈنچىلەرگە ئاخبارات ۋە ئۇچۇر يەتكۈزۈپ بەرمەكتە. تېخىمۇ يامان يېرى شۇكى، چەتئەللەردىكى مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئاتالمىش «پىدائىلار ئارمىيىسى» تەشكىل قىلىپ، چېگرادا

توپىلاڭ كۆتۈرۈشنى قەستلىمەكتە. بەزى مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلار دۇنياۋى تەشكىلاتلارغا ئايلانغان. دېمەك دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بۆلگۈنچىلەر تەشكىلاتلارنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۆز ئارا تىل بىرىكتۈرۈشى، بىرلىشىشى بۇزغۇنچى كۈچلەرنى ئۇلغايتىپ، تېخىمۇ زور بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتىنى پىلانلاشقا، ئۇلارنىڭ خەلقئارالىق ئىنسان ھوقۇقى تەشكىلاتى ۋە كېڭەشلىرىگە قىستۇرۇلۇپ كىرىشىگە، شىنجاڭ مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇشقا شەرت ھازىرلىماقتا.

**تۈرلۈك سورۇنلاردا ھەر خىل ۋاسىتىلەر بىلەن زور كۆلەمدە بۆلگۈنچىلىك جامائەت پىكرى تەييارلاش.** مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ كەڭ تۈردە جامائەت پىكرى پەيدا قىلىشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇللىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ① دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرى ۋە يەر ئاستى تەشۋىقات نۇقتىلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئاممە ۋە ياشلارغا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى سىڭدۈرۈش. ② ئالىي ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر ۋە زىيالىيلار ئارىسىدا ئىغۋا تارقىتىپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىش ③ ئەكسىيەتچى تەشۋىق ۋارىقى ۋە سىنئالغۇ لىنتىلىرىنى تارقىتىپ ئالدامچىلىق تەشۋىقاتى يۈرگۈزۈش، ھەتتا بەزىلەر مۇشۇنداق لىنتىلىرىنى ئاشپۇزۇللار، بازارلاردا ئاشكارا تارقاتقان. ئەدەبىيات سەنئەت ساھەسىدىكى بەزى بۆلگۈنچىلەر ۋە بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسى ئېغىر ئادەملەر تارىخ يېزىش، ھېكايە چۆچەك يېزىش بانىسى بىلەن تەپتارتماستىن تارىخنى بۇرمىلاپ، بۆلگۈنچىلىككە ئاساس ياراتماقتا. «ھونلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» «ئۇيغۇرلار»، «ئۇيغۇر قەدىمكى ئەدەبىياتى» دېگەن 3 پارچە كىتاپ بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئەكسىيەتچى نۇقتىئىنەزەرلىرىگە مەركەزلىك ۋەكىللىك قىلغان ۋە ئۇنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ⑤ چەتئەللەردىكى مىللىي بۆلگۈنچى تەشكىلاتلىرى بەزى رادىئو ئىستانسىلىرى، گېزىت ۋە ژۇرناللار ئارقىلىق سىڭدۈرۈش تەشۋىقاتى ئېلىپ بارماقتا. مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلارنىڭ تەشۋىقاتلىرىنى مەزمۇن جەھەتتىن مۇنداق تۆت نۇقتىغا يىغىش مۇمكىن: ① شىنجاڭ مۇستەقىل دېگەننى تەرغىپ قىلىش. ئۇلار قانداقتۇ «شىنجاڭ دېگەن تۈركىستان. بۇ قەدىمدىن تارتىپ بىر مۇستەقىل دۆلەت»، «مىللىتىمىز تۈرك، دىنىمىز ئىسلام، ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستان» دېگەن سۆزلەرنى قىلىدۇ. ② خەنزۇلارغاقارشى تۇرىدۇ ۋە خەنزۇلارنى چەتكە قاقىدۇ. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستى ۋە دىنىي سىياستىگە ھۇجۇم قىلىدۇ. ③ جىھاد ئۇرۇشى قىلىشنى تەرغىپ قىلىدۇ. زوراۋانلىق ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇلار ئادەملەرنى تۈركۈمگە ئايرىپ، مۇسۇلمانلار بىر قېرىنداش، «كاپىرلار (يات دىنىدىكىلەر) دۈشمەن» دېگەننى تەشۋىق قىلىدۇ، ھەممە «ئاللا بىزنى بۇ دۇنياغا ياراتقاندا، كاپىرلارغا قارشى ياراتقان»، «خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە جىھاد ئۇرۇشى قىلىپ، كاپىرلارنى يوقاتقان كىشىلا، ھەقىقىي مۇسۇلمان بولالايدۇ» دەيدۇ. ④ «ئىلىم» نىقاۋىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، نوقۇل ھالدا دىن ۋە تىلنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ ئاتالمىش «تارىخى مەدەنىيەت ئورتاق گەۋدىسى»، «تۈركى مەدەنىيەت ئورتاق گەۋدىسى»، «ئىسلام مەدەنىيەت ئورتاق گەۋدىسى» قاتارلىق سەپسەتىلەرنى بولۇشىغا بازارغا سالىدۇ، «پان تۈركىزىمنىڭ تۈركولوگىيەتەشۋىقاتىغا كۆرسەتكەن خىزمىتى بار» قاتارلىقلارنى تەرغىپ قىلىدۇ.

**4. كۈرەش ئۇسۇللىرىنى ئۆزگەرتىپ، بىزدىن ياشلار ۋە ئاممىنى تالىشىدۇ.** مىللىي بۆلگۈنچىلەر كۈرەش ئۇسۇللىرىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ، كۈچىنىڭ بېرىچە بىزدىن ياشلار ۋە ئاممىنى تالىشىدۇ. 1994 ـ يىلى مىللىي بۆلگۈنچىلەر جەنۇبىي شىنجاڭدا ئاچقان مەجلىسىدە «دىنىنى تۈتلەشتۈرۈش» نى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلار مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ① دىنىنى مائارىپلاشتۇرۇش. دىنىي مائارىپنى كۆپ خىل يوللار، دائىرىلەر بويىچە قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار ئاممىسىنى ئويغۇتۇش. نۇقتىلىق ھالدا مەكتەپلەر؛ ئورگانلار، ئورۇنلارغا سىڭدۈرۈش ئارقىلىق زىيالىيلار ئارىسىدىن مىللىي بۆلگۈنچىلەرنى تەربىيىلەش؛ دىنىنى ياشلاشتۇرۇش، دىن ئارقىلىق ياشلارنى قولغا كەلتۈرۈش، تالىپلار ۋە دىنىي ئەقىدىلەرنى بىلىدىغان ياشلارنى تېخىمۇ كۆپ تەربىيىلەپ «جىھاد ئۇرۇشى» غا

قاتناشتۇرۇش؛ دىننى ئىجتىمائىلاشتۇرۇش؛ يەنى تۈرۈلۈك مەسچىتلەرنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ، دىنني بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق مۇسۇلمانلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ كاپىرلارغا قارشى تۇرۇش؛ دىننى سىياسىيلاشتۇرۇش يەنى «قۇرئان كەرىم» نى ئاساسىي قانۇن قىلغان «شەرقىي تۈركىستان» نى قۇرۇش. ئۇلار يەنە دىن، زىيالىيلا، يەككە ئائىلىلەر دىن ئىبارەت «ئۈچنى بىرلەشتۈرۈش» تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ چىققان. ئۇلار: «ئىسلام ـ مىللەتچىمىزنىڭ جېنى، زىيالىيلاردا پاراسەت بولسىمۇ روھ يوق، ئەگەر ئۇلۇمدىن قورقمايدىغان روھ بىلەن پاراسەت بىرلەشسە، ئۇنىڭغا يەككە ئائىلىلەرنىڭ ئىقتىسادىي كۈچى ئارقا تىرەك بولسا، ھەرقانداق ئىشنى قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ». دەپ قارىغان

مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىدە شەھەر، مەكتەپ ۋە زاۋۇتلارغا سىڭىپ كىرىش ئارقىلىق ياش ئوقۇغۇچىلارنى قولغا كەلتۈرىدىغان ئاساسىي نىشان قىلىش كېلىپ چىقماقتا. 1993 ـ يىلىدىن بۇيان، بەزى يەر ئاستى دىنى مەكتەپلىرى تەربىيلەپ چىققان قانۇنسىز دىنىي تەشكىلاتلارنىڭ ئەزالىرى ئالىي مەكتەپلەرگە سۇقۇنۇپ كىرىش بىلەن تەنتەربىيە مەيدانى، زال، ياتاقلاردىن پايدىلىنىپ دىننى سۆزلىگەن. ئوقۇغۇچىلار ئارىسىغا ئىمام ئەۋەتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى كوچىغا چىقىپ جېدەل چىقىرىشقا كۈشكۈرتكەن. 1995 ـ يىلى، ئۇلار يەنە بەزى زاۋۇت، كان، كارخانىلارغا كىرىپ دىننى سۆزلىگەن، بۇنداق سورۇنلارغا ياش ئىشچىلار كېلىپ قاتناشقان. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا يوشۇرۇنىۋالغان مىللىي بۆلگۈنچىلەر تەپتارتماستىن ئوقۇغۇچىلارغا بۆلگۈنچىلىك ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈپ، «بىز بىر ئەۋلاد ئۇرۇق چاچىمىز، يەنە بىر ئەۋلات مىللىي مۇستەقىللىق بۈيۈك ئىشنى ئورۇندايدۇ» دەپ جار سالغان.

دۈشمەننىڭ ئەنە شۇنداق تالىشىش ۋە ئالدامچىلىق خاراكتېرىدىكى تەشۋىقاتى بولغانلىقتىن، بىر بۆلۈك ئامىمىنىڭ بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت چوڭ ھەق، چوڭ نەھەق مەسىلىسىدە پوزىتسىيىسى تۇتۇق بولغان، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە ھەم قاتناشماسلىق ھەم ئۇلارنى پاش قىلماسلىق پوزىتسىيىسىدە تۇرغان، بۇنىڭ بىلەن دېلولارنىڭ پاش بولۇشىدا قىيىنچىلىق نامايىتى كۆپ بولۇپ كەتكەن. بەزىلەر ھەتتا دۈشمەنگە ھېسداشلىق قىلىش، ئۇلارنى قوللاش پوزىتسىيىسىدە تۇرغان. خوتەن ۋىلايىتىدە بىر ئەكسىلئىنقىلابىي قاتىل باستۇرۇلغاندا، بىر نەچچە يۈزكىشى ئۇنىڭ جەسىدىنى كۆتۈرۈپ نامايىش قىلىپ، ھۆكۈمەتكە ھەيۋە قىلغان. 5 نەپەر «5-فېۋرال پارتلىتىش دېلوسىغا تەۋە جىنايەتچى ئېتىپ تاشلانغاندا، ئۇلارنىڭ يۇرتداشلىرىدىن يۈزلەپ، ھەتتا مىڭلاپ ئادەم ناماز ئوقۇپ، ئۇلارغا دۇئا قىلغان، يەنە بەزىلەر ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىگە ئىئانە بېرىپ ھال سورىغان.

5. مىللىي بۆلگۈنچىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ تارىخى ئۇزۇن، ئىزچىل بولۇپ كەلگەن.

چىڭ سۇلالىسىنىڭ چيەنلۇڭ يىللىرىدا جۇڭغار قەبىلىلىرى ۋە چوڭ كىچىك خوجىلار توپىلىڭى باستۇرۇلغاندىن بۇيان، مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرى زادىلا توختىمىدى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش بىلەن ئۆتتى.

1758 ـ يىلدىن 1911 ـ يىلغىچە بولغان چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىق قىلغان 150 نەچچە يىل جەريانىدا، مەركىزىي ھۆكۈمەتتىن ئايرىلىشنى مەقسەت قىلغان چوڭ كىچىك توپىلاڭلار 100 نەچچە قېتىم يۈز بەردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە پۈتۈن شىنجاڭ خاراكتېرلىك توپىلاڭ ئىككى قېتىم بولدى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردە، 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەنگلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش ئويۇننى ئوينىدى. ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنى ئارقا تىرەك قىلغان بۇ قورچاق ھاكىمىيەت ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن

3 ئايغا بارماي ئاغدۇرۇلدى. ئازادلىقتىن كېيىن، مىللىي بۆلگۈنچىلەر نەچچە ئون قېتىم مالىمان ۋە توپىلاڭ كۆتۈردى. 60 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، مىللىي بۆلگۈنچىلەر جۇڭگو ۋە دۇنيانى چۆچۈتىدىغان «ئىلى چۆچەك ۋەقەسى» ۋە غۇلجا شەھەر قوراللىق توپىلىڭى قوزغىدى. 80 - يىللاردىن بۇيان، دۇنيا ۋەزىيىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىۋاتقان چوڭ ئاتموسفېرادا، مىللىي بۆلگۈنچىلەر يەنە ھەرىكىتىنى كۈچەيتتى. 200 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا، گەرچە ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۇلارنىڭ قوللانغان ئۇسۇلى ھەر خىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىزچىل تۈردە ۋەتەننى پارچىلاش شىنجاڭنى مۇستەقىل قىلىشنى مەقسەت قىلدى؛ ھەممە ھەرىكىتىدە مىللەت دىنىنى نىقاب قىلدى، ھەممىسىگە چەت ئەللەرنىڭ جۇڭگوغا قارشى قولى سېلىندى.

**6. مىللىي بۆلگۈنچىلەرگە قارشى كۈرەشتە يۈزەكى ھەل قىلىش بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىشقا تەڭ ئېتىبار بېرىش، ئومۇملاشتۇرۇپ تۈزەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش لازىم.** مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارىتا، بايرىقى روشەن ھالدا قەتئىي تۈردە زەربە بېرىش كېرەككى، ھەرگىز يۇمشاقۇللۇق قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئاممىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تېزلىكتە نامرازلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، تەدرىجىي بېيىشى كېرەك. بۇ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى تۈپ تەدبىر ۋە مۇستەھكەم ئاساس. بۇنىڭ ئۈچۈن زور كۈچ چىقىرىپ بىر مىليوندىن كۆپرەك كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە ئۈچ مىليون 700 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ ئىچىملىك سۇ مەسىلىسىنى، شۇنداقلا مالىيەدە پۇل قىس بولۇش، كۆپلىگەن ئىشچى خىزمەتچىلەرگە ۋاقتىدا مائاش بېرەلمەسلىك قاتارلىق جىددىي مەسىلىلەرنى ئالدى بىلەن ھەل قىلىش كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئالاھىدە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىش كېرەك. ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مۇقىملىقنىڭ ئاساسى، لېكىن، ئىقتىساد تەرەققىي قىلسىلا مىللىي بۆلگۈنچىلەر ئۆزلۈكىدىن توگەپ كېتىدۇ دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، يەنە تەشۋىقات تەربىيىسىنى ۋە قۇدرەتلىك سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۈچەيتىش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ۋەتەننىڭ مەركەزگە ئىنتىلىش كۈچىنى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

شىنجاڭدا مىللىي خىزمەتنى كۈچەيتىش، دىنى خىزمەتنى قانۇنى ئىدارە قىلىش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. پىلانلىق تۈردە ۋەتەننى سۆيىدىغان دىنىي كەسپى خادىملارنى تەربىيىلەپ، مەسچىتلەرنى مانا مۇشۇنداق بىزنى ھىمايە قىلىدىغان ئادەملىرىمىزنىڭ قولىغا ئېلىپ بېرىش كېرەك. مەلۇم بىر دىنغا بولغان ئېتىقاد ئاممىۋى خاراكتېرنى ئالغان جايلاردا ئاز سانلىق ئېتىقادسىز ئادەملەرنىڭ دىنغا ئىشەنمەسلىك ئەركىنلىكىنى ھەقىقىي تۈردە قوغداش كېرەك. قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتكە قەتئى تۈردە زەربە بېرىش كېرەك. ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىپ مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ دىندىن پايدىلىنىپ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشىغا قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇش، بۇنداق ھەرىكەتلەرنى سەزگەن ھامان زەربە بېرىش، دۈشمەننىڭ تىنىۋېلىشىغا پۇرسەت بەرمەسلىك، بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى يومران ھالىتىدە يوقىتىش لازىم.

داۋۇت ساۋۇت تەرجىمىسى

1996- يىلى 3 - سان

# ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنىڭ جانلىق نەمۇنىسى

ئاۋۇت توختى

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا: «سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى بىر نەچچە چوڭ مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا» دېگەن تېمىدا ئىنتايىن مۇھىم سۆز قىلدى. بۇ سۆزدە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىككى نۇقتىچىلىق كۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتا دۇچ كەلگەن ئومۇمىيلىققا چېتىلىدىغان يېڭى زىددىيەت ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى 12 مۇھىم مۇناسىۋەتكە يىغىنچاقلىدى ۋە بۇ مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ دىئالېكتىكىلىق ئىدىيە ۋە نەزەرىيىۋى تەپەككۇر بىلەن تولغان، ماركسىزملىق دىئالېكتىكىنىڭ نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان مۇھىم ئەسەر بولۇپ، بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىدا، ئىلمىي دۇنيا قاراش ۋە ئىلمىي مېتودولوگىيىدە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ دىئالېكتىكىسىنى ئەتراپلىق ئىگىلەپ ۋە پىششىق قوللىنىپ، ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنىڭ روھىنى بارلىق خىزمەتلەردە ئىزچىللاشتۇرۇشىمىزنىڭ قىبلىنامىسىدۇر.

چۈنكى، بىز ھازىر ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتىمىز. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتا يەنە بىر قاتار يېڭى زىددىيەت ۋە يېڭى مەسىلىلەر يۈز بەردى. بۇ، ئاساسلىقى يېزا ئىگىلىك ئاساسىنىڭ ئاجىزلىقىنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسى، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ۋە باشقۇرۇشىدىكى قىيىنچىلىقنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسى، ماكرولۇق تەڭشەش - تىزگىنلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولماسلىق، پۇل پاخاللىقىنىڭ بېسىمى ئېغىر بولۇش ئەھۋالىنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسى، نوپۇس كۆپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان بايلىق نىسپىي ھالدا كەمچىل بولۇش ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسى، رايونلار تەرەققىياتىدىكى پەرق چوڭىيىپ كېتىش ۋە جەمئىيەتنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى كىرىم پەرقى بەك چوڭ بولۇپ كېتىشنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسى، مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن ماددىي مەدەنىيەتنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇشنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسى، پاكلىق قۇرۇلۇشى باش كۆتۈرۈپ قالغان چىرىكلىك ھادىسىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا چېتىلىدىغان ئومۇمىيلىققا دائىر مەسىلە، يېڭى ۋەزىيەتتە يۈز بەرگەن يېڭى زىددىيەتلەردۇر. پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىللىق كۈرەش نىشانى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بىزگە ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار پىلان كۆرسىتىپ بېرىلگەن. بۇ ئۇلۇغۋار پىلاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يۇقىرىدىكى بىر قاتار چوڭ مەسىلىلەرنى، يېڭى زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، مۇشۇنداق يېڭى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەر ئالدىدا يولداش جياڭزېمىن دېڭشياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىپ، توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك 12 مۇناسىۋەتنى دىئالېكتىكىلىق يوسۇندا مەركەزلىك بايان قىلدى. بۇ، پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دىئالېكتىكىسىغا بولغان بىلىشىنىڭ (تونۇشى) يېڭى نەتىجىسى ۋە ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنىڭ جانلىق ئىشلىتىلىشى ھەم ئەمەلىيىتى.

يولداش جياڭ زېمىن سۆزىدە، ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنىڭ توپ قانۇنى ۋە يادروسى بولغان قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى قانۇنى بويىچە، ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ دىئالېكتىكىسىنى چوڭقۇر، سىستېمىلىق شەرھلەپ، يېڭى ۋەزىيەتتە بىزنى ئۆتكۈر ئىدىيىۋى قورال بىلەن تەمىن ئەتتى. ئۇنىڭ سۆزىدىكى 12 چوڭ مۇناسىۋەتنى ۋە ئۆز ئارا باغلىنىشلىقنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش نۆۋەتتە بەكمۇ زۆرۈر.

1 ـ ماددا: «ئىسلاھات تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتى» بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئىگىلەيدىغان ئەڭ مۇھىم ئاساسىي مۇناسىۋەت. ئۇ، پارتىيىنىڭ «بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا» دىن ئىبارەت ئاساسىي لۇشيەننىڭ تەلىپىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىزنىڭ پۈتكۈل خىزمىتىمىزنىڭ مەركىزى ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش — ئېلىمىزدە بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى. تەرەققىياتنى تېزلىتىش ئۈچۈن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئىسلاھات ـ تەرەققىياتنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات مۇقىم سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، مۇقىملىق ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى شەرتى. خۇددى يولداش جياڭ زېمىن ئېيتقاندەك، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئارىسىدا ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان ئىچكى باغلىنىش مەۋجۇت، بىر پۈتۈن ئورگانىك گەۋدە. ھەر قانداق بىر تەرەپتىن مەسىلە چىقىدىكەن چوقۇم ئومۇمىيلىققا تەسىر يېتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىلدىكى كۆرەش نىشانىغا يېتىش ۋە ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى ئورۇنداش داۋامىدا ئومۇملۇقنى پۇختا ئىگىلەپ ئۈچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇش، ئۆز ئارا ئىلگىرى سۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز لازىم. بۇ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئالغا سۈرۈشنىڭ توپ كاپالىتى.

2 ـ ماددىدىن 5 ـ ماددىغىچە تەرەققىيات توغرىسىدىكى تۆت چوڭ مۇناسىۋەت بايان قىلىنغان، سۈرئەت بىلەن ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتى تەرەققىيات داۋامىدا توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك بىر مۇھىم مۇناسىۋەت. ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا بىر ئىنتايىن گەۋدىلىك بولغان مەسىلە شۇكى، بىزدە، كۆپىنچە سانىنىڭ كۆپىيىشىگىلا بېرىلىدىغان، نوقۇل ئېشىش سۈرئىتىنى قوغلىشىدىغان، سۈپەت بىلەن ئۈنۈمگە سەل قارايدىغان، ئومۇمىي ساپا يۇقىرى بولمايدىغان مەسىلىلەر كۆرۈلمەكتە. شۇڭا سۈرئەت بىلەن ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ھەم سۈرئىتى يۇقىرىراق، ھەم ئۈنۈمى ياخشىراق بولغان خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى تېپىپ چىقىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تەرەققىيات تەسەۋۋۇرىنى يېڭىلاپ، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى يىرىك تىپتىن توجۇپىلەش تىپىغا ئۆزگەرتىش، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى ھەقىقىي تۈردە ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇرۇش لازىم. تەرەققىيات داۋامىدىكى ئىككىنچى چوڭ مۇناسىۋەت — ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن نوپۇس، بايلىق مەنبەسى ۋە مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتى بولۇپ، بۇ نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ماسلاشتۇرۇشنى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن بايلىق مەنبەسى ۋە مۇھىتنى ماسلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تەرەققىياتنىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلاشتا زور ستراتېگىيىلىك مەسىلە، تەرەققىيات داۋامىدىكى ئۈچىنچى چوڭ مەسىلە 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپلەرنىڭ مۇناسىۋىتى بولۇپ، بۇ ئۈچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش ھەم ئىقتىسادنىڭ ماس راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق، ھەم جەمئىيەتنىڭ مۇقىم بولۇشىغا پايدىلىق. نۆۋەتتە، يېزا ئىگىلىك ئاساسىنىڭ ئاجىز بولۇشى، سانائەت ساپاسىنىڭ يۇقىرى بولماسلىقى، 3 ـ كەسىپ تەرەققىياتىنىڭ ئارقىدا قېلىشى، ئۈچىنچى كەسىپ مۇناسىۋىتىنىڭ ماس بولماسلىقى ئاساسىي مەسىلە بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن كېيىن 1 ـ كەسىپنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىش، 2 ـ كەسىپنى تەڭشەش، 3 ـ كەسىپنى پائال راۋاجلاندۇرۇش لازىم. تەرەققىيات داۋامىدىكى تۆتىنچى چوڭ مۇناسىۋەت مۇناسىۋەت — شەرقىي رايون بىلەن ئوتتۇرا غەربىي رايوننىڭ مۇناسىۋىتى. ئىقتىسادنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش يالغۇز خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر قايسى تارماقلارنىڭ ماسلىشىشىنى ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن بەلكى دۆلەت

ئىچىدىكى رايونلار ئىقتىسادىنى ماسلاشقان ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 17 يىلدىن بۇيان، ئېلىمىزدىكى ھەممە رايونلارنىڭ ئىقتىسادى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى، نىسپىي ھالدا ئېيتقاندا، شەرقىي رايوننىڭكىدىن تېزرەك بولدى. ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق زورايدى. شۇڭا، رايونلار پەرقى مەسىلىسىنى تارىخىي دىئالېكتىك نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىق تونۇش ۋە بىر تەرەپ قىلىش لازىم، ھەم رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى تەكشىسىزلىكنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي ھادىسە ئىكەنلىكىنى كۆرۈش، ھەم رايونلار پەرقى مەسىلىسىنى يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ ۋە ئۇنۇملۇك تەدبىر قوللىنىپ توغرا بىر تەرەپ قىلىش، رايونلار ئارا پەرقنى ئازايتىشنى ئۇزاق مۇددەت چىڭ تۇرىدىغان مۇھىم فاڭجېن قىلىش لازىم.

6 - ماددىدىن 10 - ماددىغىچە ئىسلاھات توغرىسىدا بەش چوڭ مۇناسىۋەتنى بايان قىلغان. ئېلىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى — سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش بىلەن ماكرولۇق تەڭشەش تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي تەلىپى. شۇڭا، بازار مېخانىزمى بىلەن ماكرولۇق تەڭشەش تىزگىنلەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىز لازىم. ئىككىسىنى بىرلەشتۈرگەندىلا ھەم بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرغىلى، ھەم سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئىسلاھاتتىكى ئىككىنچى چوڭ مۇناسىۋەت — ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىقتىساد بىلەن باشقا ئىقتىسادىي تەركىبلەرنىڭ مۇناسىۋىتى. بۇ يەردە سۆزلەنگىنى بازار ئىگىلىكى داۋامىدىكى ئاساسىي گەۋدە مەسىلىسى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىقتىسادنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش — بىزنىڭ ئۇزاقىچە چىڭ تۇرىدىغان فاڭجېنىمىز. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىدىن تەۋرىنىدىغان، ۋاز كېچىدىغان ھەر قانداق قىلمىشلار سوتسىيالىزم يۆنىلىشىدىن چەتنىگەنلىك. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، كوللېكتىپ كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتىنىمۇ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز، دۆلەت ئىقتىسادى بىلەن كوللېكتىپ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغىمۇ يول قويۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىش لازىم. ھەم ئۇنى توغرا يېتەكلەش، نازارەتنى كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، ئۇنى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنىڭ زۆرۈر تولۇقلىمىسى قىلىش لازىم. ئىسلاھاتتىكى ئۈچىنچى چوڭ مۇناسىۋەت — كىرىم تەقسىماتىدىكى دۆلەت كارخانا ۋە شەخسلەرنىڭ مۇناسىۋىتى. بۇ مۇناسىۋەتنى مۈلۈكچىلىك مۇناسىۋىتى بەلگىلەيدۇ ھەم مۈلۈكچىلىك مۇناسىۋىتىگە ماس كېلىدۇ. كىرىم تەقسىماتىدا ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل تەقسىمات شەكلى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئادىل بولۇشنى ئېتىبارغا ئېلىشنى گەۋدىلەندۈرۈش، دۆلەت، كارخانا ۋە شەخسلەرنىڭ مەنپەئىتىنى بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئىسلاھاتتىكى تۆتىنچى چوڭ مۇناسىۋەت — سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بىلەن ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتى. بىزنىڭ فاڭجېنىمىز ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش ئاساسىدا سىرتقائىشىكنى ئېچىۋېتىش بولۇپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىش بىلەن مەۋقەيىمىزنى ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىش ئاساسىغا قويۇشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئىلغار تېخنىكىلىرىنى كىرگۈزۈشىمىز، لېكىن كىرگۈزۈشنى ئېچىش، يېڭىلىق يارىتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزىمىزنىڭ ئۈستۈنلۈكىمىزنى شەكىللەندۈرۈشىمىز لازىم. چەتئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىمىزنىڭ جۇغلانمىسىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا ۋاقىتنى ئۇتۇپ، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەرقنى تېز كىچىكلىتەلەيمىز. ئىسلاھاتتىكى بەشىنچى چوڭ مۇناسىۋەت — مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ مۇناسىۋىتى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان،

موقوق تۈۋەنگە چۈشۈرۈلۈپ، يەرلىكنىڭ ئاكتىپلىقى تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات كۈچلۈك ئىلگىرى سۈرۈلدى. لېكىن بەزى يېڭى زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرمۇ كۆرۈلدى. شۇڭا، يېڭى ۋەزىيەتتە مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇش فاڭجېنىدا تېخىمۇ ياخشى چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

11 ـ ماددىدا دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ مۇناسىۋىتى بايان قىلىنغان. دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش — دۆلەتنىڭ خەۋپسىزلىكى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تۈپ كاپالىتى.

12ـ ماددىدا ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇناسىۋىتى بايان قىلىنغان. بىزنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىمىز — ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش، شۇنىڭ بىلەن بىللە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا خەلقئارا مىقياستىكى تۈرلۈك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى قاتتىق سىناققا دۇچ كەلتۈرىدۇ. شۇڭا، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇشىمىز لازىم. ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇش بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بىرلىككە كەلگەن كۆرەش نىشانى قىلىپ ئىككى قولدا تۇتۇش. ئىككىلا قول قاتتىق بولۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم نىشانى ھەم ئىسلاھات. ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم كاپالىتى، ماددىي مەدەنىيەت بىلەن مەنىۋىي مەدەنىيەتنى ياخشى ئېلىپ بارغاندىلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم بارلىققا كېلىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئومۇمىيلاشتۇرۇشتىن شۇنى ئېنىق كۆرەلەيمىزكى، يولداش جياڭ زېمىننىڭ سۆزى ئېگىزدە تۇرۇپ، يىراققا نەزەر تاشلاپ، مۇرەككەپ زىددىيەتلىك مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىدە ئومۇمىيلىق خاراكتېرگە ئىگە 12 چوڭ مۇناسىۋەتنى ۋە بۇ مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، ئۇسۇلىنى شەرھىيلىگەن دىئالېكتىكىنىڭ نەمۇنىسى. بۇنىڭ ئىچىدە ئالدى بىلەن، «ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتى» ھەممىگە چېتىلىدىغان ئومۇمىيلىق بولۇپ، چوڭقۇر بايان قىلىنغان، ئاندىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تەرەققىياتتىكى تۆت چوڭ مۇناسىۋەت، ئىسلاھاتتىكى بەش چوڭ مۇناسىۋەت سىستېمىلىق بايان قىلىنغان، ئاخىرىدائىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ تۈپ كاپالىتى سۈپىتىدە ئىككى چوڭ مۇناسىۋەت بايان قىلىنغان. دېمەك، بۇ سۆزنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، قاتلىمى ئېنىق، مەنتىقىسى كۈچلۈك، نەزەرىيىۋىيلىكى، رېئاللىقى كۈچلۈك، تولۇپ تاشقان دىئالېكتىكىلىق ئىدىيىگە ئىگە. ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ دىئالېكتىكىسىنى تىرىشىپ ئىگىلىشىمىز لازىم.

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى مۇشكۈل ۋە شەرەپلىك ئىش. ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تونۇش (بىلىش) ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىدۇ، يەنە يېڭى زىددىيەت ۋە يېڭى مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن، شۇنداقلا ھەر قايسى تەرەپلەردىكى مۇناسىۋەتلەردىمۇ ئۆزگىرىش بولۇشى مۇمكىن شۇڭا، قوللىنىدىغان فاڭجىن، سىياسەتمۇ مۇقەررەر تەڭشەش بولۇپ تۇرىدۇ. بىز شەيئىلەرنىڭ باغلىنىشى، تەرەققىياتى توغرىسىدىكى پەن ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنى پۇختا ئىگىلەپ، ۋەزىيەتنى توغرا تونۇپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، يېڭىدىن ئوتتۇرىغا چىققان تۈرلۈك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى دىئالېكتىكا بويىچە ھەل قىلىپ ماڭىدىغانلا بولساق، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرەلەيمىز.

# كاپىتالىزمدىن پايدىلىنىپ سوتسىيالىزمنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ رېئال ئاساسى

تۇرسۇن توختى

سوتسىيالىزم ۋە كاپىتالىزىمدىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈزۈم خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە دۇنيا مىقياسىدا ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئىككى خىل تۈزۈم خاراكتېر جەھەتتە تۈپتىن ئوخشاش بولمىغان يەردە، نېمە ئۈچۈن كاپىتالىزمدىن پايدىلىنىپ سوتسىيالىزمنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تىلغا ئالىمىز. بۇنىڭدا ماركسىزم كلاسسىكلىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئىلمىي تەسەۋۋۇر ۋە ئەمەلىيەت سېلىشتۇرمىسىدىن باشقا، كاپىتالىزمدىن پايدىلىنىپ سوتسىيالىزمنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ تۆۋەندىكىدەك رېئال ئاساسى بار.

بىرىنچى، كاپىتالىزمدىن پايدىلىنىپ سوتسىيالىزمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇش تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن باسقۇچقا بارغاندا، دۆلەت ۋە مىللەت چېگرىسىنى مۇقەررەر بۆسۈپ تاشلاپ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى كۈچەيتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، دۇنيا بازىرى ۋە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى دۆلەت چېگرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ خەلقئارالاشتى. پۈتۈن دۇنيا بىكىنمە قالاق ھالەتتىن ئېچىۋېتىلگەن ئىلغار دۇنياغا ئايلاندى. بولۇپمۇ 3 قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خەلقئارالىشىشىنى تېزلەتتى. ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىساد ۋە تېخنىكا ئالاقىسىنى كۈچەيتتى. يېڭى تېخنىكا سانائىتى ۋە يېڭى مەھسۇلاتلار ھەر قايسى دۆلەتلەرگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى ۋە تېز تارقالدى. ئېچىۋېتىلگەن بۈگۈنكى دۇنيادا مەيلى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بولسۇن، مەيلى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بولسۇن، خەلقئارا بازارغا كىرىش، ئىجتىمائىي ئەمگەكنى تېجەش ۋە ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىش لازىم. تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشتىن ئىبارەت. مەسىلەن: ياپونىيە 1950 ـ يىلىدىن 1970 ـ يىلىغىچە يىگىرمە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى ئىگىلەپ، دۇنيادىكى ئىقتىسادى كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئېچىۋېتىلگەن بۈگۈنكى دۇنيادا ھەر قانداق بىر دۆلەت خەلقئارا ھەمكارلىقتىن پايدىلانماي، ئىشىكنى ئېتىۋالسا، بۈگۈنكى زامانىۋى جەمئىيەت ئېھتىياجلىق بولغان ھەر قانداق ماددىي ۋە مەنىۋى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرالمايدۇ. ھەر قانداق بىر دۆلەت دۇنيا ئىقتىسادىي سىستېمىسىدىن ئايرىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىنى شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلدۇرالمايدۇ. شۇڭا بىز بۇ ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتنى توغرا تونۇپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇشىمىز، خەلقئارا ئىش تەقسىماتى ۋە خەلقئارا ئىقتىسادى سىستېمىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئۈچ قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشتەك ھاياتى كۈچكە ئىگە بولدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن كاپىتالىزم دۇنياسى تېز تەرەققىي قىلىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. بىز ئىدىيىمىزنى ئازاد قىلىپ، بۇ ئوبيېكتىپ رېئاللىقنى ئىلمىي ھالدا توغرا تونۇپ، كاپىتالىزمدىن دادىللىق بىلەن پايدىلىنىپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم. قىسقىسى، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىي قىلمىغان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولغان ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ماددى ۋە تېخنىكا ئاساسى ناھايىتى ئاجىز. ئەگەر بىز كاپىتالىزمنىڭ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆگىنىشنى رەت قىلىپ، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ قۇرۇلۇش ئېلىپ بارساق ئۇنداقتا ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە توسالغۇ قىلغان بولىمىز.

ئىككىنچى، كاپىتالىزمدىن پايدىلىنىش سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ زۆرۈر شەرتى. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئەنئەنىۋى سانائەت ئىنقىلابىنى ئىلگىرى سۈرۈش

ۋە دۇنيانىڭ يېڭى تېخنىكا ئىنقىلابىغا يېتىشىۋېلىشتىن ئىبارەت قوش ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان. بۇ تارىخىي ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇش جەريانىدا بىز نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىمىز. مەسىلەن: قۇرۇلۇش مەبلىغى يېتىشمەسلىك، تېخنىكىنىڭ قالاقلىقى، زامانىۋىلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەيدىغان ئىگىلىك باشقۇرۇش بىلىملىرى ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ كەمچىل بولۇشى قاتارلىقلار. بۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلمىغاندا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. بۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان بىر مۇھىم شەرت ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش يەنى ئاساسلىقى تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىلغار ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى ۋە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىش شۇنداقلا چەتنىڭ مەبلىغى، تېخنىكىسى ۋە تالانتلىرىدىن پايدىلىنىشتىن ئىبارەت. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن ئېلىمىزنىڭ ئەمەلىي ئىقتىسادىي كۈچىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەت كاپىتالىزمدىن پايدىلىنىپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق، بىز بۇ پايدىلىق تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

ئۈچىنچى، كاپىتالىزمدىن پايدىلىنىپ سوتسىيالىزمنى تەرەققىي قىلدۇرۇش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى تەلىپى. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشىغا ئەگىشىپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىساد دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ بىر مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. سوتسىيالىستىك ئىگىلىكتە يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇش كېرەكمۇ ياكى بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇش كېرەكمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۇزۇندىن بېرى ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلە ئىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزمنىڭ ئاساسى قائىدىلىرىنى ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىلا يولغا قويۇشقا بولىدۇ دەيدىغان ئەنئەنىۋى كۆز قاراشنى بۇزۇپ تاشلاپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ: «پىلاننىڭ كۆپرەك بولۇشى ياكى بازارنىڭ كۆپرەك بولۇشى سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى ئەمەس، پىلانلىق ئىگىلىك سوتسىيالىزمغا باراۋەر ئەمەس، كاپىتالىزمدىمۇ پىلان بولىدۇ. بازار ئىگىلىكى كاپىتالىزمغا باراۋەر ئەمەس سوتسىيالىزمدىمۇ بازار بولىدۇ، پىلانمۇ بازارمۇ ئىقتىسادىي ۋاسىتە» دەپ كۆرسەتتى («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3 ـ توم 777 ـ بەت) بۇنىڭ بىلەن پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتىدا: ئېلىمىز ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ نىشانى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بىر خىل يېڭى تىپتىكى بازار ئىگىلىكى بولۇپ، كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىدىن پەرقلىنىدۇ. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بازار ئىگىلىكىدىن ئىبارەت ئورتاقلىققا ئىگە بولغاچقا، كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكى بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، ئۆز ـ ئارا بىرلىككە ئىگە. دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىساد، تېخنىكا ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش ھەم كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى ھەم سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى تەلىپى.

بازار ئىگىلىكى بىر خىل ئېچىۋېتىلگەن ئىگىلىك بولۇپ، تەبىئىي ئىگىلىكتىن روشەن ھالدا پەرقلىنىدۇ. ئۇ بازارنىڭ ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشى ۋە ئېچىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. زامانىۋى بازار ئىگىلىكى دۆلەت ئىچىدە ئېچىۋېتىلگەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، دۆلەت سىرتىغىمۇ ئېچىۋېتىلگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بىر دۆلەت بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېچىۋېتىلىش دەرىجىسى شۇ دۆلەت بازار ئىگىلىكىنىڭ پىشىپ يېتىلىش دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان تەبىئىي ئۆلچەمدۇر. ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى نەزەرىيىۋى بىلىملىرى ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىپ ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

بۈگۈنكى دۇنيادا، مەيلى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بولسۇن، مەيلى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بولسۇن، ئۇلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى، ئەمگەكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى، تېخنىكا سەۋىيىسى ئوخشاش بولمايدۇ. يەنى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە

www.uyghurkitap.com



ئۆزگىچە ئەۋزەللىكى ۋە يېتەرسىزلىكى بولىدۇ. بىز خەلقئارا ئىش تەقسىماتى ۋە ھەمكارلىققا ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەۋزەل سانائىتى ۋە مەھسۇلاتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز تەننەرخى ۋە باھاسى يۇقىرى بولغان خەلقئارا رىقابەتكە قاتنىشالمايدىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى توختۇتىشىمىز، ئېلىمىزدە كەمچىل بولغان بايلىق، خام ئەشيا، ماشىنا ئۈسكۈنە ۋە ئىلغار تېخنىكىنى ئىمپورت قىلىشىمىز، ئەۋزەل مەھسۇلات، خام ئەشيا بايلىق قاتارلىقلارنى ئېكسپورت قىلىشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئېلىمىزنىڭ بايلىق ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى، يېتەرسىزلىكلەرنى تۈگىتىپ، ئىجتىمائىي ئەمگەكنى تېجىگىلى، بايلىق ۋە مەبلەغنىڭ ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى، دۇنيانىڭ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئەۋزەللىكلىرىدىن تولۇق پايدىلانغىلى بولىدۇ.

رىقابەت بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم، ئەڭ تۈپ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى. رىقابەت بولمىسا بازار بولمايدۇ. بازار ئىگىلىكى رىقابەتكە تولغان ئىگىلىك بولۇپ، رىقابەت قانۇنىيىتى بازار ئىگىلىكىنىڭ تۈپ قانۇنىيىتىدۇر. چۈنكى، بازار رىقابىتى ئارقىلىقلا ئىجتىمائىي بايلىقنى بىردۆلەت ئىچىدە بىر دۆلەت بىلەن يەنە بىر دۆلەت ئوتتۇرىسىدا مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا سوتسىيالىستىك ئىگىلىك بىلەن كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى خېلى ئۇزۇن مەزگىلگىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى ۋە ئەمەلىي ئاساسى ئاجىز بولغاچقا، بۇ خىل كۈچ سېلىشتۇرمىدا ئەۋزەل ئورۇندا تۇرالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى رىقابىتى تۆۋەن سەۋىيىدىكى كىچىك دائىرىدىكى رىقابەت، نۇرغۇن تارماقلار ۋە ساھەلەردە يەنە نامۇۋاپىق رىقابەت مەۋجۇت. بۇ مەسىلىلەر سوتسىيالىستىك كارخانىلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى بوغىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايەن قىلىشقا ئېغىر تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئېلىمىز ئىقتىسادىنى دۇنيا ئىقتىسادى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، بارلىق كارخانىلاردا خەلقئارا سەۋىيىگە يۈزلىنىشتەك رىقابەت بېسىمى پەيدا قىلىپ، يۇقىرى سەۋىيىدىكى رىقابەتتە سوتسىيالىستىك كارخانىلارنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتىرىش، رىقابەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق پۈتكۈل سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تولۇپ - تاشقان ھاياتى كۈچكە، پۈتكۈل ئىجتىمائىي بايلىقنى ئۈنۈملۈك ئورۇنغا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.

بازار ئىگىلىكى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويىدىغان ئىگىلىك بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق ئادەم، ھەر قانداق كۈچ ۋە ھەر قانداق مەھسۇلاتنىڭ قىممەت قانۇنىيىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئالاھىدە ھوقۇقىنى ئېتراپ قىلمايدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا بىز باراۋەرلىكتە ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش روھىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان ھەر قايسى تەرەپلەردىكى ئىقتىسادىي ئالاقىنى ئاكتىپ كۈچەيتىشىمىز لازىم.

ئەلۋەتتە، بىز كاپىتالىزمدىن پايدىلىنىپ سوتسىيالىزمنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تەكىتلىگەندە، ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇلى، تېخنىكىسى، ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرى ۋە تالانتلىق خادىملىرىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ مەنۋىيىتىدىكى بىر قىسىم چاكىنا، قالاق نەرسىلەرنى ئىلغاپ تاشلىشىمىز، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش ئەنئەنىسىدە، سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.

دېمەك: ئېلىمىز يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. 40 نەچچە يىللىق قۇرۇلۇش ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى زور دەرىجىدە ئۆسكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىي ئىقتىسادىي كۈچى ئومۇمەن يەنىلا ئاجىز، مەبلەغ كەمچىل، پەن - تېخنىكا بىر قەدەر قالاق، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسى تۆۋەن. بۇ ئەھۋاللار ئېلىمىز بىلەن تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى زور پەرقنى پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئېلىمىز ئىقتىادىي تەرەققىياتىنىڭ كۆلىمى ۋە سۈرئىتىنىمۇ قاتتىق چەكلەۋاتىدۇ. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ پايدىسىز ئامىللارنى ۋە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەرقنى تۈگىتىش، ئېلىمىزنى زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كاپىتالىزمنىڭ بارلىق پايدىلىق نەرسىلىرىنى دادىللىق بىلەن ئۆگىنىشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشىمىز لازىم.

# بازار ۋە باھا

سەمەت خۇۋىر

باھا — بازار ئىگىلىكىدىكى نېگىزلىك بىر ئامىل. بازار ئىگىلىكىدە باھانىڭ ئاساسەن مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

## 1 - بازار بىلەن باھانىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى

مېنىڭ «بازار دېگەندە نەزەردە تۇتىدىغىنىم ھەم كاپىتالىستىك بازار بىلەن ئورتاقلىقتا ئىگە بولغان ھەم ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ئىگە بولغان بازاردىن ئىبارەت. ئورتاقلىق بازار سۇبيېكتىنىڭ نىسبىي مۇستەقىللىكى، بايلىقنى تەقسىملەشتە ئاساسلىق رول ئوينايدىغانلىقى، ماكرو جەھەتتە تەڭشىلىدىغانلىقى، مۇكەممەل قانۇن، نىزاملار بەرپا قىلىنىدىغانلىقى، خەلقئارا مىزانلارغا رىئايە قىلىدىغانلىقتىن ئىبارەت بەش تەرەپتە ئىپادىلەنسە، ئالاھىدىلىك سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈم بىلەن بىرلەشكەنلىكتە يەنە ئىقتىسادىي جەھەتتە پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان ۋە خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى بەرپا قىلغانلىقتا، ئىدىيە - مەدەنىيەت جەھەتتە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت چىڭ تۇتۇلغان، ئورتاق بېيىش مەقسەت قىلىنغانلىقتا ئىپادىلىنىدۇ.

«باھا» دېگەندە نەزەردە تۇتىدىغىنىم — قىممەتنى ئاساس قىلىدىغان بازاردا شەكىللىنىدىغان، پۇل بىلەن ئىپادىلىنىدىغان، بىر قاتار ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق ماكرو جەھەتتە ئاساسەن مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان باھادىن ئىبارەت.

بازار تار مەنىدىكى بازار ۋە كەڭ مەنىدىكى بازار دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. تار مەنىدىكى بازار — مۇئەييەن شەكىلگە ئىگە بولغان تاۋار ئالماشتۇرۇش سورۇنىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل بازاردا باھا ئاشكارا بولىدۇ، ئېلىپ ساتقۇچىلار مەلۇم سورۇندا سودا قىلىشىدۇ. كەڭ مەنىدىكى بازار — شەكىللىك بازارنى ۋە شەكىلسىز بازارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شەكىلسىز بازاردا مۇقىم سودا سورۇنى بولمايدۇ، ئېلىپ ساتقۇچىلار ئېلان ۋە بېدىكلەر ئارقىلىق ئۇچرىشىدۇ. بازار ئىگىلىكى تاۋار بازىرى، كاپىتال بازىرى ۋە ئەمگەك كۈچى بازىرى قاتارلىق ھەر خىل بازارلارنىڭ ئورگانىك بىر پۈتۈن سىستېمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تاۋار بازىرى، كاپىتال بازىرى ۋە ئەمگەك كۈچى بازىرى بازارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى، بازار سىستېمىسىنىڭ ئۈچ ئاساسىي تۈۋرۈكى ھېسابلىنىدۇ. بازار بىرلىككە كەلگەن، ئېچىۋېتىلگەن خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىچكى بازار، خەلق ئارا بازار بىلەن باغلانغان بولىدۇ. خەلقئارا سودا، خەلق ئارا مەبلەغ سېلىش خەلقئارا بازاردىكى ئەڭ ئاساسىي ئالاقىلىشىش شەكلى ھېسابلىنىدۇ. خەلقئارا بازار ئىچكى بازارنىڭ كېڭىيىشىدىن ئىبارەت. خەلقئارا تاۋار ئالماشتۇرۇش سورۇنلىرى گەرچە بىر دۆلەتتە بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ دۇنيادىكى تەلەپ - تەمىنلەش مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بازارنىڭ يەنە ئۆز ئارا پەرقلىنىدىغان ھەر خىل شەكىللىرى بولىدۇ مەيلى قايسى خىلدىكى بازاردا بولمىسۇن، باھا ئۇنىڭ نېگىزلىك ئامىلىغا ئايلانغان بولىدۇ. بازارنىڭ سۇبيېكتى، ئوبيېكتى بولىدۇ. بازارنىڭ سۇبيېكتى بازاردا سودا پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەشكىل ۋە شەخسلەردىن، بازارنىڭ ئوبيېكتى ھەر خىل تاۋار ۋە مۇلازىمەتلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. بازار سوبيېكتى تەشكىل قىلىدىغان كونكرېت تەرەپلەر بازار ئامىلىنى تەشكىل قىلغۇچى، ئىستېمالچى ھېسابلىنىدۇ.

بازاردا تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش پرىنسىپى ئىزچىللىشىش، سېتىلىدىغان تاۋار ۋە مۇلازىمەت مەلۇم قىممەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. سېتىۋالغۇچىنىڭ قولىدىكى پۇلمۇ مۇئەييەن تاۋارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان ئىجتىمائىي زور ئەمگەك ۋاقتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. باھاغا يەنە تەلەپ - تەمىنلەش مۇناسىۋىتىدىكى ئۆزگىرىش، تارقىتىلغان قەغەز پۇل مىقدارى، دۆلەتنىڭ باھا سىياستى

www.uyghurkitap.com



قاتارلىقلارمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بازار پائالىيىتىدە بىردە ئۆرلەپ بىردە تۆۋەنلەپ تۇرىدىغان ـ باھا داۋالغۇش ھادىسىسى يۈز بەرسىمۇ، ئەمما باھا قىممەتتىن مۇتلەق چەكلىنىپ كېتەلمەيدۇ. باھا — بازارغا، بازار سىستېمىسىنىڭ ھەممە مەزمۇنىغا، بازارنىڭ ھەممە شەكلىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بازارنىڭ مۇقىملىقىمۇ باھا بىلەن نامايەن بولىدۇ. شۇنداقلا بازارنىڭ مۇقىمسىزلىقى، پۇل پاخاللىقى، بازاردىكى داۋالغۇش ھادىسىسىمۇ يەنىلا باھا بىلەن باغلانغان بولىدۇ.

بازار بىلەن باھا ئۆز ئارا پەرقلىنىدىغان ئىككى ئۇقۇم. بازار ئىگىلىكىنىڭ يۈرۈشلەشكەن شەكلىدە بازار ۋە باھادىن ئىبارەت بۇ ئىككى ئىقتىسادىي ھادىسە ئۆز ئارا باغلانغان، ئۆز ئارا تەقەززا قىلىشىدۇ. باھا بازاردا شەكىللىنىدۇ. بازارنىڭ يۈرۈششى باھا بىلەن باغلىنىدۇ. بازاردىن ئايرىلغان باھا، باھادىن ئايرىلغان بازار بولمايدۇ. بازار بىلەن باھا تاۋار ئىگىلىكىنىڭ مەزجۇت بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.

## 2. باھادىكى ئۆزگىرىش مۇقەررەرلىك ئىلكىدە بولىدۇ

بۇنى باھانىڭ بازاردا تۇتقان ئورنى ۋە ئوينايدىغان رولى بەلگىلىگەن. باھا مۇقەررەرلىك بىلەن باغلانغان. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا رول ئوينايدىغان قىممەت قانۇنىيىتى، رىقابەت قانۇنىيىتى، تەلەپ ـ تەمىنلەش مۇناسىۋىتى قانۇنىيىتى ۋە پۇل مۇئامىلىسى قانۇنىيىتى قاتارلىق قانۇنىيەتلەرنىڭ مەزمۇنى ۋە رولى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا باھا ئامىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇڭلاشقا باھانىڭ بازاردا تۇتقان ئورنى ۋە ئوينىغان رولى ئۈستىدە توختالغاندا، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر قاتار ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشتا، ئۇلارنىڭ رولىدىن ئاڭلىق پايدىلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

① قىممەت قانۇنىيىتى. بۇ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئەڭ ئاساسىي قانۇنىيەت ھېسابلىنىدۇ. قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپى تاۋارنىڭ قىممىتى ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، تاۋار تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇلىدۇ دېگەندىن؛ ئۇنىڭ رولى: تېخنىكا يېڭىلاش، باشقۇرۇشنى ياخشىلاش، ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش؛ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ھەر قايسى تارماقلارغا مۇۋاپىق تەقسىم قىلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ ئىككى تەلىپى، ئۈچ رولى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۆت ھالقىسىدىكى تەڭشىگۈچلىكى باھانى، باھادىكى ئۆزگىرىشنى ئاساس قىلغان.

② رىقابەت قانۇنىيىتى. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئىشلەپچىقارغۇچىلار، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار، ئىستېمالچىلارنىڭ ئۆز ئىچىدە ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش جەھەتتە رىقابەت داۋاملىشىدۇ. بازار ئىگىلىكى ماھىيەت جەھەتتە بىر خىل رىقابەت تىپىدىكى ئىگىلىك. رىقابەت ـ رىقابەت قانۇنىيىتىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىدىن ئىبارەت. قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئوبوروتىنى تەڭشەش جەھەتتىكى رولى رىقابەت ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. تاۋار قىممىتىنىڭ بەلگىلىنىشى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، بايلىق ۋە ئەمگەكنىڭ ھەر قايسى تارماقلارغا تاقسىم قىلىنىشى رىقابات قانۇنىيىتىنىڭ رولى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. رىقابەت قانۇنىيىتىنىڭ قىممەت قانۇنىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە رىقابەت قانۇنىيىتىنىڭ رولى ۋە مەركەزلىك ھالدا ئايرىم ئەمگەكنى ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىدىن تۆۋەنلىتىش يۈزلىنىشى دەۋرى قىلغان ھالدا نامايەن بولىدۇ. ئىجتىمائىي زور ئەمگەك ۋاقتى ياكى ئايرىم ئەمگەك ۋاقتىدا يارىتىلغان قىممەت ۋە شۇ قىممەتتە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشمۇ، شۇنىڭغا ماس ھالدا يۈز بەرگەن باھا ۋە باھادىكى ئۆزگىرىش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. قىممەتتىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش يۇقىرى — پەن تېخنىكا، مەلىكىلىك ئەمگەك، ياخشى سۈپەت، ياخشى تاۋار، ياخشى مۇلازىمەت، ياخشى ئۈنۈم بولۇپ ئىپادىلىنىپ. باھادا ئەكس ئېتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش جەريانىدا مۇشۇنداق قىلالىغانلار بازاردىكى «غالىپ» لارغا مۇنداق بۇنداق قىلالمىغانلار بازاردىكى «مەغلۇپ» لارغا ئايلىنىدۇ. قانۇن مىزانلار ئارقىلىق ئادىل رىقابەتنىڭ قانات يېيىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش لازىم.

③ تەلەپ ـ تەمىنلەش مۇناسىۋىتى قانۇنىيىتى. تەلەپ بىلەن تەمىنلەش بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ئۆز ئارا باغلىنىپ، ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۈزلۈكسىز يوسۇندا داۋاملىشىپ بارىدىغان بىر ئاساسىي

مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇ تەلەپ ـ تەمىنلەش مۇناسىۋىتى قانۇنىيىتى تەرىپىدىن تىزگىنلىنىدۇ. تەلەپ ئىستېمالچىلارنىڭ تۆلەم ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ مۇئەييەن تاۋارنىڭ باھاسى. ئىستېمالچىلارنىڭ مەلۇم سەۋىيىدە سېتىۋالالايدىغان تاۋار مىقدارىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تەمىنلەش بولسا، تاۋار پائالىيىتىدىكى بىر ئاساسىي شارائىت، ئۇ تاۋار سانائەتچىنىڭ ياكى مۇلازىمەت قىلغۇچىنىڭ مەلۇم باھادا ساتماقچى بولغان مۇئەييەن تاۋار مىقدارىنى كۆرسىتىدۇ. تەلەپ ـ تەمىنلەش مۇناسىۋىتىنىڭ قانۇنىيەتلىك ھالدا بازار ئىگىلىكىگە قارىتا تەسىر كۆرسىتىشى ھەرگىز تاسادىپىي ئەمەس. تەلەپ ـ تەمىنلەشنىڭ ھەر قايسىسى ئۆزىگە خاس مەزمۇنغا ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە. شۇنىڭدەك تەلەپ بىلەن تەمىنلەش بىر ئورگانىك سىستېما سۈپىتىدە قىممەت قانۇنىيىتىگە باغلانغان ھالدا بازار ئىگىلىكىگە قارىتا تەڭشىگۈچلۈك ۋە يېتەكلىگۈچلۈك رول ئوينايدۇ. باھادىكى ئۆزگىرىش بۇ قانۇنىيەتنىڭ رولىنى نامايەن قىلىدىغان سىزىمچان تېمپېراتۇرا. تەلەپنىڭ ئازىيىشى تۈپەيلىدىن باھا تۆۋەنلەيدۇ. بايلىق ۋە ئەمگەك بۇ ساھەدىن يۆتكىلىدۇ. ئەكسىچە تەلەپ ئاشسا، باھا يۇقىرىلاپ، بايلىق باشقا تارماقتىن بۇ تارماققا يۆتكىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال تەلەپ بىلەن تەمىنلەش تەڭپۇڭلاشقانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. بازاردىكى تەلەپ بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقتىن تەڭپۇڭلۇققا، تەڭپۇڭلۇقتىن تەڭپۇڭسىزلىققا، يەنە تەڭپۇڭسىزلىقتىن تەڭپۇڭلۇققا قاراپ داۋاملىشىدىغان ھەرىكەت توختاۋسىز دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ.

تەلەپكە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاساسىي ئامىل بەش بولۇپ، ئۇ، تاۋارنىڭ لازىملىقى، ئىستېمالچىلارنىڭ كىرىمى، تاۋارنىڭ باھاسى، مۇناسىۋەتلىك تاۋارلارنىڭ باھاسى، تاۋارنىڭ مۆلچەر باھاسىدىن ئىبارەت. بۇ ئامىللار ئىستېمالچىلارنىڭ تاۋارغا بولغان ئېھتىياجى (تەلىپى) نىڭ ئېشىشىغا ياكى ئازىيىشىغا تەسىركۆرسىتىدۇ. ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە مۇلازىمەتچىلەر بازار ئۇچۇرىنى ئىگىلىگەندە تەلەپ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاشۇ بەش خىل ئامىلغا ئالاقىدار ئۇچۇرلارنى پۇختا ئىگىلىشى كېرەك، ئىستېمالچىلارنىڭ كىرىم سەۋىيىسىنى ھېسابقا ئېلىشى ئۇلارنىڭ كىرىم سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتىرىلىشىگە ھېسداشلىق قىلىشى، ئۆزىنىڭ مەردانىلىقى بىلەن مەدەت بېرىشى، ئەلنى نەزەردە تۇتۇشى لازىم. تەلەپ كونكرېت بولىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن ئۇنىڭ تاناسىپ بولىدۇ. تەمىنلەشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار — مەھسۇلاتنىڭ تەننەرقى، تاۋارنىڭ باھاسى، مۇناسىۋەتلىك تاۋارلارنىڭ باھاسى، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ باھاسى، ھۆكۈمەتنىڭ ئىجارە ۋە باج سىياسىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئىشلەپچىقارغۇچىلار تەمىنلىگەن، قوبۇل قىلالايدىغان تاۋار باھاسى تەمىنلەش باھاسى ھېسابلىنىدۇ. تەننەرخ تەمىنلەشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىل. تەننەرخ ئومۇمىي تەننەرخ (تۇراقلىق تەننەرخ ۋە تۇراقسىز تەننەرخ)، ئوتتۇرىچە تەننەرخ (بىرلىك مەھسۇلات تەننەرخى) دىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەننەرخ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى جەريانىدا سەرىپ قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ باھاسىدىن ئىبارەت. تەننەرخ ـ باھانىڭ شەكىللىنىشىگە نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە مۇلازىمەتچىلەر يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا، يۇقىرى ئۈنۈم، ئەلا سۈپەت تۆۋەن سەرپىيات، ئەڭ ياخشى مۇلازىمەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، سۈپىتى ياخشى ئۆزى كۆركەم، تەننەرخى تۆۋەن، باھاسى ئەرزان مەھسۇلاتلار ئارقىلىق ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش كېرەك. بۇنداق قىلىش سېتىۋېلىش ئىقتىدارى ئوخشاش بولمىغان ئىستېمالچىلارنىڭ تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىۋاتقان تىيانشان تېغىنىڭ شىمال ۋە جەنۇبىدىكى نامرات دېھقان ۋە چارۋىچىلارنىڭ، نامرات ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ، نامرات شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدۇ. شۇنداقلا ئىشلەپچىقارغۇچىلارمۇ روناق تاپىدۇ. تۆۋەن سەرپىيات بىلەن يۇقىرى پايدىغا ئېرىشەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە «ھە» دېگەندە يۇقىرى پايدىنى، قول ياتمەيدىغان شاپتۇلنى نىشان قىلىپ، ئىنتايىن تار دائىرىدىكى تەلەپ بىلەن بەنت بولۇپ قالماسلىق كېرەك.

باھا ـ تەلەپ بىلەن تەمىنلەش مۇناسىۋىتىدە ئوخشاش بولمىغان نەتىجىگە سەۋەب بولىدۇ. تەلەپ نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، تەننەرخى تۆۋەن (سۈپىتى ياخشى)، ئۆزى ياخشى، باھاسى ئەرزان تاۋارنىڭ خېرىدارى كۆپ بولىدۇ، ئەكسىنچە تەننەرخى يۇقىرى، باھاسى ئۈستۈن، سۈپىتى ناچار تاۋارنىڭ خېرىدارى

ئازىيىپ كېتىدۇ. تەمىنلەش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، سېتىلىدىغان تاۋارنىڭ سېتىلىش باھاسى يۇقىرى بولسا، تاۋار ۋە مۇلازىمەت كۆپىيىدۇ. ئەكسىنچە تاۋارنىڭ باھاسى تۆۋەنلەپ كەتسە، بۇ خىل تاۋار مۇلازىمەت ئازىيىپ كېتىدۇ. بازار دىكى تەلەپ بىلەن تەمىنلەش ئوتتۇرىسىدىكى پەرقىنىڭ قانچىلىك چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، باھانىڭ بەزىدە ئۆرلەپ، بەزىدە تۆۋەنلەپ كېتىشى تۇپەيلىدىن سېتىش بىلەن سېتىۋېلىش سان جەھەتتىن تەڭپۇڭلىشىپ، تەڭپۇڭ باھا شەكىللىنىدۇ، شۇنداق قىلىپ ئومۇمىي تەلەپ بىلەن ئومۇمىي تەمىنلەش مۇناسىۋىتى تەڭپۇڭلىشىدۇ. بۇ جەريان تەلەپ بىلەن تەمىنلەشنىڭ باھاغا تەسىر كۆرسىتىش جەريانىدۇر. چۈنكى ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە مۇلازىمەتچىلەر تەلەپ ـ تەمىنلەش مۇناسىۋىتىنىڭ باھاغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، تېخنىكا يېڭىلاش، باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتىرىش، ئەلا مۇلازىمەت ئارقىلىق بىرلىك مەھسۇلات قىممىتىنى تۆۋەنلىتىپ، يۇقىرى پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە نوقۇل يوسۇندا ئۆز تاۋىرىنىڭ ۋە مۇلازىمىتىنىڭ باھاسىنى ھەسسىلەپ ئۆرلىتىش ھېسابىغا ئىستېمالچىلار چۆنتىكىدىكى پۇلنى يۇلىۋالماقچى بولغانلار ھەرگىز ئۆز ئارزۇسىغا يېتەلمەيدۇ. ياغاچ قازان پەقەت بىر قېتىم قاينايدۇ. ئۆزىمۇ ئاخىر شاللىنىشقا مەھكۇم بولىدۇ.

④ پۇل مۇئامىلە قانۇنىيىتى. پۇل تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ راۋاجلانغانلىقىنىڭ مەھسۇلى. ئۇ، تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا تاۋار دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقىپ، ئومۇمىي قىممەتداشلىق رولىنى ئوينىغان ئالاھىدە بىر خىل تاۋار. تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ تاسادىپىي ئالماشتۇرۇش، دائىملىق ئالماشتۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلغان ئالماشتۇرۇش باسقۇچلىرىغا ماس ھالدا تاسادىپىي قىممەت شەكلى، كېڭەيتىلگەن قىممەت شەكلى، ئومۇمىي قىممەت شەكلى مەيدانغا كەلدى. تاۋا ئالماشتۇرۇشنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشىغا ماس ھالدا، ئاخىر پۇل شەكلى (قىممەتلىك مېتال) ۋۇجۇدقا كەلدى. پۇل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەھسۇلى، ئىجتىمائىي بايلىقنىڭ ۋەكىلى، پۇل قىممەت ئۆلچىمى بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ مۇقىم بىرلىكى بولۇش كېرەك. دۆلەت ئۇنىڭ ئالتۇن (كۈمۈش) بىرلىكىنى بەلگىلەيدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە بىر دوللارنىڭ قانۇنى ئالتۇن مىقدارى 35 تە بىر ئونسىيەردىن ئىبارەت بولدى

تاۋار ئوبوروتى پۇل ئوبوروتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، پۇل ئوبوروتى تاۋار ئوبوروتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. پۇلنىڭ قىممەت ئۆلچىمى بولۇش، مۇئامىلە ۋاستىسى بولۇش، ساقلاش ۋاستىسى بولۇش، تۆلەش ۋاستىسى بولۇش، «دۇنيا پۇلى بولۇشتىن ئىبارەت بەش خىل فونكتسىيىسى بار. قەغەز پۇل دۆلەت تەرىپىدىن تارقىتىلىدىغان، مەجبۇرىي ئىشلىتىلىدىغانقىممەت بەلگىسى. ئالتۇن دۇنيا پۇلى بولۇش فونكسىيىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. بۈگۈنكى دۇنيادا خەلقئارا پۇل مۇئامىلىسى خەلقئارا ئىقتىساتنىڭ مۇھىم بىر تەشكىلىي قىسمى. خەلقئارا پۇل تۈزۈمى 19 ـ ئەسىردە شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇ، خەلقئارا ئىقتىساد ۋە سودا تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. خەلقئاراپۇل تۈزۈمى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، خەلقئارا ئالتۇن بىرلىكى تۈزۈمى (ئەنگلىيە قوللانغان، ) ئالتۇن ئامېرىكا دوللىرى بىرلىكى تۈزۈمى (44 دۆلەتنىڭ ۋەكىلى بىلەن قۇرۇلغان) ، بۈگۈنكى كۈندە ئامېرىكا دوللىرىنى مەركەز قىلغان كۆپ خىل پۇل زاپىسى بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان قەغەز پۇل بىرلىكى تۈزۈمى بەرپا قىلىندى. دۆلىتىمىز ئىسلاھات جەريانىدا بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تاشقى پېرېۋوت بازىرىنى تەشكىل قىلدى. چېگرا سودىسىدا خەلق پۇلىنىڭ قىممىتىنى ھېسابلاپ، چېگرا سودا رايونىدا خەلق پۇلىنىڭ ئەركىن كىرىپ، چىقىشقا يول قويدى. خەلق پۇلى خەلقئارا پۇل مۇئامىلىسىدە ئەركىن ئالماشتۇرىلىدىغان پۇلغا ئايلىنىدۇ.

پۇل مۇئامىلىسىنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بار. قەغەز پۇل ئۆز قىممىتى بويىچە ئەمەس، ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان ئالتۇننىڭ قىممىتى بويىچە ھېسابلىنىدۇ. باھا قىممەتنىڭ پۇل ئىپادىسى. شۇنداقلا تاۋار قىممىتى بىلەن پۇل قىممىتىنىڭ نىسبەت قىممىتىدۇر. تاۋار باھاسىنىڭ ئۆزگىرىشى تاۋارنىڭ ئۆز قىممىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئوڭ تاناسىپ، پۇل قىممىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ. قەغەز پۇل مۇئامىلە قانۇنىيىتى مېتال پۇل مۇئامىلە قانۇنىيىتىنى ئاساس قىلىدۇ. مۇئامىلىدە تارقىتىلغان قەغەز

پۇلنىڭ مىقدارى، ئۇ، ئۆزى ۋەكىللىك قىلغان ئالتۇننىڭ مىقدارىغا باراۋەر بولۇش بىلەن چەكلىنىش كېرەك. تاۋار مۇئامىلىسى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان پۇل مىقدارى: بىرىنچىدىن سېتىلىدىغان تاۋارنىڭ مىقدارى، ئىككىنچى، ئۇنىڭ باھاسى، ئۈچىنچى، پۇل مۇئامىلە سۈرئىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. تاۋار مۇئامىلىسى ئۈچۈن تارقىتىلىدىغان پۇل مىقدارى ئالدىنقى ئىككى ئامىل ئۆز ئىچىگە ئالغان تاۋار ئومۇمىي باھا سوممىسىنىڭ پۇل مۇئامىلە سۈرئىتىگە بولغان بۆلۈنمىسىگە باراۋەر بولۇشى كېرەك. تاۋار مۇئامىلىسى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان پۇل مىقدارى تاۋارنىڭ ئومۇمىي سوممىسىغا ئوڭ تاناسىپ، پۇلنىڭ مۇئامىلە سۈرئىتىگە تەتۈر تاناسىپ بولۇش كېرەك. قەغەز پۇل مىقدارى تاۋار مۇئامىلىسىدە زۆرۈر بولغان مېتال پۇل مىقدارىدىن ئېشىپ كەتسە پۇل پاخاللىقى كېلىپ چىقىدۇ.

پۇل ئوبوروتى تاۋار ئوبوروتى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان پۇلنىڭ مۇستەقىل ھەرىكىتىدۇر. پۇل ئوبوروتى نەق پۇل ئارقىلىق ھېساب يېپىش ۋە غەيرى نەق پۇل ئارقىلىق ھېساب يېپىشتىن ئىبارەت ئىككى شەكىلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. نەق پۇل ئارقىلىق ھېساب يېپىش - نەق پۇل ئارقىلىق خىراجەت تۆلەشنى كۆرسىتىدۇ. غەيرى نەق پۇل ئارقىلىق ھېساب يېپىش بانكا ئارقىلىق ھېساباتات كۆچۈرۈش يولى بىلەن ھېساب نەق پۇل ئارقىلىق ھېساب يېپىشنى كۆرسىتىدۇ. غەيرى نەق پۇل ئارقىلىق ھېساب يېپىش تۈپەيلىدىن مۇئامىلىدىكى پۇلنىڭ مىقدارى ئازىيىدۇ. مۇئامىلىگە ئېھتىياجلىق بولغان پۇل مىقدارى قانۇنىيەتلىك يوسۇندا نەق پۇل بىلەن ئېلىپ، سېتىلىدىغان تاۋار باھاسى ئومۇمىي سوممىسىنىڭ بىرلىك پۇلنىڭ ئوبوروت سۈرئىتىگە بولغان بۆلۈنمىسىگە باراۋەر بولۇشى كېرەك. پۇل ئوبوروتى بانكا ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. دۆلەت بانكا ئارقىلىق مەلۇم يول بىلەن مۇئامىلىگە پۇل سېلىپ، يەنە مۇئەييەن يول بىلەن پۇلنى يىغىۋېلىپ، پۇل ئوبوروت مىقدارىنى تاۋار ئوبوروت مىقدارىنىڭ ئەسلى ئېھتىياجىغا ئويغۇنلاشتۇرىدۇ. ئەگەر مۇئامىلىدىكى پۇل ئاشۇ ئېھتىياجدىن ئېشىپ كەتسە، پۇل پاخاللىقى يۈز بېرىدۇ.

ئىناۋەتلىك قەرز - تاۋار - پۇل مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى، ئۇ، مەبلەغ ھەرىكىتىدىكى بىر خىل ئالاھىدە شەكىل، ئۇ قەرز ئېلىش - قەرز قايتۇرۇش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل ھەقلىق قىممەت شەكلى. ئىناۋەتلىك قەرز بانكا ئامانەت قەرزى ئارقىلىق ۋاقىتىنچە ئىشلىتىلمەيدىغان پۇل مەبلەغنى مەركەزلەشتۈرىدىغان ۋە قايتا تەقسىم قىلىدىغان پۇل مەبلەغ شەكلىدىن ئىبارەت. بۇ ئىش ئىككى خىل يول بىلەن ئورۇندىلىدۇ. بىرى مالىيە، بىرى - باج ۋە پايدا شەكلى بىلەن مەبلەغ توپلاپ، مالىيىدىن پۇل ئاجرىتىش شەكلى بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. يەنە بىرى بانكا ئىناۋەتلىك قەرزى - مالىيە ئاساسىي قۇرۇلۇش سېلىنمىسى قىلىپ ئاجرىتىلىدۇ. يەنە جەمئىيەتتە ۋاقىتىنچە ئىشلىتىلمەي قالغان پۇللارنى توپلاپ ئېھتىياجلىق ئورۇنلارنى تەمىنلەيدۇ. مەملىكەت كۆلىمىدە مەبلەغنى تەڭشەيدۇ. پۇل ئوبوروتىنى مۇۋاپىقلاشتۇرىدۇ، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ، يېزا ئىگىلىكىگە مەدەت بېرىدۇ. مەبلەغنىڭ دەۋرلىك ئايلىنىشى تېزلىتىدۇ، ئۆسۈمنى ئۆستۈرۈش ياكى تۆۋەنلىتىش يولى بىلەن ئۈنۈمنى ئاشۇرىدۇ. تاۋار ئوبوروتىدا ئېھتىياجلىق پۇل مىقدارىنى ئاشۇرۇشقا توغرا كەلسە، ئاشۇرىدۇ، ئازايتىشقا توغرا كەلسە، ئازايتىدۇ. ئاشۇنداق قىلىش ئارقىلىق، تەلەپ - تەمىنلەش مۇناسىۋىتى تەڭشىلىدۇ.

پۇل مۇئامىلىنىڭ نورمال بولۇشى — خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق نىسبەت مۇناسىۋەتلىرىنىڭ نورمال بولۇشىغا، بولۇپمۇ مالىيە كىرىم - چىقىمىنىڭ تەڭپۇڭ بولۇشىغا، ماددىي ئەشيا بىلەن ئېھتىياجنىڭ تەڭپۇڭ بولۇشىغا، ئىناۋەتلىك قەرزنىڭ تەڭپۇڭ بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا پۇل پاخاللىشىپ، پۇلنىڭ قىممىتى تۆۋەنلىشىپ، ئىجتىمائىي مۇقىمسىز كېلىپ چىقىدۇ. دېمەك، پۇل مۇئامىلە قانۇنىيىتىنىڭ رولى باھا ئارقىلىق نامايەن بولىدۇ.

بىزنىڭ بازاردا كۆرىدىغىنىمىز تاۋار، ئاڭلايدىغىنىمىز باھا. ئەمما باھانىڭ ئاساسى، باھانىڭ شەكىللىنىشى، باھادىكى ئۆزگىرىش، تەڭپۇڭ باھانىڭ شەكىللىنىشى، باھادىكى ئۆزگىرىش ئارقىلىق تەلەپ - تەمىنلەشنىڭ تەڭپۇڭ بولۇشى ئاشۇ بىر قاتار قانۇنىيەتلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولىدۇ. بازار پائالىيىتىگە قاتناشقان ھەر خىل ئورۇن ۋە شەخسلەر، ئۆز سالاھىيىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر

بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا رول ئوينايدىغان قانۇنىيەتلەرگە ھۆرمەت قىلىشى، بۇ قانۇنىيەتلەرنىڭ رولى بىلەن باغلانغان كونكرېت خۇسۇسىيەتلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى، ئۇنىڭدىن ئاڭلىق پايدىلىنىپ، بازارنىڭ تەرتىپلىك. نورمال راۋانلىشىشىغا، پۇل قىممىتىنىڭ ۋەباھانىڭ ئاساسەن مۇقىم بولۇشىغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، پۇلنى پاخاللاشتۇرىدىغان يوچۇقلارنى قەتئىي ئېتىش لازىم.

### 3. باھانىڭ رولى

قارىماققا باھا پۇل بىلەن تاۋارنىڭ ئالماشتۇرۇش باھاسىدەك كۆرۈنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، باھا ـ تاۋار قىممىتىنىڭ پۇل ئىپادىسى.

باھا بازار ئىگىلىكىدە ئۇچۇر يەتكۈزۈش، بايلىقنى تەقسىم قىلىش، پەن ـ تېخنىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىنى تۆۋەنلىتىشتەك كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، ئۇ، باھادىكى ئۆزگىرىش، باھانىڭ ئۆرلىشى ۋە چۈشۈشى بىلەن باغلانغان ھالدا ئورۇندىلىدۇ. بۇ خىل ئىقتىدار رىقابەت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. توڭلىتىلغان باھا باھانىڭ ئىقتىدارىنى يوققا چىقىرىدۇ. يامان سۈپەتلىك باھا ئۆرلىشى ۋە مونوپول باھا ـ باھانىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. باھادىكى ئۆزگىرىش قىممەتنى دەۋرى قىلىدۇ، ئاخىرى تەڭپۇڭ باھا شەكىللىنىدۇ، تەلەپ ـ تەمىنلەش تەڭشىلىدۇ. بۇ نورمال ئەھۋال.

ئەمما بازاردا مەلۇم تاۋارنىڭ باھاسى ئۆز قىممىتىدىن، سېلىشتۇرما باھادىن، باھا پەرقىدىن ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدىغان، ناچار، ساختا نەرسىلەر ئەلا سورتلۇق تاۋارلار بىلەن بىر قاتار قويۇلىدىغان يامان سۈپەتلىك باھا مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ، بىۋاسىتە مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى، پۇل پاخاللىقى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل يامان سۈپەتلىك باھا. بازارنىڭ پاسسىپ تەرەپلىرى بىلەن باغلانغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ، پۈتۈن بازار ئىگىلىكىگە، پۈتۈن جەمئىيەتكە پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. يامان سۈپەتلىك باھا — بازار ئىگىلىكىگە، پۈتۈن جەمئىيەتكە پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. يامان سۈپەتلىك باھا ـ بازار ئىگىلىكىگە، بازار ئىگىلىكىنىڭ بەش تەركىبىي قىسمىغا يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە ساختا ھۈنەر، ناچار مەھسۇلات، ناچار سۈپەت، ناچار ئۈنۈم، كاساتچىلىق، ماددىي بايلىق ۋە ئەمگەك كۈچلىرىنى نابۇت قىلىش، خەلقنىڭ جېنى ۋەتېنىنىنابۇت قىلىش قاتارلىقلارغا سەۋەب بولىدۇ. تەقسىمات جەھەتتە، قاقتى — سوقتى قىلىش يولى بىلەن بايلىقنى يۇتىۋالىدىغانلار كۆپىيىپ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. ئىستېمال جەھەتتە، ئىستېمال ۋەسىتىلىرى باھاسىنىڭ ئورۇنلىشىشى ئىش ھەققىنىڭ كۆپىيىش ھەجمىدىن ئېشىپ كېتىپ، ئەمەلىي ئىش ھەققى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، نامى ئىش ھەققى بىلەن ئەمەلىي ئىش ھەققى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق زورىيىپ كېتىدۇ. پاراۋانلىق جەھەتتە ـ ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنىڭ دائىرىسى ۋە سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئىگىلىكنى ماكرو جەھەتتە تىزگىنلەش ئاجىزلىشىپ قالىدۇ. بۇ خىل پاسسىپ، ناچار ئەھۋاللار ئومۇملىشىپ بازار پائالىيىتىنىڭ تەرتىپلىك، نورمال داۋاملىشىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ.

جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ھەر خىل سالاھىيەت بىلەن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىق يوسۇندا بازار سۇبيېكتىنى تەشكىل قىلىدىغان بولغاچقا، يامان سۈپەتلىك باھادىن شەكىللەنگەن پۇل پاخاللىقى ئوخشاش بىر كىشىنى ئوخشاش بولمىغان ئىككى نۇقتىدىن بىردەك زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. يامان سۈپەتلىك باھانى دەستەك قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان كىشىمۇ ھەر قانداق قىلىپ ئۆزىنى زىياندىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ. يامان سۈپەتلىك باھا جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇقىملىقىغا، جەمئىيەتنىڭ كەيپىياتىغا، پارتىيىنىڭ ئىستىلىغا ناچار تەسىر كۆرسىتىدۇ. بازار سۇبيېكتلىق سالاھىيىتى يوق كىشىلەر، قانۇنسىز ئۇنسۇرلار ۋە قانۇنسىز يول بىلەن پۇلغا ئېرىشىۋالغانلارنىڭ قالايمىقانچىلىقلىرى ئەۋج ئالىدۇ. جىنايى قىلمىشلارنىڭ خەۋپى ئېشىپ كېتىدۇ. يالغان پۇل كۆپىيىدۇ. ئەخلاق جەھەتتىكى چۈشكۈنلۈك جەمئىيەتتە يامراپ كېتىدۇ. پاسىق نىجىسلار قايتىدىن باش كۆتۈرىدۇ. بازار ئىگىلىكىنىڭ پاسسىپ تەرەپلىرى ۋە ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس سەۋەبلىرى بولغاندىن سىرت ئۇنىڭغا تۈرتكە بولىدىغان، كۆك چىراق يېقىپ بېرىدىغان يەنە بىر ئومۇمىي سەۋەبى بار. ئۇ، بولسىمۇ يامان سۈپەتلىك باھا. پۈتۈن جەمئىيەت بىردەك



تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يامان سۈپەتلىك باھانى بىخ ھالىتىدە توساپ، نورمال باھانىڭ بازار ئىگىلىكىدىكى ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىشى لازىم.

### 4. باھا ۋە غەرپنىڭ ماكرو جەھەتتىكى تىزگىنلىشى

بازاردا دەۋرلىك ھالدا داۋالغۇش يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بازاردا كۆرۈلىدىغان ئامالسىزلىق، بازار ئىقتىدارىدىكى كەمتۈكلۈك، بازاردىكى ناتوغرا رىقابەت، تەقسىماتتىكى ئادالەتسىزلىك تۈپەيلىدىن ماكرو جەھەتتىكى تىزگىنلەش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى بازار ئىگىلىكى پۈتۈنلەي ئەركىن بولغان، تىزگىنلەنمەيدىغان ئىگىلىك ئەمەس. ئۇ، ماكرو جەھەتتىن تىزگىنلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. كاپىتالىزم، دۇنياسىدىكى بازار ئىگىلىكىنىڭ جامائەتچىلىك ئېتىراپ قىلغان ئۈچ ئاساسىي ئەندىزىسى بار: بىرىنچىسى ئەركىنلەشكەن بازار ئىگىلىكى، بۇ، ئىستېمالچىلار ئارقىلىق يېتەكلىنىدىغان ئامېرىكىنىڭ بازار ئىگىلىك ئەندىزىسى؛ ئىككىنچىسى، مەمۇرىي باشقۇرۇش بىلەن يېتەكلىنىدىغان. فرانسىيە ۋەياپونىيە بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەندىزىسى؛ ئۈچىنچىسى، ئىجتىمائىي بازار ئىگىلىكى دېگەندىن ئىبارەت گېرمانىيە ۋە شىمالىي ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ بازار ئىگىلىك ئەندىزىسى؛ بۇ ئۈچ خىل بازار ئىگىلىك ئەندىزىسى ئۆز ئارا پەرقلەنسىمۇ، تىزگىنلەشنىڭ دائىرىسى، دەرىجىسى، ۋاسىتىسى جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بىردەك بازار ئىگىلىكىنى ماكرو جەھەتتە تىزگىنلىگەن، پۇلنىڭ قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى، پۇل پاخاللىقىغا قارشى تۇرۇشنى ماكرو جەھەتتىكى تىزگىنلەشنىڭ مۇھىم نىشانلىرىدىن بىرى قىلىپ بەلگىلىگەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ خىل ئەندىزىدە دۆلەتنىڭ ماكرو جەھەتتىكى رولى ئوخشاش ئەمەس. ئامېرىكىدا دۆلەتنىڭ ماكرو جەھەتتىكى تەڭشىشى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. گېرمانىيىدە بولسا، مەخسۇس ئورگانلار، ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن مىزانلار ئارقىلىق ماكرو جەھەتتىكى تىزگىنلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. گېرمانىيە ۋە ياپونىيىدە بىردەك ناتوغرارىقابەتكە قارشى تۇرىدۇ. ئۇلار پىلان، مالىيە سىياسىتى، پۇل سىياسىتى، كەسپىي سىياسەت، قانۇن، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش، ھۆكۈمەت شىركەتلەرگە پاي قوشۇش قاتارلىق چارىلار ئارقىلىق بازار ئىگىلىكىنى ماكرو جەھەتتىن تىزگىنلەيدۇ. ماكرو جەھەتتىكى تىزگىنلەشنىڭ مۇھىم نىشانى — ئومۇمىي مىقدارنى تەڭپۇڭ قىلىش، باھانى مۇقىم قىلىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش شارائىتىنى يارىتىشتىن ئىبارەت. پۇلنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، باھانى مۇقىم قىلىش ماكرو جەھەتتە تىزگىنلەش ئارقىلىق يېتىدىغان نىشاننىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلىنغان.

### 5. باھانىڭ ئاساسەن مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش

سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى بازار ئىگىلىكى ماكرو جەھەتتىن تىزگىنلىنىدىغان ئىگىلىك، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى باھا ماكرو جەھەتتە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىلىپ، مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدىغان باھادىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىمۇ بازارنىڭ ئاجىزلىق ۋە پاسسىپلىق تەرەپلىرىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا بازارمۇ، باھامۇ ماكرو جەھەتتىكى تىزگىنلەشكە مۇھتاج. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى تىزگىنلەش ئورتاقلىقىنىمۇ، خاسلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئورتاقلىق — ئورتاق ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرنىڭ تەلىپىنى، خاسلىق ـ خاس ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئورتاق ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەر بازار پائالىيىتىنىڭ قانۇنىيەتلىك يوسۇندا داۋاملىشىشى تەلەپ قىلىدۇ. پۈتۈن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە باشتىن ـ ئاخىر رول ئوينايدىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى چوقۇم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولۇش قانۇنىيىتى ھەمدە ئۇستقۇرۇلما چوقۇم ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولۇش قانۇنىيىتى ـ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشنى، ئۇستقۇرۇلمىنى ئىقتىسادىي بازىسقا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى، فېئودالىزملىق ۋە كاپىتالىزملىق چىرىك ئىدىيىلەرگە قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ

بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا رول ئوينايدىغان قانۇنىيەتلەرگە ھۆرمەت قىلىشى، بۇ قانۇنىيەتلەرنىڭ رولى بىلەن باغلانغان كونكرېت خۇسۇسىيەتلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى، ئۇنىڭدىن ئاڭلىق پايدىلىنىپ، بازارنىڭ تەرتىپلىك. نورمال راۋاجلىنىشىغا، پۇل قىممىتىنىڭ ۋەباھانىڭ ئاساسەن مۇقىم بولۇشىغا تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، پۇلنى پاخاللاشتۇرىدىغان يوچۇقلارنى قەتئىي ئېتىش لازىم.

### 3. باھانىڭ رولى

قارىماققا باھا پۇل بىلەن تاۋارنىڭ ئالماشتۇرۇش باھاسىدەك كۆرىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، باھا - تاۋار قىممىتىنىڭ پۇل ئىپادىسى.

باھا بازار ئىگىلىكىدە ئۇچۇر يەتكۈزۈش، بايلىقنى تەقسىم قىلىش، پەن - تېخنىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىنى تۆۋەنلىتىشتەك كۆپ خىل ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپ، ئۇ، باھادىكى ئۆزگىرىش، باھانىڭ ئۆرلىشى ۋە چۈشۈشى بىلەن باغلانغان ھالدا ئورۇندىلىدۇ. بۇ خىل ئىقتىدار رىقابەت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشىدۇ. توڭلىتىلغان باھا باھانىڭ ئىقتىدارىنى يوققا چىقىرىدۇ. يامان سۈپەتلىك باھا ئۆرلىشى ۋە مونوپول باھا - باھانىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. باھادىكى ئۆزگىرىش قىممەتنى دەۋرى قىلىدۇ، ئاخىرى تەڭپۇل باھا شەكىللىنىدۇ، تەلەپ - تەمىنلەش تەڭشىلىدۇ. بۇ نورمال ئەھۋال.

ئەمما بازاردا مەلۇم تاۋارنىڭ باھاسى ئۆز قىممىتىدىن، سېلىشتۇرما باھادىن، باھا پەرقىدىن ئاسمان - زېمىن پەرقلىنىدىغان، ناچار، ساختا نەرسىلەر ئەلا سورتلۇق تاۋارلار بىلەن بىر قاتار قويۇلىدىغان يامان سۈپەتلىك باھا مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ، بىۋاستە مال باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى، پۇل پاخاللىقى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل يامان سۈپەتلىك باھا، بازارنىڭ پاسسىپ تەرەپلىرى بىلەن باغلانغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇ، پۈتۈن بازار ئىگىلىكىگە، پۈتۈن جەمئىيەتكە پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. يامان سۈپەتلىك باھا — بازار ئىگىلىكىگە، پۈتۈن جەمئىيەتكە پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. يامان سۈپەتلىك باھا - بازار ئىگىلىكىگە، بازار ئىگىلىكىنىڭ بەش تەركىبىي قىسمىغا يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە ساختا ھۈنەر، ناچار مەھسۇلات، ناچار سۈپەت، ناچار ئۈنۈم، كاساتچىلىق، ماددىي بايلىق ۋە ئەمگەك كۈچلىرىنى نابۇت قىلىش، خەلقنىڭ جېنى ۋەتېنىنىنابۇت قىلىش قاتارلىقلارغا سەۋەب بولىدۇ. تەقسىمات جەھەتتە، قاقتى — سوقتى قىلىش يولى بىلەن بايلىقنى يۇتىۋالىدىغانلار كۆپىيىپ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. ئىستېمال جەھەتتە، ئىستېمال ۋېسىتىلىرى باھاسىنىڭ ئورۇنلىشىشى ئىش ھەققىنىڭ كۆپىيىش ھەجمىدىن ئېشىپ كېتىپ، ئەمەلىي ئىش ھەققى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، نامى ئىش ھەققى بىلەن ئەمەلىي ئىش ھەققى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق زورىيىپ كېتىدۇ. پاراۋانلىق جەھەتتە - ئىجتىمائىي پاراۋانلىقنىڭ دائىرىسى ۋە سەۋىيىسى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئىگىلىكنى ماكرو جەھەتتە تىزگىنلەش ئاجىزلىشىپ قالىدۇ. بۇ خىل پاسسىپ، ناچار ئەھۋاللار ئومۇملىشىپ بازار پائالىيىتىنىڭ تەرتىپلىك، نورمال داۋاملىشىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ. جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ھەر خىل سالاھىيەت بىلەن بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق يوسۇندا بازار سۇبيېكتىنى تەشكىل قىلىدىغان بولغاچقا، يامان سۈپەتلىك باھادىن شەكىللەنگەن پۇل پاخاللىقى ئوخشاش بىر كىشىنى ئوخشاش بولمىغان ئىككى نۇقتىدىن بىردەك زىيانغا ئۇچرىتىدۇ. يامان سۈپەتلىك باھانى دەستەك قىلىپ ئوتتۇرىغا چىققان كىشىمۇ ھەر قانداق قىلىپ ئۆزىنى زىياندىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ. يامان سۈپەتلىك باھا جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇقىملىقىغا، جەمئىيەتنىڭ كەيپىياتىغا، پارتىيىنىڭ ئىستىلىغا ناچار تەسىر كۆرسىتىدۇ. بازار سۇبيېكتلىق سالاھىيىتى يوق كىشىلەر، قانۇنسىز ئۇنسۇرلار ۋە قانۇنسىز يول بىلەن پۇلغا ئېرىشىۋالغانلارنىڭ قالايمىقانچىلىقلىرى ئەۋج ئالىدۇ. جىنايى قىلمىشلارنىڭ خەۋپى ئېشىپ كېتىدۇ. يالغان پۇل كۆپىيىدۇ. ئەخلاق جەھەتتىكى چۈشكۈنلۈك جەمئىيەتتە يامراپ كېتىدۇ. پاسىق نىجىسلار قايتىدىن باش كۆتۈرىدۇ. بازار ئىگىلىكىنىڭ پاسسىپ تەرەپلىرى ۋە ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس سەۋەبلىرى بولغاندىن سىرت ئۇنىڭغا تۈرتكە بولىدىغان، كۆك چىراق يېقىپ بېرىدىغان يەنە بىر ئومۇمىي سەۋەبى بار. ئۇ، بولسىمۇ يامان سۈپەتلىك باھا. پۈتۈن جەمئىيەت بىردەك



تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، يامان سۈپەتلىك باھانى بىخ ھالىتىدە توساپ، نورمال باھانىڭ بازار ئىگىلىكىدىكى ئاكتىپ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلىتىشى لازىم.

### 4. باھا ۋە غەرپنىڭ ماكرو جەھەتتىكى تىزگىنلىنىشى

بازاردا دەۋرلىك ھالدا داۋالغۇش يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بازاردا كۆرۈلىدىغان ئامالسىزلىق، بازار ئىقتىدارىدىكى كەمتۈكلۈك، بازاردىكى ناتوغرا رىقابەت، تەقسىماتتىكى ئادالەتسىزلىك تۈپەيلىدىن ماكرو جەھەتتىكى تىزگىنلەش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغان. كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى بازار ئىگىلىكى پۈتۈنلەي ئەركىن بولغان، تىزگىنلەنمەيدىغان ئىگىلىك ئەمەس. ئۇ، ماكرو جەھەتتىن تىزگىنلىنىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى بۇ نۇقتىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر قىلغان. كاپىتالىزم، دۇنياسىدىكى بازار ئىگىلىكىنىڭ جامائەتچىلىك ئېتىراپ قىلغان ئۈچ ئاساسىي ئەندىزىسى بار: بىرىنچىسى ئەركىنلەشكەن بازار ئىگىلىكى، بۇ، ئىستېمالچىلار ئارقىلىق يېتەكلىنىدىغان ئامېرىكىنىڭ بازار ئىگىلىك ئەندىزىسى؛ ئىككىنچىسى، مەمۇرىي باشقۇرۇش بىلەن يېتەكلىنىدىغان. فرانسىيە ۋەياپونىيە بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەندىزىسى؛ ئۈچىنچىسى، ئىجتىمائىي بازار ئىگىلىكى دېگەندىن ئىبارەت گېرمانىيە ۋە شىمالىي ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ بازار ئىگىلىك ئەندىزىسى؛ بۇ ئۈچ خىل بازار ئىگىلىك ئەندىزىسى ئۆز ئارا پەرقلەنسىمۇ، تىزگىنلەشنىڭ دائىرىسى، دەرىجىسى، ۋاستىسى جەھەتتە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار بىردەك بازار ئىگىلىكىنى ماكرو جەھەتتە تىزگىنلىگەن، پۇلنىڭ قىممىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى، پۇل پاخاللىقىغا قارشى تۇرۇشنى ماكرو جەھەتتىكى تىزگىنلەشنىڭ مۇھىم نىشانلىرىدىن بىرى قىلىپ بەلگىلىگەن. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئۈچ خىل ئەندىزىدە دۆلەتنىڭ ماكرو جەھەتتىكى رولى ئوخشاش ئەمەس. ئامېرىكىدا دۆلەتنىڭ ماكرو جەھەتتىكى تەڭشىشى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. گېرمانىيىدە بولسا، مەخسۇس ئورگانلار، ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن مىزانلار ئارقىلىق ماكرو جەھەتتىكى تىزگىنلەشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. گېرمانىيە ۋە ياپونىيىدە بىردەك ناتوغرارىقابەتكە قارشى تۇرىدۇ. ئۇلار پىلان، مالىيە سىياسىتى، پۇل سىياسىتى، كەسپىي سىياسەت، قانۇن، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرىغا قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىش، ھۆكۈمەت شىركەتلەرگە پاي قوشۇش قاتارلىق چارىلار ئارقىلىق بازار ئىگىلىكىنى ماكرو جەھەتتىن تىزگىنلەيدۇ. ماكرو جەھەتتىكى تىزگىنلەشنىڭ مۇھىم نىشانى — ئومۇمىي مىقدارنى تەڭپۇڭ قىلىش، باھانى مۇقىم قىلىش، ئىشقا ئورۇنلىشىش شارائىتىنى يارىتىشتىن ئىبارەت. پۇلنىڭ قىممىتىنى ساقلاش، باھانى مۇقىم قىلىش ماكرو جەھەتتە تىزگىنلەش ئارقىلىق يېتىدىغان نىشاننىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلىنغان.

### 5. باھانىڭ ئاساسەن مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش

سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى بازار ئىگىلىكى ماكرو جەھەتتىن تىزگىنلىنىدىغان ئىگىلىك، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدىكى باھا ماكرو جەھەتتە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىلىپ، مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدىغان باھادىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىمۇ بازارنىڭ ئاجىزلىق ۋە پاسسىپلىق تەرەپلىرىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا بازارمۇ، باھامۇ ماكرو جەھەتتىكى تىزگىنلەشكە مۇھتاج. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى تىزگىنلەش ئورتاقلىقىنىمۇ، خاسلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئورتاقلىق — ئورتاق ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرنىڭ تەلىپىنى، خاسلىق - خاس ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرنىڭ تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئورتاق ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەر بازار پائالىيىتىنىڭ قانۇنىيەتلىك يوسۇندا داۋاملىشىشى تەلەپ قىلىدۇ. پۈتۈن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە باشتىن - ئاخىر رول ئوينايدىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى چوقۇم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولۇش قانۇنىيىتى ھەمدە ئۇستقۇرۇلما چوقۇم ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولۇش قانۇنىيىتى - سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشنى، ئۇستقۇرۇلمىنى ئىقتىسادىي بازىسقا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى، فېئوداللىزملىق ۋە كاپىتالىزملىق چىرىك ئىدىيىلەرگە قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ تۈپ ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەقسىتى ۋە ۋاسىتىسىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بولۇپ، ئۇ، كىشىلەرنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى، ئىلغار پەن - تېخنىكىنى قوللىنىپ ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىنىدۇ. ماكرو جەھەتتە تەڭشەش تەنقىقاتى ۋە ئەمەلىيىتى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرگە ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ماكرو جەھەتتىكى تەڭشەش ئۇنى تەشكىل قىلغان كۆپ قاتلاملىق تەڭشەش سىستېمىسى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. ئۇ ماكرو جەھەتتىكى تەڭشەشنىڭ مەزمۇنى، نىشانى، فۇنكتسىيىسى، شۇنىڭدەك ماكرو جەھەتتە تەڭشەشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئىقتىسادىي قانۇن، مەمۇرىي ۋاسىتىلەر ۋە باشقا بىر قاتار تەدبىرلەردىن تەشكىل تاپىدۇ. ماكرو جەھەتتە تەڭشەشنىڭ مۇھىم نىشاندىن بىرى ئومۇمىي مىقدار تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش، پۇل قىممىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش، باھا ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ ئاساسەن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش، خەلقئارا كىرىم - چىقىم تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشتىن، ئىقتىسادنى داۋاملىق، مۇقىم، ماس ھالدا ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. يىغىپ ئېيتقاندا، ماكرو جەھەتتىكى تەڭشەش — ئىجتىمائىي ئومۇمىي تەلەپ بىلەن ئىجتىمائىي ئومۇمىي تەمىنلەشنىڭ تەڭپۇڭ بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، مالىيە كىرىم - چىقىم تەڭپۇڭلۇقى، ئىناۋەتلىك قەرز كىرىم - چىقىم تەڭپۇڭلۇقى، تاشقى پېرېۋوت كىرىم - چىقىم تەڭپۇڭلۇقى، ماددىي ئەشيا تەڭپۇڭلۇقىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالدىنقى ئۈچى بولسا، پۇل مەبلىغىنىڭ ھەرىكەت شەكلىدىن ئىبارەت. مال باھاسى ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ ئاساسەن مۇقىم بولۇشى، پۇل قىممىتىنىڭ مۇقىم بولۇشى ماكرو جەھەتتە تەڭشەشنىڭ مۇھىم نىشانلىرىدىن بىرى. ئومۇمىي مىقدار جەھەتتىكى تەڭپۇڭسىزلىق مەركەزلىك ھالدا پۇل پاخاللىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پۇلنىڭ قىممىتىگە، مال باھاسى ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ ئاساسەن مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ماكرو جەھەتتىكى تەڭشەش نىشانىدا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ قاتلاملىق تەڭشەش ۋاسىتىسى ۋە تەدبىرلىرىنى ئۆز ئارا ماسلاشتۇرۇپ، ئومۇملاشتۇرۇپ قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

① ئىقتىسادىي ۋاسىتە — ئىقتىسادىي سىياسەت، ئىقتىسادىي قانۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىقتىسادىي ۋاسىتە ماكرولۇق تەڭشەش ۋە باشقۇرۇشنىڭ مۇھىم ئاساسى. ئىقتىسادىي سىياسەت، ئىقتىسادىي قانۇن، ئىقتىسادىي پىشاڭلار ئارقىلىق ئىقتىسادىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتى تەڭشىلىدۇ. ئىقتىسادىي سىياسەت - ئىقتىسادىي پىلان، مالىيە سىياسىتى، پۇل سىياسىتى، كىرىم تەقسىم قىلىش سىياسىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

ئىقتىسادىي پىلان (يېتەكچى خاراكتېرلىك) ماكرولۇق تەڭشەشنىڭ مۇھىم بىر تەدبىرى. ئىقتىسادىي ھەرىكەت مېخانىزمىنىڭ باش يېتەكچىسى، ئومۇمىي جەھەتتىن تەڭشەشنىڭ يادروسى. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي پىلانى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانى ھەر خىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. خامچوتتا كۆرۈلگەن قىزىل رەقەم جىددىي ھەل قىلىنىش لازىم.

مالىيە سىياسىتى، مالىيە كىرىم (مۇھىمى باج) ۋە مالىيە چىقىم سىياسىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دۆلەتنىڭ مەبلىغى مالىيە جەھەتتىكى باج، پايدا ۋە بانكا ئىناۋەتلىك قەرزدىن ئىبارەت ئىككى خىل يول بىلەن شەكىللىنىدۇ، تەقسىم قىلىنىدۇ، ئىقتىساد چېكىنگەن ۋە ئۆرلىگەن مەزگىلدە پەرقلىق يوسۇندا كېڭەيتىش خاراكتېرىنىڭ ۋە يىغىش خاراكتېرلىك مالىيە سىياسىتى يۈرگۈزۈلىدۇ. ئىقتىسادتا چېكىنىش يۈز بەرسە، كېڭەيتىش خاراكتېرلىك تەدبىر، ئىقتىساد ئۆرلىگەندە بولسا، يىغىش خاراكتېرلىك تەدبىر قوللىنىلىدۇ. كېيىنكىسىدە تەلەپ ئاشىدۇ، باھا ئۆرلەيدۇ، شۇڭا باج كۆپەيتىلىپ، كىرىم ئاشۇرۇلىدۇ، چىقىم ئازايتىلىدۇ. ئومۇمىي تەلەپ تىزگىنلىنىپ، تەلەپ بىلەن تەمىنلەش تەڭپۇڭلاشتۇرۇلىدۇ. شۇڭلاشقا مالىيە سىياسىتى «ئىچكى مۇقىملىغۇچ» دەپ ئاتىلىدۇ.

پۇل سىياسىتى — قانۇنىي زاپاس پۇل نىسبىتى، ئاشكارا بازار كەسپى، دىسكونتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۇل سىياسىتىنىڭ مەقسىتى پۇلنىڭ تەمىنلەش مىقدارى بىلەن ئۆسۈم نىسبىتىنى تەڭشەش ئارقىلىق تەلەپ بىلەن تەمىنلەشنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. قانۇنىي زاپاس پۇل

نىسبىتى مەركىزىي بانكىنىڭ ھەر مۇھىم سىياسەت تەدبىرى، مەركىزىي بانكا قانۇنىي زاپاس پۇل نىسبىتىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق پۇلنىڭ تەمىنلەش مىقدارىغا ۋە ئۆسۈم نىسبىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بانكىدا يارىتىلغان پۇل مىقدارى بىلەن قانۇنىي زاپاس پۇل نىسبىتى تەتۈر پىروپورتسىونال بولۇش لازىم. قانۇنىي زاپاس پۇل نىسبىتى يۇقىرى بولسا، بانكىدا ھاسىل قىلىنغان پۇل ئامانىتىنى ئازىيىدۇ. قانۇنىي زاپاس پۇل ئاز بولسا، بانكىدا ھاسىل قىلىنغان پۇل مىقدارى كۆپىيىدۇ. ئىقتىساد چېكىنگەن ۋە ئۆرلىگەن مەزگىلدە ۋە پەرقلىق يوسۇندا قانۇنىي زاپاس پۇل نىسبىتى ئازايتىلىدۇ ياكى قانۇنىي زاپاس پۇل نىسبىتى ئاشۇرۇلىدۇ. كېيىنكى تەدبىر ئارقىلىق ئۆسۈم ئۆستۈرۈلىدۇ، شۇنداق قىلىپ مۇئامىلىدىكى پۇل ئازايتىلىپ، ئومۇمىي تەلەپ تىزگىنلىنىدۇ. ئاشكارا بازار كەسپى. ھۆكۈمەت ئوخشىمىغان مەزگىللەر دەزايوم سېتىش ياكى سېتىۋېلىش سىياسىتىنى قوللىنىدۇ. ئىقتىسادتا چېكىنىش يۈز بەرگەندە زايومنى سېتىۋالىدۇ، ئىقتىساد ئۆرلىگەندە زايوم ساتىدۇ. بۇنداق قىلىش ئارقىلىق بازاردىكى پۇلنى يىغىۋالىدۇ، مەبلەغ سېلىش بىلەن تەلەپنى تىزگىنلەيدۇ. دىسكونت نىسبىتى. ھۆكۈمەت دىسكونت نىسبىتى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق پۇلنىڭ تەمىنلەش مىقدارى بىلەن ئۆسۈم نىسبىتىنى تەڭشەيدۇ. ئىقتىساد چېكىنگەن ۋە ئۆرلىگەن مەزگىللەردە پەرقلىق يوسۇندا دىسكونت نىسبىتى تۆۋەنلىتىدۇ ياكى ئاشۇرىدۇ. مەركىزىي بانكىنىڭ بۇ ئۈچ خىل پۇل سىياسىتى ئوخشىمىغان مەزگىللەردە ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلۈپ قوللىنىلىدۇ. ئومۇمىي تەلەپ تەمىنلەشتىن ئېشىپ كېتىپ پۇل پاخاللىقى يۈز بەرسە، ھۆكۈمەت يىغىۋېلىش تەدبىرىنى قوللىنىپ پۇلنىڭ تەمىنلەش مىقدارىنى ئازايتىپ، باھانىڭ ئاساسەن مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. مەركىزىي بانكا پۇل قىممىتىنىڭ مۇقىم بولۇشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىپ دۆلەتنىڭ پۇل سىياسىتىنى ۋە پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىنى كونترول قىلىپ خەلق ئىگىلىكىنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مەركىزىي بانكا تارقىتىش بانكىسى ياكى بانكىنىڭ بانكىسى. ئۇ، ھۆكۈمەتنىڭ پۇل مۇئامىلىسى جەھەتتىكى ۋەكىلى، ئۇ، پۇل سىياسىتىنى تۈزەپ پۇلنىڭ تەمىنلەش مىقدارى ۋە ئۆسۈم نىسبىتىنى تەڭشەش ئارقىلىق ئومۇمىي تەمىنلەش بىلەن ئومۇمىي تەلەپنىڭ تەڭپۇڭلۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

كىرىمنى تەقسىم قىلىش سىياسىتى. كىرىم پەرقى قوبۇل قىلالايدىغان پەرقتىن ئىبارەت. پەرق ئادىللىق ۋە ئۈنۈم ئارىسىدىن ئىزدىلىشى لازىم. ھالال ئەمگەك ۋە قانۇنغا ئۇيغۇن بولۇشى ئالدىنقى شەرت قىلىنىشى لازىم. ئۈنۈملۈك تەدبىر ۋە ئىجتىمائىي ياردەم بېرىش ئارقىلىق كىرىمى تۆۋەن نامراتلارغا ياردەم بېرىلىشى، باج ئارقىلىق يۇقىرى كىرىم تەڭشىلىشى، ھالال ئەمگەك ۋە قانۇنغا ئۇيغۇن كىرىم قوغدىلىشى، قانۇنغا خىلاپ ھارام كىرىم مۇسادىرە قىلىنىشى لازىم. دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئەڭ تۆۋەن قوغداش باھاسىنى بېكىتىش، دېھقانچىلىق بازارىنىڭ خېيىم-خەتەر فوندىنى تەشكىل قىلىش، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەخسۇس زاپاس سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىش، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنىڭ قوبۇل قىلىش ۋە چىقىرىش سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىش، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى تەلەپتىن ئېشىپ كەتكەندە دۆلەت قوبۇل قىلىش، مەھسۇلات تەلەپتىن ئازىيىپ كەتكەندە چىقىرىش تەدبىرىنى قوللىنىلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتى بىردەك قوغدىلىدۇ. شۇنداقلا باھانىڭ ئاساسەن مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

② قانۇنىي ۋاستە. ئاساسلىقى ئىقتىسادىي قانۇن تۇرغۇزۇش ۋە ئىجرا قىلىش، ئىقتىسادىي توختام تۈزۈش ئارقىلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر تەڭشىلىدۇ. قانۇن ـ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرگە، خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋە بازارنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن تۈزۈلۈشى لازىم. بازار سۇبيېكتى، باشقۇرغۇچىلار، ھۆكۈمەت بىردەك ئۆز پائالىيىتىنى قانۇن دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىشى كېرەك. قانۇن تۇرغۇزۇش، ئىجرا قىلىش ۋە قانۇنغا رىئايە قىلىشتىن ئىبارەت قانۇن تۈزۈمىنىڭ ئۈچ تەلىپىدە چىڭ تۇرۇش لازىم. قانۇن تۈزۈمىنىڭ رولى يېتەكلەش، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. بازار سۇبيېكتىنىڭ سالاھىيىتى، شارائىتى، پائالىيىتى، تاۋارنىڭ سۈپىتى، ماركىسى، بازار تەرتىپىگە رىئايە قىلىشى، ئىستېمالچىلارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى، شۇنىڭدەك ماكرو جەھەتتە تىزگىنلەشكە قاتنىشىدىغان تارماقلارنىڭ ئۆز فۇنكسىيىسىنى ئادا قىلىشى سىياسەت ۋە قانۇن

دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىشى ۋە قاتتىق نازارەت قىلىنىشى لازىم. قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلار سۈرۈشتە قىلىشنى ۋە جازالىنىشى لازىم.

③ مەمۇرىي ۋاستە. دۆلەتنىڭ بۇيرۇق، پەرمان، بەلگىلىمىلىرى ئارقىلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر تەڭشىلىدۇ. خەلقئارا بازاردا ئۆزگىرىش بولسا، دۆلەت پىرېۋوت نىسبىتى ۋە پىرېۋوت مىقدارىنى تىزگىنلەيدۇ. دۆلەت ئىچىدە مال باھاسى جىددىي ئۆرلەپ كەتسە، پايدا نىسبىتى ۋە مائاشىنى توڭلىتىدۇ. ئاشلىق، ماي قاتارلىق مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى جىددىي ئۆرلەپ كەتكەن مەزگىلدە، ھۆكۈمەت ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە باشقا تەدبىرلەرنى بىرلىكتە قوللىنىپ، مال باھاسىنى ئاساسەن مۇقىملىدى.

④ نازارەت سىستېمىسى. قانۇن، ھۆكۈمەت، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار، جامائەت پىكرى قاتارلىق كۆپ قاتلاملىق نازارەت سىستېمىسى ئارقىلىق بازارنى باشقۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا قارىتا نازارەت قىلىش كېرەك. ھۆكۈمەت ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇش ئورگانلىرى پەرمان، پىلان سىياسەت قاتارلىقلار ئارقىلىق تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەر قايسى ھالقىلىرىغا قارىتا نازارەت قىلىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نازارىتى ماكرولۇق باشقۇرۇشتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر تەرەپ. ھۆكۈمەتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نازارىتى مۇھىمى قانۇنىي ۋاستە، ئىقتىسادىي ۋاستە ۋە مەمۇرىي ۋاستە ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. قانۇنىي ۋاستە ئارقىلىق نازارەت قىلىش — قانۇنغا تايىنىپ، ئەدلىيە ئورگانلىرى ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. ئىقتىسادىي ۋاستە ئارقىلىق نازارەت قىلىش — ھۆكۈمەتنىڭ ھەر خىل ئىقتىسادىي فۇنكسىيىلىك ئورگانلىرى — مالىيە، بانكا، مۇپەتتىش قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئىقتىسادىي سىياسەت ۋە ھەر خىل ئىقتىسادىي نىزاملار ئارقىلىق نازارەت قىلىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەمۇرىي ۋاستە ئارقىلىق نازارەت قىلىش سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش، مال باھا باشقۇرۇش، سۈپەت نازارەت قىلىش ئورگانلىرى ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. سۈپەت ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلۇپ، جانلىق باھا پەرقى دائىرىسى، ئوتتۇرىچە باھا بەلگىلىنىشى، سېتىش ئۆلچەملىرى توغرا بولۇشى، ناچار، ساختا مەھسۇلاتلار، باھانى قالايمىقان ئۆستۈرۈش، سېتىش ئۆلچەملىرى ساختا بولۇشى، باھانى موناپول قىلىش ھادىسىلىرى قاتتىق چەكلىنىشى لازىم. ھۆكۈمەت نازارىتىدىن تاشقىرى، ئاممىنىڭ نازارىتىنى يەنى ئىجتىمائىي تەشكىلاتلار (ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كەسپداشلار جەمئىيىتى قاتارلىقلار) جامائەت پىكرى ۋە ئاممىنىڭ ئەرز ـ ھال ئېيتىشى ئارقىلىق سۈپەت، مۇلازىمەت، باھا نازارەت قىلىنىدۇ. بازارنىڭ ئىقتىسادىي تەرتىپى قانۇن ـ تۈزۈم، نازارەت سىستېمىسى، ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئاڭلىقلىقىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئامىل بىلەن قوغدىلىدۇ.

⑤ مەنىۋى مەدەنىيەت. بازار ئىگىلىكى ئىقتىسادىي بازىسىغا ۋە ئۈستقۇرۇلمىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. جەمئىيەت ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىدىيە ـ مەدەنىيەتنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدىن ئىبارەت. ئېلىمىز باي قۇدرەتلىك، دېموكراتىك مەدەنىيەتلىك ئەلگە، خەلقىمىز ساپاسى يۇقىرى كۆتىرىلگەن، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان خەلققە ئايلىنىشى لازىم، بىزنىڭ بازىرىمىزنىڭ ھەممە يېرى، بازار پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەممە كىشى «مەدەنىيەت» لىك تۇس ئالسۇن. قارىماققا بازار ئالماشتۇرۇلىدىغىنى تاۋار بىلەن پۇل، بۇ خىل ئالماشتۇرۇش ئادەم ئارقىلىق رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. تاۋار (ساختا مەھسۇلات، زەھەرلىك چېكىملىك، قىمار، تېنىنى سېتىش، رەمچى قاتارلىقلار ھەرگىز تاۋار ھېسابلانمايدۇ) تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇلىدۇ. تاۋار ئىگىسى تاۋار ئالماشتۇرۇش جەريانىدا تاۋارغا قوشۇپ ۋىژدانىنى، ئىنساپ ـ ديانىتىنى، ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى، نەپىس پەزىلىتىنى ئالماشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك. بۇنداق رېئاللىق ئالدىدا بازار ئىگىلىكىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالماسلىقى مۇمكىنمۇ؟

# تارىخ ئىلمىنىڭ رولى ۋە تارىخ تەتقىقاتىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر

ئىسمائىل مەخلۇك

## 1. تارىخ ئىلىمىنىڭ رولى

تارىخ — كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئۆتكەندىكى ھەرىكەت تەرەققىيات جەريانىنى، تار مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاساسەن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۆتكەندىكى ھەرىكەت جەريانىنى كۆرسىتىدۇ. تارىخ ئىلمى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئۆتكەندىكى ھەرىكەت تەرەققىيات جەريانى ھەققىدىكى پەندۇر. ئۇ تارىخىي خاتىرىلەرنى، تارىخىي تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنلىرىنى ۋە تارىخ قانۇنىيىتى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تارىخشۇناسلىقنىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئىنسانلار پەيدا بولۇش بىلەن ئىنسانلارنىڭ تارىخمۇ بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى يارىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، ئۆزلىرىنىڭ تارىخىنى ئەستە قالدۇرۇپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ ھەم ئىزدىنىپ كەلگەن. شۇڭا مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، تارىخشۇناسلىقنى بارلىق پەنلەرنىڭ بۆشۈكى دېيىشكە بولىدۇ.

تارىخشۇناس، موللا موسا سايرامى تارىخشۇناسلىقنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا ئۆزىنىڭ «تارىخىي ھەممىدى» دېگەن ئەسىرىدە: «بۇ ئالەمدىن كەتكەن خالايىقنىڭ ھەر بىرىدىن ياخشىلىق ياكى يامانلىقنىڭ بىرەر ئەسەر، ئالامىتى باقىي ساقلىنىپ قالىدۇ. تارىخ كىتابلىرى بولسا دەل ئەنە شۇ ئالەمدىن ئۆتكەنلەرنىڭ ۋەقەلىرىنى، ئەسەر - ئالامەتلىرىنى رەتلەپ، قايتا ئىلغاپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ياكى ھاياتىدىن قىسسە ۋە خەۋەر بېرىدۇ» دەپ يازىدۇ. ئۇ يەنە: «تارىخ ئىلمى ناھايىتى زۆرۈر بىر ئىلىم بولۇپ، ئۇ ھەممە پەنلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. تارىخ ئىلمىنى ئوقۇش ۋە تارىختىن خەۋەردار بولۇش ئىنسانغا نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم ئىشتۇر......، تارىخنىڭ پايدىسى تولا، مەنپەئەتى كۆپ بىر ئىلىم، چۈنكى ئادەملەرنىڭ دەرىجە ۋە تەبىقىلىرى ئۇلارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى، توغۇلغان ياكى ۋاپات بولغان چاغلىرى، ئىز - ئالامەتلىرى، خۇلقى، ئەخلاقى، ياشايدىغان جاي ۋە ماكانلىرى، ئاۋات قىلغان شەھەر ۋە زېمىنلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى پەقەت تارىخ ئىلمىنىڭ ياردىمى بىلەنلا بىلگىلى بولىدۇ. ئەگەر تارىخ ئىلمى بولمايدىكەن، بۇرۇنقى زامانلارنىڭ ئۇزاق ۋە تار شارائىتلىرىدا ياشىغان خەلقنىڭ ئەھۋالىنى بىلگىلى بولمايدۇ......» دەپ يازىدۇ.

گېرمانىيىنىڭ مەۋجۇتچىلىق پەلسەپە ئېقىمىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى بولغان كارل ياسپېرس: «ئۆزىمىزنى بىلىشىمىز جەھەتتىن ئېيتقاندا، ھېچقانداق بىر رېئاللىق تارىختەك مۇھىم ئورۇننى تۇتالمايدۇ. تارىخ ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ بىپايان زېمىنىنى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن قىلىپ، بىزنى تۇرمۇشىمىزدا تايىنىدىغان ئەنئەنىۋى مەزمۇنلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بىزگە رېئال دۇنيانى بىلىشتە ئېمىنى ئۆلچەم قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۆز دەۋرىمىز ئاڭسىز رەۋىشتە بىزگە تاڭغان ئاسارەتلەردىن خالاس قىلىپ، بىزگە ئادەمنىڭ ئەڭ يۈكسەك يوشۇرۇن كۈچى ۋە مەڭگۈلۈك ئىجاتچانلىق كۈچى نۇقتىسىدا تۇرۇپ كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىتىدۇ» دەيدۇ.

دېمەك، تارىخ ئىلمى بىزنى پەقەت ئۆتمۈشتىكى تەجرىبە - ساۋاقلار بىلەن تەمىنلەپلا قالماي، ئۆتمۈشتىكى تەجرىبە - ساۋاقلار ئارقىلىق، رېئال تۇرمۇشنى چۈشىنىشىمىز، كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن، ھەمدە شۇ ئاساستا كەلگۈسىنى مۆلچەرلەپ، نىشانىمىزنى ئېنىقلىۋېلىشىمىز ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ.

تارىخشۇناسلىق ئىدېئولوگىيە كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ پەن بولۇپ، نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىدا ئۇ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى بولۇپ كەلدى. ئۇ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى، ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭ

چېتىلىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ ۋە مەزمۇنىمۇ ئىنتايىن مول. ئۇ گەرچە ئىجتىمائىي پەن ھېسابلانسىمۇ، لېكىن يۇكسەك دەرىجىدە ئابستىراكتلاشتۇرۇلغان پەلسەپەگە ئوخشىمايدۇ. شۇنداقلا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان ئىقتىسادشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەرگىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئۇ خىلمۇ خىل تەرەپلەرنىڭ ئۆز ئارا باغلىنىشلىرىدىن، تارىخىي جەريانلارنى، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ قانداق بارلىققا كەلگەنلىكىنى، قانداق تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆتمۈش تەرەققىيات جەريانىنى تەتقىق قىلىشتا، ئەڭ مۇھىمى رېئاللىق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى، كەلگۈسى ئۈچۈن يول ئېچىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

مەيلى قەدىمكى زاماندا ياكى ھازىرقى زاماندا بولسۇن، مەيلى جۇڭگودا ياكى چەت ئەللەردە بولسۇن، تارىخشۇناسلىقنىڭ يىلتىزى ئۆتمۈشتە، ئۆزى رېئاللىقتا بولۇپ كەلدى. شۇڭا، تارىخ تەتقىقاتى جەمئىيەتنىڭ رېئال تەلىپىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى رېئاللىقنى ئىلمىي بولغان تارىخىي تەجرىبە ـ ساۋاقلار بىلەن تەمىنلەش، كىشىلەرنى رېئاللىقنى ئۆزگەرتىشكە يېتەكلەيدىغان نەزەرىيىۋى قورال ـ تارىخىي قانۇنىيەت بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت. ئۇ يەنە كىشىلەرگە ھەق بىلەن ناھەقنى، پاكلىق بىلەن رەزىللىكنى پەرقلەندۈرۈشنى ئۆگىتىدۇ. ئۇ ھەر بىر ئادەمنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە، ئۆز مىللىتىگە بولغان مېھرى ـ مۇھەببىتىنى ئۇرغۇتۇپ، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئىتى ھەم بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ھەر قايسى دەۋرلەردە، ھەر قايسى سۇلالىلاردا تارىخ ئىلمىنىڭ ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ھەر قايسى سۇلالىلاردا ئۆتكەن قابىلىيەتلىك پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوردا ئىچىدە مەخسۇس تارىخ مەھكىمىلىرىنى تەسىس قىلىپ، تارىخ يېزىش ئىشلىرىغا مەخسۇس زىيالىيلارنى تەيىنلىگەن ھەمدە يۇقىرى مەنسەپ ۋە ئۇنۋان بېرىش يولى بىلەن ئۇلارنىڭ قانۇنىي ئورنىنى كاپالەتلەندۈرگەن. شۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىدىن بۇرۇن ئۆتكەن سۇلالىلارنىڭ مەغلۇپ بولۇش سەۋەبلىرىنى يەكۈنلەپ، ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىر ـ سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ چىققان. مەسىلەن، خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ھۆكۈمرانلار چىن سۇلالىسىنىڭ ئىككىنچى پادىشاھى خۇخەي مەزگىلىگە كەلگەندە گۇمران بولغانلىقىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن سىن ئەينەك قىلغان بولسا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىرىدىكى ھۆكۈمرانلار سۇي سۇلالىسىنىڭ ئىككىنچى پادىشاھى ياڭ گۇاڭ دەۋرىگە كەلگەندە يىمىرىلگەنلىكىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن سىن ئەينەك قىلىپ، ھەممىسىلا ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنى تەرتىپكە سېلىشقا، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈچىنى ئاسراشقا بىر قەدەر ئەھمىيەت بەرگەن. شۇ ئارقىلىق جۇڭگو تارىخىدا خەن ۋە تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ گۈللىنىش مەزگىللىرى بارلىققا كەلگەن. تارىخ ئىلمىنىڭ بۇ خىل رولى بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقاتقىنى يوق. چۈنكى «تارىخ رېئاللىقنىڭ سىن ئەينىكى، رېئاللىق بولسا تارىخنىڭ كۆلەڭگۈسى» 1958 ـ يىلىدىكى چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش، 1966 ـ يىلى باشلانغان مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ 10 يىللىق بالايى ـ ئاپەتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئازادلىقتىن كېيىن تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلىمىگەنلىكىمىزدىن، دۆلەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چۈشىنىش قىلمىغانلىقىمىزدىن، ئەڭ ئاساسلىقى تارىخنىڭ سىن ئەينەكلىك رولىغا سەل قارىغانلىقىمىزدىن كېلىپ چىققاندى.

نۆۋەتتە ئېلىمىزدە ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇلۇپ، بازار ئىگىلىكى جانلاندۇرۇلۇپ، خېلى زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قازاندۇق، تەرەققىياتىمىزمۇ بىر قەدەر تېز بولدى. بۇنىڭدىكى ئاساسىي سەۋەب، بىزنىڭ ئۆتكەنكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئالغانلىقىمىزدا. تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى بۇ ۋەزىيەتمۇ يەنىلا تارىخ ئىلمىدىن يېڭى بىر جەڭگىۋار قىياپەت، ئۇلۇغۋار ئىرادە بىلەن خەلقئارادىكى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىدىيە، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەر قايسى ساھەلەرنىڭ، خىلمۇ خىل مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆزگىرىش ۋە راۋاجلىنىش قانۇنىيەتلىرىنى تارىخىي نۇقتىدا تۇرۇپ، توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرىشنى، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلماقتا. مانا بۇ رېئاللىقنىڭ تارىخ ئىلمىگە قويغان تەلىپى.

## 2. تارىخ تەتقىقاتىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم مەسىلىلەر

يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئېلىمىز تارىخشۇناسلىقىدا «تارىخشۇناسلىق كرىزىسى» دېگەن شامال تارقىلىپ، جەمئىيەتتە كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ بىر قىسىم ياشلار ئارىسىدا بۇ خىل شامال تېخىمۇ كۈچلۈك. ئۇلار: ماتېماتىكا، خىمىيە، بىئولوگىيە، فىزىكا قاتارلىق تەبىئىي پەنلەر ئىلىم ـ پەننى گۈللەندۈرۈپ، ماددىي بايلىق يارىتالايدۇ. ئىقتىساد ئىلمى بولسا ئىگىلىك باشقۇرۇشنى، يەنى زاۋۇت، كارخانا، شىركەتلەرنى باشقۇرۇشنى ئۆگىتىدۇ. پەلسەپە، پسىخولوگىيە ئىلىملىرى كىشىلەرگە تۇرمۇشتىن ساۋاق بەرسە، ئەدەبىيات ئىلمى كىشىلەرگە مەنىۋى ئوزۇق بېرىدۇ. تىببىي ئىلىم كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكى ۋە ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا جەمئىيەتنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياجىمۇ بىر قەدەر كۈچلۈك. جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ قانۇن ئىلمىنىڭ رولىمۇ بارغانسېرى كۈچەيمەكتە. پەقەت تارىخ ئىلمىنىڭلا ھېچقانداق رولى قالمىدى. نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكى كەلگۈسىگە نەزەر سېلىۋاتقاندا، قاقشال بولۇپ كەتكەن جەسەتلەرنىڭ، ۋەيران بولۇپ كەتكەن كونا خارابىلىقلارنىڭ، چاڭ ـ توزاڭ باسقان قەغەز دۆۋىلىرىنىڭ ئارىسىدىن بېرى كېلەلمەيدىغان بۇ ئىلىمنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا نىسبەتەن زادى قانداق پايدىسى بولماقچىدى؟ دەپ قارىماقتا. ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بەرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ تارىخ كەسپىنى تاللىماۋاتقانلىقى، تارىخ كەسپىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنىڭ قىيىن بولۇۋاتقانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللار بۇنى مەلۇم جەھەتتىن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇ خىل شامالنىڭ قىلچە ئاساسى يوق دېگىلىمۇ بولمايدۇ. نۆۋەتتە ئېلىمىزدە پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئورنىنى بازار ئىگىلىكى ئىگىلەپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى كۆپرەك تەكىتلىنىۋاتقانلىقتىن، كىشىلەردە جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق ئېھتىياجى پەقەت تەبىئىي پەنلەرگىلا ۋە ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش، چەت ئەل تىلى، ئىگىلىك باشقۇرۇش، قانۇنشۇناسلىق قاتارلىق بىر قىسىم بازىرى ئىتتىك پەنلەرگىلا چۈشىۋاتقاندەك چۈشەنچە پەيدا قىلماقتا. شۇڭا كۆپ ساندىكى ئاتا ـ ئانىلارمۇ ئوتتۇرا مەكتەپ پۈتتۈرگەن پەرزەنتلىرىنى يۇقىرىقى كەسىپلەردە ئوقۇتۇشقا قىزىقماقتا. بۇ خىل ئەھۋاللار تارىخ ئىلمىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ئەمما، ئەڭ ئاساسلىق سەۋەب يەنىلا تارىخ ئىلمىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەن ئۇنىڭدا ساقلىنىۋاتقان قىسمەن چەكلىمىلىكلەر ۋە ئىللەتلەردىن ئىبارەت.

تارىخ ئىلمى تۈپ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا «ئەمەلىي ئىقتىدارلىق پەن» بولماستىن، «يوشۇرۇن ئىقتىدارلىق پەن» ھېسابلىنىدۇ. يەنى تەبىئىي پەنلەرنى ياكى قانۇنشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق قاتارلىق بىر قىسىم ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئوقىغان ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش جەريانىدا، شۇنداقلا ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن جەمئىيەتكە چىقىشى بىلەنلا ئۆز كەسىپلىرىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىپ، دەرھال ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدۇ. لېكىن تارىخ ئىلمىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۇنداق تېز بىۋاسىتە كۆرۈش تەس. تارىخ ئىلمىنىڭ ئۈنۈمى ۋاستىلىك ھالدا ئەمەلگە ئاشىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىدا ئىلگىرى بىر مەزگىل تارىخقا ئانچە ئەھمىيەت بېرىلمىگەن. نەتىجىدە 1901 ـ يىلىدىن 1940 ـ يىلىغىچە بولغان 40 يىل ئىچىدە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر ئاران 15 كىشى بولۇپ، دۇنيا بويىچە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ سانىنىڭ كۆپلىكى جەھەتتە 3 ـ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان (بۇ ئارىلىقتا گېرمانىيىدە 36 ئادەم ئەنگلىيىدە 22 ئادەم نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن) شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئالىملار بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب تارىخ ئىلمىگە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكتىن بولغان دېگەن يەكۈننى چىقارغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن تارىخ ئىلمىگىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەنلىكتىن، 1941 ـ يىلىدىن 1980 ـ يىلىغىچە بولغان 40 يىل ئىچىدە ئامېرىكىدا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەرنىڭ سانى 100 دىن ئېشىپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆپ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن دۆلەت بولۇپ قالغان. ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا كىشىلەر بۇنى بىۋاسىتە سېزىۋالالمىغاچقا، تارىخ ئىلمىنى پەقەت ئۆتمۈشتىكى ۋەقەلەرنى بايان قىلىدىغان بىر خىل ئىلىم دەپلا قارايدۇ. مانا بۇ تارىخ ئىلمىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى.

ئېلىمىزنىڭ تارىخشۇناسلىق ساھەسىدە نوقۇل سىنىپى كۆرەش نۇقتىئىنەزىرى ئاساسىغا قۇرۇلغان تارىخشۇناسلىقنىڭ خېلى ئۇزۇن مەزگىل داۋاملاشقانلىقىمۇ «تارىخشۇناسلىق كرىزىسى» شامىلىنىڭ تارقىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ئېلىمىزدە ماركسىزملىق تارىخشۇناسلىق بەرپا بولغان

دەسلەپكى مەزگىللەر دەل جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا، بيوكرات كاپىتالىزمغا قارشى تۇرۇشتەك چوڭ ئىلىشىش بولۇۋاتقان مەزگىللەر ئىدى. بۇ خىل پەۋقۇلئاددە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ تەلىپى ئاستىدا سىنىپىي كۈرەش تارىخشۇناسلىقى مەيدانغا كېلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ سىنىپى كۈرەش ئېڭىنى ئۆيغۇتۇپ، خەلقنى ئىنقىلاب قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىشتەك ئاكتىپ رول ئوينىغانىدى. لېكىن تىنچ قۇرۇلۇش دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، نوقۇل سىنىپىي كۈرەش تارىخ ۋە تەپەككۇر ئۇسۇلى بويىچە تارىخنى تەتقىق قىلىش دەۋرىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ئىپادىلىرى سىنىپىي كۈرەش تارىخشۇناسلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئېتىقادارى بىلەن دەۋرنىڭ رېئال تەلىپىنىڭ زور دەرىجىدە ماس كەلمەسلىكى جەھەتتە ئەكس ئەتتى. بۇ خىل نۇقتىئىنەزەرنىڭ تەسىرى يەنىلا مەلۇم دەرىجىدە ساقلانماقتا.

بولۇپمۇ فېئودالىزم دەۋرىگە خاس بىر قىسىم كونا ئەنئەنىۋى قاراشلار ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ ھەم بىر قەدەر كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ كەلمەكتە. بەزى تارىخشۇناسلىرىمىزنىڭ ئىشىكنى چىڭ ئېتىۋېلىپ كونا ئەنئەنە، كونا نۇقتىئىنەزەرلەرگە چىڭ ئېسىلىۋېلىپ، ئىلىم ـ پەننىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقانلىقىنى، كونا قاراشلارنىڭ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سېلىشى تارىخشۇناسلىقتىكى نۇقتىئىنەزەرنى يېڭىلاشتىكى توسالغۇ بولۇپ، بۇ خىل كونا تارىخشۇناسلىق نۇقتىئىنەزەرلىرى يېڭى شەيئى ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە مەسىلىلەرنى تېخىمۇ چىگىشلەشتۇرۇپ قويماقتا.

ئىلگىرىكى ئىنتايىن سول ئىدىيىلەرنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن بىر قىسىم تارىخ دەرسلىكلىرىمىزدە ۋە تارىخ كىتابلىرىمىزدا قۇرۇق گەپ تولا، ياكى بولمىسا پۈتۈنلەي دېگىدەك سىياسىي تۈس ئېلىشتەك ئەھۋاللار مەۋجۇت. ئەمەلىيەتتە تارىخ ئىلمى ئىشەنچلىك تارىخ ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇشى كېرەك. «ئىشەنچ» بولمىسا، ئۇنىڭ قىممىتىمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، خۇددى بازارلاردا ساختاماللار كۆپىيىپ كەتسە كىشىلەرنىڭ راست ماللارنىمۇ ساختا مالمىكىن دەپ گۇمانلىنىپ قالىدىغىنىغا ئوخشاش، تارىخ ئىلمىمۇ ئەگەر مەلۇم ئېھتىياج يۈزىسىدىن تارىخنى ئويدۇرۇپ چىقىرىش، تارىخنى بۇرمىلاش ئىشلىرىغا زەررىچە يول قويىدىكەن، ئۇ ھالدا ئىشەنچلىك تارىخمۇ ئىشەنچسىز تارىخقا ئايلىنىپ قېلىشى، ئاخىرىدا تارىخ ئىلمىنىڭ ئابرويىغا ئېغىر نۇقسان يېتىشى تەبىئىي.

### 3. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

«تارىخشۇناسلىق كرىزىسى» شامىلىنى توسۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ قەدىمكى ھەم مەڭگۈ يېڭى بىر ئىلىملىق ئورنىنى ساقلاپ قېلىش، ئۇنىڭ ھاياتىي كۈچىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك خىزمەتلەرنى ئىشلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

(1) «كرىزىس» توغرىسىدىكى چۈشەنچىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مۇستەھكەم ئىشەنچ تىكلەش كېرەك.

«كرىزىس» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ گرېك تىلىدىكى ئەسلى مەنىسى مەلۇم بىر خىل كېسەلگە مۇپتىلا بولغان بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈپ كېتىش بىلەن ساقىيىپ قېلىش ئارىلىقىدا تۇرغانلىقىغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ ئەسلا شۇ ئادەمنىڭ چوقۇم ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ. تارىخ ئىلمىدىكى كرىزىسنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىتىش مۇمكىن. ئەگەر بىز تارىخشۇناسلىق ئىدىيىسىدىن چىقىپ ـ ئەتراپىمىزدىكى باشقا ھەر قايسى پەنلەرگە نەزەر سالىدىغان بولساق، كرىزىس تۇيغۇسى بولمىغان بىرمۇ پەننىڭ يوقلىقىنى كۆرەلەيمىز. كرىزىس ۋەھىمىسى پەقەت ئىلىم ـ پەندىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز «تارىخ ئىلمى كرىزىسى» دىن ئۈمىدسىزلەنمەي، ئىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، تارىخ ئىلمىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

(2) ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، نۇقتىئىنەزەرنى يېڭىلاش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئالدى بىلەن توغرا بولغان تارىخ نەزەرىيىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، شەكىلۋازلىق، رامكىچىلىق ۋە چاكىنا بىر تەرەپلىمىلىك قاراشلارنى تۈگىتىشىمىز لازىم. ئىلگىرىكى سىنىپىي كۈرەش نۇقتىئىنەزىرىگە مۇۋاپىق ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈپ، تارىخ تەتقىقاتىدا سىنىپىي تەھلىل ئۇسۇلى، لوگىكىلىق تەھلىل ئۇسۇلى ۋە تارىخىي تەھلىل ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. نەزەرىيە جەھەتتە ئالدى بىلەن ماركسىزم كلاسسىكلىرىغا بولغان چۈشەنچىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز، ماركسىزمنىڭ ۋاقتى ئۆتتى دەپ ئۇنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىدىغان ياكى ئۇنىڭ ئەكسىچە ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى ئاددىي ھالدا قېلىپ

قىلىۋېلىشتەك تارىخشۇناسلىقنىڭ ئابرويىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئىللەتلەرنى چوقۇم تۈگىتىشىمىز، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە ھەقىقىي يوسۇندا بىرلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

ئىدىيىنى ئازاد قىلىش تارىخشۇناسلىقنى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماسلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى. بۇ جەھەتتە بىز پەقەت ئىلگىرى ئۆزىمىز پەيدا قىلغان چەكلەنگەن رايون ۋە خىلمۇ خىل رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاپلا قالماي، كونا ئەنئەنىۋى تارىخشۇناسلىقتىكى ئەنئەنىۋى تەپەككۇر ئۇسۇلىنىمۇ ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك. جۇڭگونىڭ يېقىنقى زاماندىكى مۇتەپەككۇر خۇشى تارىخشۇناسلىقتا «قىياس قىلىشتا دادىل بولۇش كېرەككى، ئەمما ئىسپاتلاشتا ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك» دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئالدى بىلەن قىياس قىلىپ ـ كۆز قاراشنى مۇئەييەن رامكىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئاندىن كېيىن ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت بۇ خىل ئەنئەنىۋى پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتمىگەندە، تارىخ ئىلمىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەس.

(3) تەتقىقات ساھەسىنى كېڭەيتىپ، كۆپ قاتلاملىق، كۆپ نۇقتىلىق تەتقىقاتلارنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. تارىخشۇناسلار سىياسىي تارىختىن باشقا يەنە ئىقتىساد تارىخى، مەدەنىيەت تارىخى، ئىدىيە تارىخى، سەنئەت تارىخى، پەلسەپە تارىخى، دىن تارىخى، قانۇن ـ تۈزۈم تارىخى، مائارىپ تارىخى، پەن ـ تېخنىكا تارىخى، پسىخولوگىيە تارىخى، نوپۇس تارىخى، جەمئىيەت تارىخى قاتارلىق خىلمۇ خىل ساھەلەر بويىچە ئىزلىنىشنىڭ قىزىقىشى ۋە بىلىم قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن چوڭقۇرلاپ تەتقىقات ئېلىپ بارسا بولىدۇ. نۆۋەتتە ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قاتارلىق تەرەققىي تاپقان رايونلاردا ئىنسانشۇناسلىق، ئىرقشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق قاتارلىق چوڭ تىپتىكى تەتقىقات ساھەلىرىدىن باشقا يەنە ئىقتىساد تارىخشۇناسلىقى، نوپۇس تارىخشۇناسلىقى، دىن تارىخشۇناسلىقى، روھىيەت تارىخشۇناشلىقى، كىتاب ـ ھۆججەت تارىخشۇناسلىقى، ئۆرپ ـ ئادەت تارىخشۇناسلىقى، ئائىلە ـ جەمەت تارىخشۇناسلىقى قاتارلىق كۆپ خىل تارىخشۇناسلىق بارلىققا كەلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى رېئال تۇرمۇشقا بىۋاسىتە چېتىشلىق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئەمەلىي رولىمۇ ناھايىتى زور بولغان.

(4) باشقا پەنلەرنىڭ ئىلغار ۋە پايدىلىق نەزەرىيە ئۇسۇللىرىنى كەڭ تۈردە قوبۇل قىلىش كېرەك.

تارىخشۇناسلىقنىڭ ئۆزىگە خاس نەزەرىيە ۋە ئۇسۇل سىستېمىسىنى بەرپا قىلىمىز ھەم ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈمىز دەيدىكەنمىز، ئۇ ھالدا جەزمەن ھەر قايسى ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلىپلا قالماي، تەبىئىي پەنلەرنىڭكىنىمۇ قوبۇل قىلىپ، مۇۋاپىق پايدىلىنىشىمىز كېرەك. نۆۋەتتە بىر قىسىم تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىكى تارىخشۇناسلىقتا ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش ئۇسۇلى، پسىخىكىلىق تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى، قۇرۇلمىلىق تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى ۋە تىزگىنلەش نەزەرىيىسى (كىبېرنېتىكا)، سىستېما نەزەرىيىسى ھەمدە ئۈچۈر نەزەرىيىسى قاتارلىق يېڭى ئۇسۇل ۋە نەزەرىيىلەر كەڭ قوللىنىلماقتا. بولۇپمۇ پسىخىكىلىق تەھلىل ئۇسۇلى بىلەن سېلىشتۇرما تەتقىقات ئۇسۇلىنىڭ تارىخشۇناسلىق ساھەسىگە تەتبىق قىلىنىشى بىر قەدەر ئومۇملاشقان، ئىلمىزدىكى بىر قىسىم نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تارىخ پاكۇلتېتلىرىدىمۇ يۇقىرىقى ئۇسۇللار دەسلەپكى قەدەمدە سىناق تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھازىر پۈتۈن پەندىن ھالقىغان تەتقىقاتلار تېز راۋاجلىنىۋاتىدۇ. تارىخشۇناسلىقمۇ كونا ئىزدا، بىر قېلىپتا توختاپ قالماي، بۆسۈپ كىرىش ئىمكانىيىتى بولغان ساھەلەرگە بۆسۈپ كىرىشى كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتى بىزنى ئىلگىرى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان ۋاسىتە ۋە قوراللار بىلەن تەمىنلىمەكتە. ھەر قايسى پەنلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ بىزنى ئىلگىرى كۆرۈلمىگەن ياخشى ئۈلگىلەر بىلەن تەمىنلىمەكتە، ئەگەر بىز ھەر قايسى پەنلەر ئارىسىدىكى چەكلىمىلەرنى بۇزۇپ تاشلىيالىساق تارىخشۇناسلىقنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشى جەزمەن رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تارىخ ئىلمى خادىملىرىنىڭ ھەر خىل بىلىملەردىن ئەتراپلىق خەۋەردار بولۇشىغا ۋە زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە باغلىق ئەلۋەتتە.

# 13 ـ ئەسىردە غەربىي رايونغا كېلىپ كەتكەن بىر نەچچە غەربىلىك ئەلچىلەر توغرىسىدا

ئەركىن ئەرشىدىن

مىلادى 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۆرە تېكىن قەبىلىسىنىڭ ئاقسۆڭەكى تېمۇرچىن ئەينى زاماندىكى مۇڭغۇل قەبىلىلىرىنىڭ بىرلىشىش ئىستىكىدىن ئىبارەت تارىخي يۈزلىنىشكە ماسلىشىپ، مۇڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئاساسي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مۇڭغۇل دالىسىدا قۇدرەتلىك بىرلىككە كەلگەن مۇڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى بەرپا قىلىدۇ. كېيىن ئۇ قېرىنداشلىرىنى ۋە ئەۋلادلىرىنى يەر ـ زېمىنغا ۋە بايلىققا ئىگە قىلىش ئۈچۈن سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، مۇڭغۇللار تەۋەسىنىڭ سىرتىدىكى ھاكىمىيەتلەرنى بويسۇندۇرۇش قارارىغا كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەتراپتىكى خوشنا ئەللەرگە قارىتا غايەت زور تالان ـ تاراج ھەم ۋەيرانچىلىق خاراكتېرىدىكى ئۇرۇشنى قوزغايدۇ.

ئۇ ئالدى بىلەن غەربىي يۇرتتىكى رايونلارنى بويسۇندۇرىدۇ، غەربىي رايوندىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ چىڭگىزخانغا تەۋە بولۇشى، قاراقىتان خانلىقىنىڭ يوقىتىلىشى، مۇڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشىغا داغدام يول ئېچىپ بېرىدۇ. مىلادى 1219 ـ يىلى چىڭگىزخان زور قوشۇننى باشلاپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران ئېگىزلىكىگە يۈرۈش قىلىپ، خارەزىم خانلىقىنى تولۇق ئىستىلا قىلىدۇ. مىلادى 1222 ـ يىلى مۇڭغۇللار كاۋكاز تېغىدىن ئۆتۈپ قىپچاق يايلىقىغا كىرىدۇ. مىلادى 1223 ـ يىلى كالكا دەرياسى بويىدا رۇس كىنەزلىرىنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسىنى مەغلۇپ قىلىپ، رۇسىيە دالىسىنى ئىستىلا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مۇڭغۇللارنىڭ 1 ـ قېتىملىق غەربكە يۈرۈشى ئاياغلىشىدۇ. مىلادى 1227ـ يىلى چىڭگىزخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، كىچىك ئوغلى تولى خان بولىدۇ، مىلادى 1229 ـ يىلى ئوگىداي خان بولىدۇ، 1236 ـ 1241 ـ يىللار ئارىلىقىدا چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى باتۇ قوشۇن باشلاپ غەربكە يۈرۈش قىلىپ، ئاۋستىرىيە، ئىتالىيە چېگرىسىغا يېتىپ بارىدۇ. مىلادى 1242 ـ يىلى ئوگىداي ئۆلۈپ، كۆيۈك خان بولىدۇ. كۆيۈك ئۆلگەندىن كېيىن، مۆڭكە خان بولىدۇ.

مىلادى 1253 ـ 1258 ـ يىللار ئارىلىقىدا مۆڭكە خان ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ھىلاكۇنى غەربكە يۈرۈشكە ئاتلاندۇرۇپ ئىراننى يوقىتىپ، باغدات، سۈرىيەلەرنى ئىشغال قىلىدۇ.

مۇڭغۇللارنىڭ ئۈچ قېتىملىق غەربكە يۈرۈش قىلىشى نەتىجىسىدە شەرقتە تىنچ ئوكياندىن غەربتە بالتىق دېڭىزىغىچە، جەنۇبتا پارس قولتۇغىدىن شىمالدا مۇز ئوكيانغىچە بولغان بىپايان زېمىندا قۇدرەتلىك مۇڭغۇل ئىمپېرىيىسى بارلىققا كېلىپ، ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تۇنجى قېتىم تۇتاشتۇردى. خۇددى جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇناسىۋەت تارىخى مۇتەخەسسىسى شاڭدا ئەپەندى كۆرسەتكىنىدەك: «مۇڭغۇللارنىڭ غەربكە قىلغان ھەربىي يۈرۈشلىرى ئىلگىرى توسۇلۇپ قېلىپ ئېچىلمىغان يوللارنى بىر ـ بىرلەپ ئېچىپ، بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا ئۇچرىشىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرالايدىغان قىلدى. بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا، غەرب ـ شەرق مەدەنىيىتى دەل مۇشۇ مەزگىللەردىلا ئاشكارا ئالماشتۇرۇشلارغا ئىگە بولدى. ماددىي جەھەتتە، مەسىلەن، كومپاس، پوروخ، ئويما مەتبەئە، قەغەز پۇل، قارتا، چوت قاتارلىقلار يېقىنقى زامان تارىخچىلىرىنى مۇڭغۇللارنىڭ غەربكە يۈرۈش قىلىشى نەتىجىسىدە ياۋروپاغا تارالغان بولسا، ئۇيغۇر زەمبىرىكى، ھىجرىيە كالېندارى قاتارلىقلار غەربىي ئەللەردىن جۇڭگوغا تارالغان دېگەن قاراشقا ئىگە قىلدى.

بىپايان زېمىننىڭ بىرلىككە كېلىشى قاتناشنىڭ راۋان بولۇشىغا قولايلىق يارىتىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قەدىمكى شەرق بىلەن غەربنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىمۇ ئىلگىرى سۈردى.

بۇ مەزگىللەردە شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان قورۇقلۇق يولى، يەنى «يىپەك يولى» دا شەرق ـ غەربنىڭ ئەلچىلىرى، سەيياھلار، دىن تارقاتقۇچىلار، سودىگەرلەر خۇددى بۈزچىنىڭ مۈكسىدەك ئايىغى ئۈزۈلمەي قاتنىشىپ تۇراتتى. مانا مۇشۇنداق ئاۋات مەنزىرىلەر بىلەن تولغان بۈيۈك كارۋان يولىدا 13 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ غەربنىڭ ئەلچىلىرى، يەنى ئىتالىيىلىك پىلانوكارپىنى (plano. Carpni)، فرانسىيىلىك ۋىلئىام روبرۇك (Villiam. Robruk)، كىچىك ئەرمىنىيە پادشاھى خېتوم (Hetum) قاتارلىقلار زور ئۈمەكلەرنى باشلاپ، غەربتىن شەرققە قاراپ يول ئېلىپ مۇڭغۇل خاقانلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۇلار سەپەر جەريانىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى تەپسىلىي خاتىرىلەپ، كېيىن ئۆز خاتىرىلىرى ئاساسىدا مۇكەممەل بولغان ساياھەت خاتىرىلىرىنى يېزىپ چىقىپ، كېيىنكىلەرنى غەرب ـ شەرق قاتناش تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ رايونلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋاللىرىنى ھەمدە مۇڭغۇللارنىڭ بۇ رايونلاردىكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بىرىنچى بولۇپ مۇڭغۇل خانلىقىنىڭ ئوردىسىغا بارغان ھەم ساياھەت خاتىرىسىنى قالدۇرغان غەربلىك شەخس بولسا ئىتالىيىلىك پىلانو كاربىنى دېگەن خىرىستىئان دىنىي مۇرىتى ئىدى. پىلانو كارپىنىنىڭ شەرققە سەپەر قىلىشى مۇرەككەپ ئارقا كۆرۈنۈشكىمۇ ئىگە ئىدى.

13 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى مۇڭغۇللار قايتىدىن غەربكە سىلجىپ، نوۋگورد رايونلىرىدىكى رۇس كېنەزلىرىنى بويسۇندۇرۇپ، پولشا زېمىنىدا پولشا ـ پىرۇسسىيە قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، پۈتكۈل ياۋروپانى زىل ـ زىلىگە سالىدۇ. غەربىي ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئەللەر بۇنىڭدىن قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشىدۇ. ھەتتا رىم پاپاسىمۇ كىرست ئارمىيىسى تەشكىل قىلىپ، جازا يۈرۈش قىلىشنى مۇراجەت قىلىدۇ. مىلادى 1245 ـ يىلى پاپا ئىنوسېنت Ⅳ (innocent) ـ فرانسىيىنىڭ لىئون شەھىرىدە دىنىي قۇرۇلتاي چاقىرىدۇ. قۇرۇلتايدا مۇھاكىمە قىلىنغان مەركىزىي مەسىلە قانداق قىلىپ مۇڭغۇللارغا تاقابىل تۇرۇش مەسىلىسى بولۇپ، يەنى مۇڭغۇللارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرىكەت يۆنىلىشىنى، ھەربىي كۈچىنى، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ئۇرۇش تاكتىكىسى قاتارلىقلارنى ئېنىقلاپ، ئۇنۇملۇك قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار يەنە مۇڭغۇل تېررىتورىيىسى ئىچىدە ئاز بولمىغان خىرىستىئان روھانىلىرىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىق ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، يىغىن پاپىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن بىرىنچىدىن، مۇڭغۇللار توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە بولۇش؛ ئىككىنچىدىن، مۇڭغۇل خاقانلىقىنى خىرىستىئان دىنى［ ］غا دەۋەت قىلىش ھەتتا ئىمكانىيەت يار بەرسە ئۇلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغان ھالدا، مۇڭغۇل خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىشنى قارار قىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ پىلانو كارپىنى يىغىننىڭ قارارى بويىچە رىم پاپىسىنىڭ مۇڭغۇل خانىغا يېزىپ بەرگەن خېتىنى ئېلىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى مۇڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى قارا قۇرۇم شەھىرىگە قاراپ يول ئالىدۇ.

پىلانو كارپىنى فرانسىيىنىڭ لىئون شەھىرىدىن يولغا چىقىپ پولشا ئارقىلىق ۋولگا دەرياسى بويىدىكى ئالتۇن ئوردا خانلىقىغا يېتىپ كېلىپ، باتۇ بىلەن كۆرۈشىدۇ. باتۇ پىلانو كارپىنىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن، ئادەم قوشۇپ، ئۇنى قارا قۇرۇمغا يولغا سالىدۇ. پىلانو كارپىنى شەرققە يۈرۈش سەپىرىدە كاسپىي دېڭىزىنىڭ، ئارال دېڭىزىنىڭ شىمالى ياقىسىنى بويلاپ مېڭىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا كىرىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي لياۋخاندانلىقىنىڭ پايتەختى قۇز ئوردىغا يېتىپ كېلىدۇ. ئارقىدىنلا ئالا كۆلدىن ئۆتۈپ، ئىمىلغا (ھازىرقى دۆربىلجىن) كېلىپ، شىمالغا قاراپ مېڭىپ، ئالتاي رايونىدىن ئۆتۈپ، شەرققە بۇرۇلۇپ، ئاخىرقى مەنزىل قارا قۇرۇمغا يېتىپ كېلىدۇ.

مۇڭغۇل خانى كۈيۈك ئۆزۈن ئۆتمەي پىلانوكارپىنىنى ئوردىسىدا قوبۇل قىلىدۇ. پىلانو كارپىنى پاپىنىڭ سوغا ـ سالام ۋە خەت ـ چەكلىرىنى خاقانغا تاپشۇرىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنى جاھاننىڭ ئەركىسى دەپ يۈرۈۋاتقان مۇڭغۇل خاقانى قانداقمۇ باشقىلارنىڭ پەندى ـ نەسىھەتلىرىگە كۆنسۇن! ؟ كۈيۈك خان پاپىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ ھەمدە پىلانو كارپىنىغا غەربىي ياۋروپادىكى ئەللەر ئەگەر ۋەيرانچىلىقتىن

ساقلىنىمەن دېسە، بالدۇرراق ئەل بولسۇن دېگەن سۆزىنى يەتكۈزۈپ قويىشىنى ھاۋالە قىلىدۇ. ھەمە رىم پاپىسىغا جاۋابەن خەت يېزىپ بېرىدۇ، «مەزكۇر خەت ئۇيغۇرچە ۋە لاتىنچە يېزىلغان بولۇپ، خەتنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ۋاتىكان كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا». پىلانو كارپىنى مەقسەتكە يېتەلمەي قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ۋاتىكانغا دوكلات قىلىش يۈزىسىدىن 8 بابلىق «موڭغۇلىيىگە سەپەر قىلىش خاتىرىسى» نى يېزىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ مەزكۇز ساياھەت خاتىرىسىدە موڭغۇل مىللىتى، ئۇلارنىڭ تىلى، ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى، ئىستىلا قىلغان رايونلىرى، ئىشلەتكەن قورال - ياراقلىرى، ئۆرپ - ئادەتلىرى قاتارلىقلار ئۇقتىلىق تونۇشتۇرۇلغان، شۇنداقلا ئۇنىڭ مەزكۇر ساياھەت خاتىرىسىدىكى رايونلار تونۇشتۇرۇلغان بابىدا ئۇيغۇرلار توغرىلىق بەزى مەلۇماتلارنى بەرگەن.

پىلانو كارپىنىنىڭ شەرققە ئەلچىلىككە بېرىشى ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى باشقا ياۋروپا سەيياھلىرىنىڭ شەرققە ئەلچىلىككە بېرىشىدىن ئىلگىرى بولغاچقا، ئۇنىڭ ساياھەت خاتىرىسىدىكى ماتېرىياللار ھازىرغا قەدەر موڭغۇللار، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئېلىمىزنىڭ شىمالى قىسمىنىڭ تارىخلىرىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پىلانو كارپىنىدىن كېيىن، موڭغۇل ئېلىگە ئاتلانغان يەنە بىر سەيياھ بولسا فرانسىيىلىك روھانى ۋىلىيام روبروك ئىدى.

روبروك مىلادى 1252 - يىلى فرانسىيە پادىشاھى لوئى IX نىڭ مەخپى بۇيرۇقى بويىچە موڭغۇل خاقانىغا يېزىپ بەرگەن مەكتۇپنى ئېلىپ، شەرققە قاراپ ئاتلىنىدۇ.

روبروك ئالدى بىلەن قارا دېڭىزنىڭ شىمالىدىكى موڭغۇللارنىڭ ھەربىي بارگاھىغا كېلىدۇ. بۇ جايدا تۇرۇشلۇق موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ قوماندانى ئۇنىڭغا ئادەم قوشۇپ، باتۇخاننىڭ بارگاھىغا يولغا سېلىپ قويىدۇ، روبروك ۋولگا دەرياسى بويىغا كېلىپ، باتۇ بىلەن كۆرۈشىدۇ. كېيىن باتۇ ئۇلارنى موڭغۇل جاقانى مۆڭكە بىلەن كۆرۈشتۈرۈش ئۈچۈن شەرققە يولغا سېلىپ قويىدۇ. ئۇلار سەپەر جەريانىدا ئۇرال دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئىلگىرىكى غەربى لياۋ خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسىگە كىرىدۇ. چۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، داۋاملىق شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەپ تالاس، ئىلى دەريالىرىدىن ئۆتۈپ كايلاك (Cailak) دېگەن شەھەرگە كېلىدۇ. ئۇلار بۇ شەھەردە بىر مەزگىل دەم ئېلىشقاندىن كېيىن، بالقاش كۆلىنىڭ شەرقى قىرغىقىنى بويلاپ، بورتالاغا كېلىدۇ. ئاندىن ئىمىل دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئالتاي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىنى بويلاپ ئاخىرى مەنزىلگە - قارا قورۇم شەھىرىگە يېتىپ كېلىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن بىز رۇبرۇكنىڭ شەرققە سەپەر قىلىش لىنىيىسىنىڭ پىلانو كارپىنىنىڭ شەرققە سەپەر قىلىش لىنىيىسى بىلەن ئاساسەن بىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. روبرۇك قارا قورۇمدا موڭغۇللارنىڭ بۈيۈك خانى مۆڭكەنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. سۆھبەتتە «رۇبرۇك مۆڭكە خاندىن موڭغۇلىيىدە قېلىپ دىن تارقىتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ تەلىپى مۆڭكە خاننىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرايدۇ»، نەتىجىدە رۇبرۇك قايتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

رۇبرۇك ۋەتىنىگە قايتقاندىن كېيىن «شەرققە سەپەر قىلىش خاتىرىسى» دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقىدۇ، بۇ بىر مەزمۇنى ئىنتايىن مول بولغان قىزىقارلىق ساياھەت خاتىرىسى بولۇپ، كىتابتا موڭغۇل خانلىقىنىڭ ھەر قايسى دىنلارغا يەنى بۇددا، خرىستىئان، ئىسلام دىنىغا تۇتقان مۇئامىلىسى ھەمدە قارا قورۇمدا تۇرۇشلۇق فرانسىيىلىك، ۋېنگرىيىلىك، رۇسىيىلىكلەرنىڭ تۇرمۇشى، دىنىي ئېتىقاد ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي بايان قىلغان. خاتىرىنىڭ يەنە بىر قىممىتى بولسا، ئۇنىڭ ئۇلۇغ مۆڭكە خانىنى تەسۋىرلەپ بايان قىلىشى بولۇپ، ئۇ مۆڭكە خان بىلەن بىر نەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ، سۆھبەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، ئۇنىڭ تەسۋىرى بۇ ھەقتىكى ئەڭ ئىپتىدائىي شۇنداقلا بىردىنبىر تارىخى ماتېرىيال دەپ قارالماقتا. ئۇ يەنە كۆيۈكخاننىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى ئوتتۇرىغا قويغان بىردىنبىر تارىخشۇناس بولۇپ، ئۆز خاتىرىسىگە «سەپەر جەريانىدا كۆيۈك خانىنى باتۇ ئادەم ئەۋەتىپ زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن دەپ ئاڭلىدىم» دەپ يازغان.

كىتابنىڭ 42 - 43 - بابلىرىدا ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ئالمىلىق شەھىرىنىڭ ئەھۋالى، بولۇپمۇ ئالمىلىق شەھىرىدىكى نىستورىيان دىنىنىڭ پائالىيەت ئەھۋاللىرى ھەمدە قارا قورۇم شەھىرىدىكى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋاللىرى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ موڭغۇل ئىمپېرىيىسىدىكى رولى توغرىسىدىمۇ كۆپ مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەلچىلەرنىڭ شەرققە مېڭىش سەپىرىدىن ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى تەڭرى تېغىنىڭ شىمالى قىسمىدىن ئۆتۈپ ئالتاي تاغلىرى ئارقىلىق قاراقورۇمغا بارغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. بۇ يول بۆلىكى قەدىمكى دەۋردىكى شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ غەرب ـ شەرققە ماڭىدىغان يايلاق يولى بولۇپ، تارىخچىلار بىردەك بۇ يولنى يىپەك يولىنىڭ شىمالى بۆلىكى دېگەن قاراشتا بولۇۋاتىدۇ. چىڭگىزخانمۇ ئەينى ۋاقىتتا مۇشۇ يولنى بويلاپ غەربكە يۈرۈش قىلغان ئىدى. موڭغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىگە كەلگەندە بۇ يول تېخىمۇ كېڭىيىپ ۋە راۋانلىشىپ، غەرب بىلەن شەرقنى بىر ـ بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم يوللارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

ئەپسۇسكى يۇقىرىقى ئىككى نەپەر ئەلچىنىڭ ساياھەت خاتىرىلىرىدە دەل غەربىي رايون بۆلىكى تەپسىلى خاتىرىلەنمىگەن. ئەمما غەربىي رايون توغرىسىدا تەپسىلى خاتىرىلەرنى قالدۇرغىنى شۇلار بىلەن بىر دەۋردە شەرققە سەپەر قىلغان ئۈچىنچى غەربلىك ساياھەتچى بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ كىچىك ئەرمىنىيەنىڭ پادشاھى خېتئۇم دېگەن كىشى ئىدى. كىچىك ئەرمىنىيە كېنەزلىكى ھازىرقى كىچىك ئاسىياغا جايلاشقان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا تۈركىيىگە قارام ئورۇندا ئىدى. مىلادى 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى، قۇدرەتلىك موڭغۇل قوشۇنلىرىنىڭ ھەيۋىسىدىن چۆچىگەن كىچىك ئەرمىنىيىنىڭ پادشاھى خېتئۇم ئىنىسى سىمباتنى (Smbat) نورغۇن سوغا ـ سالاملار بىلەن ئۆگدەيخاننىڭ ئورنىغا خانلىق تەختىگە چىققان كۆيۈكخاننى تەبرىكلەش ئۈچۈن قارا قورۇمغا ئەۋەتىدۇ. تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن سىمبات ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىپ، پادشاھ ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىغا موڭغۇل ئېلىگە ئەلچىلىككە بېرىش جەريانى ۋە نەتىجىسىنى دوكلات قىلىپ، موڭغۇل ئېلىدە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىنى ۋە كۆيۈك خان بىلەن كۆرۈشكەن ئەھۋاللارنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ بېرىپ، پۈتۈن ئوردا ئەھلىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

سىمبات ۋەتىنىگە قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى مىلادى 1248 ـ يىلى موڭغۇل خاقانى كۆيۈك ۋولگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدا بارگاھ تىكلەپ، بويۇنتاۋلۇق قىلىۋاتقان باتۇغا جازا يۈرۈشكە ئاتلىنىدۇ، كۆيۈكخان غەربكە يۈرۈش سەپىرىدە چوم ـ سىڭىر (ھازىرقى ئۇلۇنگۇر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى) دېگەن يەرگە كەلگەندە قازا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تولىنىڭ ئوغلى مۆڭكە خانلىق تەختىگە ئولتۇرىدۇ.

مىلادى 1251 ـ يىلى مۆڭكە خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، باتۇ كىچىك ئەرمېنىيە كېنەزلىكىگە ئادەم ئەۋەتىپ، ئەرمېنىيە پادشاھى خېتئۇمنى موڭغۇل خان ئوردىسىغا بېرىپ، مۆڭكەنىڭ خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ بېرىشىنى ئۇقتۇرىدۇ، خېتئۇم ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن دەرھال جابدۇنۇپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن ۋولگا دەرياسى بويىدىكى باتۇنىڭ بارگاھىغا بېرىپ، موڭغۇل خاقانلىقىنىڭ ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي كۆزىتىدۇ ۋە سورۇشتۇرىدۇ. ئاندىن كېيىن كاسپى دېڭىزنى بويلاپ شەرققە يۈرۈش قىلىپ، ئورال دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئالتاي ۋادىسىدىكى نايمانلارنىڭ يېرى ئارقىلىق داۋاملىق شىمالغا يۈرۈپ، موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ پايتەختى ـ قارا ـ قورۇمغا يېتىپ كېلىدۇ. خېتئۇمنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن مۆڭكەخان ناھايىتىمۇ خۇشال بولىدۇ ھەمدە ئۆزى بىۋاستە قوبۇل قىلىپ، تۇرمۇش ئى لىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

خېتئۇم قاتارلىقلار قارا ـ قورۇمدا 50 نەچچە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، قايتىشقا ھازىرلىنىدۇ. ئۇلار قايتىش ھارپىسىدا مۆڭكە خان خېتئۇمنى يەنە قوبۇل قىلىپ، كىچىك ئەرمېنىيەدىكى بارلىق چېركاۋلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىغا بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرىدۇ. خېتئۇم قاتارلىقلارمۇ بۇ قېتىمقى سەپىرىدىن رازى بولۇشىدۇ.

خېتئۇمنىڭ كىتابىدىكى ساياھەت خاتىرىلىرىگە نەزەر سالساق، ئۇلارنىڭ شەرققە سەپەر قىلىشتىكى خاتىرىلىرى بىر قەدەر ئاددىي بولۇپ، خاتىرىدىكى جاي نامىلىرى، ماڭغان لىنىيىلىرى پىلانو كارپىنى، رۇبرۇك قاتارلىقلارنىڭ شەرققە ماڭغان يولى بىلەن ئوخشاش ئىدى. ئەمما خېتئۇمنىڭ قايتىش سەپىرىدىكى سەپەر خاتىرىلىرى خېلى تەپسىلىي بولۇپ، بولۇپمۇ ھازىرقى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىكى

يەر ـ جاي، ئۆتەڭلەر ۋە بىر قىسىم قىممەتلىك ياۋايى هايۋانلارنىڭ ناملىرى خېلى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن ئىدى.

خىتئۇم قاتارلىقلار مىلادى 1251 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى قارا ـ قۇرۇمدىن يولغا چىقىپ، زور قوشۇننىڭ مۇهاپىزىتى ئاستىدا ۋەتەنگە قايتىش سەپىرىگە ئاتلىنىدۇ. ئۇلار 13 كۈن يول يۈرۈپ چىم ـ سىڭگىر دېگەن جايغا كېلىدۇ. كېيىن ئۆزلىرى كەلگەن كونا يول بىلەن قايتماي، جەنۇبقا بۇرۇلۇپ، قۇملۇق دالىنى كېسىپ ئۆتۈپ (هازىر قۇربان تۇڭغۇت قۇملۇقىنى) ئالدى بىلەن بىر بالىققا كېلىدۇ (berbalex)، ئاندىن كېيىن بەش بالىققا كېلىدۇ. بەش بالىق ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇلار بەش بالىقتا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، داۋاملىق غەربكە قاراپ يول ئېلىپ، كۇللۇك (Kulluk)، جان بالىق (Janbalex)، خوت ئاراتۇ (Xutarau)، يېڭى بالىق(Angibalex) قاتارلىق شەهەر ـ بازارلارنى ئارىلاپ مېڭىپ، «تۈركلەر يېرى» گە كېلىدۇ. كېيىن تۈركلەر يېرى» دىن قوزغىلىپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىرگورۇگ (Ergororug)، دىن بالىق (Dingbalex) قاتارلىق جايلاردىن ئۆتۈپ، هازىرقى بورتالاغا كېلىدۇ، كېيىن يەنە داۋاملىق يول يۈرۈپ، پولات (Polat)، سۇتكۆللەردىن ئۆتۈپ، كەڭساي ئارقىلىق ئالمىلىققا كېلىدۇ. بىر مەزگىل تۇرۇپ، يەنە سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىل بالىققا كېلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئىلى دەرياسىنى بويلاپ، غەربىي جەنۇبقا مېڭىپ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمى شەهەر ـ تالاسقا كېلىدۇ. تالاس شەهىرى بۇ مەزگىلدە غەرب ـ شەرق قاتنىشىدىكى مۇهىم قاتناش تۈگۈنى بولۇپ، خىتئۇم تالاستا تۇرۇشلۇق مۇڭكەخاننىڭ ئىنىسى بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، داۋاملىق غەربكە قاراپ يول ئېلىپ، سەمەرقەند، بۇخارا ئارقىلىق ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىدۇ.

مىلادى 1255 ـ يىلى خىتئۇم قاتارلىقلار ۋەتىنىگە قايتىپ كېلىدۇ، خىتئۇم قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ سەپەر جەريانىدىكى خاتىرىلىرىنى رەتلەپ كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقىدۇ. مەزكۇر كىتاب ئەرمەن تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، كىتاب دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، غەرب ۋە شەرق ئوتتۇرىسىدا سودا بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەرمېنىيە رايونىدىكى ئاقسۆڭەك ۋە سودىگەرلەر ئارىسىدا ناهايىتى تېز تارقىلىدۇ. كېيىن خىتئۇم بىلەن بىرگە شەرققە سەپەر قىلغان ئۇنىڭ گاتراكس دېگەن مۇهاپىزەتچىسى كىتابنى قايتا تۈزىتىپ، تولۇقلاپ، ئۇنىڭ تولۇقلانغان نۇسخىسىنى ئەرمېنىيە تارىخىغا كىرگۈزىدۇ. كېيىن بۇ سەپەر خاتىرىسى ئېنگلىز، فرانسوز، رۇس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىدۇ، 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى ئېلىمىزنىڭ مەشهۇر غەرب ـ شەرق قاتناش تارىخى ئالىمى جاڭ شىڭلياڭ ئەپەندى كىتابنىڭ مەزمۇنىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، ئۆزىنىڭ «جۇڭگو غەرب قاتنىشى تارىخ ماتېرىياللىرى توپلىمى» غا كىرگۈزىدۇ.

«خىتئۇمنىڭ ساياهەت خاتىرىسى» دېگەن كىتابنىڭ مەيدانغا كېلىشى، جۇڭگو ۋە چەت ئەل تارىخ ئىلمى ساهەسىدىكىلەرنىڭ زور دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى ۋە بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئالىملار بىردەك «مەزكۇر ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە ئەهمىيىتى هەرگىزمۇ باشقا ساياهەت خاتىرە كىتابلىرىدىن قېلىشمايدۇ» دەپ باها بەردى. مەزكۇر ساياهەت خاتىرىسىدە بۈگۈنكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 60 تىن ئارتۇق جۇغراپىيىلىك يەر ناملىرى ئېنىق، تەپسىلىي بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇندىن سىرت يەنە خاتىرىدىكى يول بويىدىكى هەر قايسى جايلارنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ۋە جەمئىيەت تۇرمۇشى توغرىسىدىكى تەسۋىرى بايانلار مۇشۇ مەزگىللەردە غەربىي رايونغا كېلىپ خاتىرە قالدۇرغان باشقا غەربلىك سەيياهلارنىڭ سەپەر خاتىرىلىرىدىمۇ ناهايىتى ئاز كۆرۈلىدۇ. شۇڭا بىز خىتئۇمنىڭ ساياهەت خاتىرىسىنى 13 ـ ئەسىردىكى غەرب ـ شەرق قاتناش ئومۇمى تارىخىنىڭ مەزمۇنىنى زور دەرىجىدە مۇكەممەللەشتۈردى ۋە بېيىتتى دەپ قارايمىز.

# قابىلىيەت ۋە ئۇنىڭ يادروسى

ئىسلامجان شېرىپ

تالانتلىق بولۇشقا ئىنتىلمەيدىغان ئادەم يوق. لېكىن ئۇنىڭ نىگىزلىك چۈشەنچىلىرىنى پەن ئېچىپ بەرگەن ھەقىقەتلەر بويىچە ئىگىلەپ مېڭىش ـ ماڭالماسلىق بۇ بىر تېپىشماق. قابىلىيەت، قابىلىيەتنىڭ يادروسى ئەقىل ۋە ئەقلىي ئىقتىدار، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يېتىلىشىدە ماددىي ئاساس قىلىدىغان جىسمانىيەتنىڭ ساپا ـ سۈپەتلىرى ھەققىدە توغرا چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش بۇ تېپىشماققا جاۋاب تېپىش، ھەمدە شۇ جاۋابلار بويىچە ئۆزىنى تەربىيىلەشنىڭ ئاچقۇچىدۇر. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىز بۇ ماقالىمىزدا تالانتنىڭ ئانا يىلتىزى قابىلىيەت ھەم ئۇنىڭ يادروسى ئەقىل ھەم ئەقلىيئىقتىدار ھەققىدە چولتا كۆز قاراشلىرىمىزنى قويىمىز.

## قابىلىيەت

قابىلىيەت توغرىسىدا ناھايىتى كۆپ كۆز قاراشلار بار، چۈنكى، دۇنيادا قانچە تۈرلۈك ئىش قىلىنسا، شۇنچە تۈرلۈك قابىلىيەت بىلەن قىلىنىدۇ. ھەر بىر پائالىيەتچى ئۆزلىرىنىڭ پائالىيىتى بويىچە قابىلىيەتكە ئۆزگىچە تەبىرلەرنى بېرىدۇ. بۇنداقتا قابىلىيەتنى ئۆلچەملىك ئوقۇتۇش ۋە ئىگىلەش مۇمكىن بولمايدۇ. شۇڭا، قابىلىيەتنى پەندە ئورتاق مەزمۇندا تەبىرلەش ۋە شۇ بويىچە قابىلىيەتنى ئىگىلەش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش شەرت بولىدۇ.

### 1. قابىلىيەت دېگەن نېمە؟

قابىلىيەت — ئادەمنىڭ مەلۇم پائالىيەتنى ئورۇندىيالايدىغان ياكى مەلۇم خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، ئومۇمەن ئۈچ مەنىدىن ئېيتىلىدۇ: (1) پسىخولوگىيىدە، قابىلىيەت ئادەمنىڭ خاسلىق پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە ئادەمنىڭ مەلۇم پائالىيەتنى ئورۇندىيالايدىغان ماھارىتى ياكى مەلۇم بىر تۈرلۈك ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالالايدىغان ئاساسلىق شەرتلەرنى كۆرسىتىدۇ. پسىخولوگىيىدە ئادەمنىڭ قابىلىيىتى ئومۇمىي قابىلىيەت ۋە ئالاھىدە قابىلىيەت دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئالدىنقىسى ئادەتتىكى ئادەمدە بولىدىغان نېگىزلىك قابىلىيەتلەرنى، مەسىلەن، كۆزىتىش قابىلىيىتى، خاتىرە قابىلىيىتى، دىققەت قابىلىيىتى، تەپەككۇر قابىلىيىتى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى، ئىجادىي قابىلىيەت قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ، كېيىنكىسى ئادەمنىڭ ئالاھىدە ساھەدە پائالىيەت قىلىش ۋە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، رەسساملاردا كىشىنى ھەيران قالدۇرغىدەك رەڭ پەرق ئېتىش قابىلىيىتى بولىدۇ، كومپوزىتورلاردا كۈچلۈك رىتىم تۇيغۇسى ۋە ئاھاڭ تۇيغۇسى بولىدۇ. (2) فىزىئولوگىيىدە، قابىلىيەت ئادەمدىكى ساغلاملىق ئامىللىرى بىلەن جىسمانىي كۈچ ئامىللىرى تەسىرىنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئالدىنقىسى ئادەمنىڭ ھەر قايسى ئەزالىرىدىكى بۆلەكلەرنىڭ ماسلىشىش قابىلىيىتى ۋە ئىممونىت قابىلىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ كېيىنكىسى بەدەننىڭ چىداملىق دەرىجىسى، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش قابىلىيىتى، سۈرئىتى، ئېلاستىكىلىق دەرىجىسى، سەزگۈرلۈك دەرىجىسى، تەپەككۇر قابىلىيىتى، تۇرغۇنلۇق ۋە پائالىيەتچانلىق قابىلىيىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (3) پەلسەپىدە، قابىلىيەت ئادەمنىڭ ئوبيېكىت خاراكتېرلىك پائالىيەتلىرى ئىچكى ئاساسلىرىنىڭ ئومۇمىي يەكۈنىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش قابىلىيىتى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش (ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ) قابىلىيەتلىرىنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، ئادەمنىڭ تەپەككۇر ساپاسى، مەدەنىيەت جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى، پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى ۋە ئادەمنىڭ قىممەت قارىشى، كىشىلىك ھايات قارىشى، دۇنيا قارىشى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، قابىلىيەتنى يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك مەزمۇنغا ئاساسەن، مۇنداق يىغىنچاقلاش مۇمكىن: قابىلىيەت ياكى ھۈنەر ھەر كىشىنىڭ تۇغما ساپاسى ـ پسىخىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك ساپاسى ئاساسىدا تەلىم ـ تەربىيە ھەم تىرىشچانلىق ئارقىسىدا شەكىللىنىدىغان پاراسەت ۋە ماھارەتتۇر. ئۇ، دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش داۋامىدا بىر خىل پائالىيەتچانلىق بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇنداق پائالىيەتچانلىق ئادەمنى بىلىمنى ئاڭلىق تەتبىقلاش ئالاھىدىلىكى بىلەن ھايۋاندىن ئايرىپ تۇرىدىغان قابىلىيەت، بىلىم، كۆز قاراش قاتارلىقلار بىلەن زىچ باغلىنىدۇ. ئەمما، بىلىمنىڭ ئۆزىلا قابىلىيەتكە تەڭ بولمايدۇ. بىلىم كۆپ بولغاندا، قابىلىيەت تېز ئۆسىدۇ. قابىلىيەت بىلىمنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ئارقىلىق چېنىقىش داۋامىدا مۇستەھكەملىنىدۇ. شۇڭا، قابىلىيەت بىلەن بىلىمنىڭ مۇناسىۋىتى ئۆز ئارا باغلىنىدىغان ھەم پەرقلىنىدىغان مۇناسىۋەتتۇر. ئۇلار ئۆز ئارا بېقىنىش، ئۆز ئارا ئىلگىرى سۈرۈش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ.

## 2. زامانىۋى قابىلىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى

زامانىۋى قابىلىيەت — ھازىرقى زامان جەمئىيىتى شارائىتىدىكى زامانىۋى ئادەملەردە بولىدىغان يېڭىچە قابىلىيەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن ئومۇمىي قابىلىيەتنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان ھالدا ئومۇمىي قابىلىيەت بىلەن زىچ باغلىنىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئومۇمىي قابىلىيەتنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى راۋاجلىنىشى بولۇپ، زامانىۋى ئادەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدە ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيىتىدە ئىپادىلىنىدۇ، ئومۇمىي قابىلىيەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا زامانىۋى قابىلىيەت تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە: (1) ۋارىسچانلىق. زامانىۋى قابىلىيەت جەمئىيەت تارىخىدا ئىنسانلار قابىلىيىتىدە ئىپادىلەنگەن ئىلغار ئىدىيە ۋە ياراملىق مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى، شۇنداقلا قىممەت قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ، ھەمدە ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۇلارنى تەتبىقلايدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. (2) مىللىيەتلىك. زامانىۋى قابىلىيەت ئېنىق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، مىللى روھ بىلەن سۇغۇرۇلىدۇ، ئۆز مىللىتىنىڭ خىسلىتى، خاسلىق ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆز مىللىتىنىڭ غورورى ۋە سالاھىيىتىگە يارىشىدىغان قابىلىيەتنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىنى يېتىشتۈرۈش بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. (3) دەۋرچانلىق. زامانىۋى قابىلەيەت دەۋر تومۇرىنىڭ سوقۇشى ۋە تىنىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. دەۋر روھى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. دەۋرنىڭ ئالغا راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. (4) بۆسۈشچانلىق. زامانىۋى قابىلىيەت ئەسلى بار قابىلىيەت بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ، ئۇ كۈچلۈك ئىجتىھات بىلەن يول ئېچىش، بۆسۈپ ئۆتۈش، ئالغا ئۆتۈپ كېتىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. (5) ئۇنىۋېرساللىق. زامانىۋى قابىلىيەت كۆپ تەرەپتىن ئۇزۇقلۇق قوبۇل قىلىپ، ئۆز مەزمۇنىنى بېيىتىشقا مۇھتاج بولىدۇ. ئۇنىڭ قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى ئۇنىڭغا ئاددىي مەزمۇن قوشۇش ياكى كېمەيتىش بولماستىن، بەلكى دىئالېكتىكا پىرىنسىپلىرىغا ئاساسەن، قوبۇل قىلغان مەزمۇنلارنى سېلىشتۇرۇش، مېغىزىنى تاللىۋېلىپ شاكىلىنى تاشلىۋېتىش، جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇشتۇر.

زامانىۋى قابىلىيەتنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، مەزمۇنى ئىنتايىن مول. ئومۇمەن ئېيتقاندا، قانچىلىك ساھە بولسا شۇلارغا مۇناسىپ كېلىدىغان شۇنچىلىك قابىلىيەت بولىدۇ ھەمدە ئادەمگە، ساھەگە قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن، كارخانا رەھبىرىنىڭ قابىلىيەت قۇرۇلمىسى تەدبىر بەلگىلەش قابىلىيىتى، تەدبىرنى ئىشقا ئاشۇرۇش قابىلىيىتى، ئىقتىسادىي پىلان تۈزۈش قابىلىيىتى، رىقابەتلىشىش قابىلىيىتى، يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتى، تەھلىل قىلىپ ئومۇملاشتۇرۇش قابىلىيىتى، ئەلالىرىنى تاللاش قابىلىيىتى، تەشكىلىي قوماندانلىق قابىلىيىتى، تەشكىلىي مەسلىھەت بېرىش قابىلىيىتى، تىزگىنلەش، ماسلاشتۇرۇش قابىلىيىتى، كىشىلەرنى چۈشىنىش ۋە ئىشلىتىش قابىلىيىتى، ھوقۇق بېرىش قابىلىيىتى، ئالاقە قىلىش قابىلىيىتى، ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلىشىش قابىلىيىتى، خەۋپ ـ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتىش قابىلىيىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىجتىمائىي ئالاقە خادىمى ۋە ئۇنىڭ قابىلىيەت قۇرۇلمىسى بولسا، ئىجتىمائىي ئالاقە قابىلىيىتى، تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش قابىلىيىتى، سۆز ۋە يېزىش قابىلىيىتى، ئىقتىسادىي ئۇچۇرلارنى ئىگىلەش قابىلىيىتى، ئىنكاس قايتۇرۇش قابىلىيىتى، تەھلىل قىلىپ ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى، خۇلاسىلەش قابىلىيىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 3. زامانىۋى قابىلىيەتنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت، ساپا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

زامانىۋى قابىلىيەت — ھەر تەرەپتىن تولۇق يېتىشكەن زامانىۋى ئادەمدە بولىدىغان پسىخىكىلىق، فىزىئولوگىيىلىك ئامىللارنىڭ ئىنكاسى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ ئىپادىسى. ئۇ، ئادەمنىڭ ئەقلىي

قابىلىيىتى، ساپاسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

1. زامانىۋى قابىلىيەتنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئەقلىي قابىلىيەت زامانىۋى قابىلىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇ، ئادەمنىڭ تەپەككۇر، خاتىرە، مەنتىق، ئىدراك، ھېسابلاش قابىلىيەتلىرى ھەمدە سۆز - ئىبارىلەرنى چۈشىنىش ۋە ئۇچۇرلارنى راۋانلاشتۇرۇش دەرىجىسى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئامېرىكىلىق پسىخولوگ گىيۇلفوردنىڭ قارىشىچە: ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى خۇددى تىك تۇرغان بىر كۇپ جىسىمغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇزۇنلۇق، كەڭلىك، ئېگىزلىكتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇنىڭدا ئۇزۇنلۇق ئەقلىي قابىلىيەت مەشغۇلاتىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ئادەمدىكى ئىدراك، خاتىرە، تارقاقلاشتۇرۇش تەپەككۇرى، مەركەزلەشتۇرۇش تەپەككۇرى ۋە باھالاش قاتارلىق بەش ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ؛ كەڭلىك ئەقىل پائالىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ، ئادەمنىڭ ئەقىل پائالىيىتىدىكى گرافىك شەكىل، شەرتلىك ئالامەت، سېمانتىكا ۋە ھەرىكەت قاتارلىق تۆت خىل ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ؛ ئېگىزلىك ئەقىل پائالىيىتى مەھسۇلاتىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ، ئادەم ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ ئومۇمىي مەركىزى، تۈر ئايرىمىسى، مۇناسىۋەت، سىستېما، ئالماشتۇرۇش ۋە ئۇچۇر قاتارلىق ئالتە خىل ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئادەم ئەقلىي پائالىيەت قىلغاندا: ئاڭلىق ھالدا قاتار قىلىپ گۇرۇپپىلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ يۇقىرىدىكى بىر مۇنچە ئامىللارنى ئورگانىك بىرلەشتۇرىدۇ، يەنى ئۇزۇنلۇق (بەش خىل ئامىل) ×كەڭلىك (تۆت خىل ئامىل) × ئېگىزلىك (ئالتە خىل ئامىل) =120 خىل ئامىلدىن ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى ھاسىل قىلىپ، ئەقلىنىڭ بىر پۈتۈنلۈك رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ رولى قانچە ياخشى جارى قىلدۇرۇلسا، ئادەمدىكى قابىلىيەتنىڭ رولى شۇنچە كۈچىيىدۇ، ئەكسىچە بولغاندا، ئادەمدىكى قابىلىيەتنىڭ رولى شۇنچە ئاجىزلايدۇ. بۇ تەتقىقات ھازىر ئېلىپ بېرىلماقتا، ئەگەر ئىلمىي يوسۇندا دەلىللىنەلىسە زامانىۋى ئادەملەرنىڭ ئەقىل ۋە قابىلىيىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرگىلى بولىدۇ.

2. زامانىۋى قابىلىيەتنىڭ ساپا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى. ساپا زامانىۋى قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى تەبىئىي ئالدىنقى شەرت ۋە شارائىتتۇر. لېكىن، ساپانىڭ ئۆزىلا قابىلىيەت ئەمەس، ساپا پەقەت قابىلىيەتنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن شارائىت ۋە ئاساس ھازىرلاپ بېرەلەيدۇ. شۇڭا قابىلىيەت ساپا ئاساسىدىكى تەرەققىيات بولىدۇ. بىرى ئادەمدە ساپا جەھەتتە مەلۇم يېتەرسىزلىك بولسىمۇ، ئۇنىڭ قابىلىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا جەزمەن تەسىر يەتكۈزۈشى ناتايىن، بۇ يەردىكى ئاچقۇچ ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق. ئالايلۇق ئاسترونوم كېپلېر ئاي كۈنى توشماستا يەتتە ئايلىق تۇغۇلۇپ قالغان بالا ئىدى. ئۇ كىچىكىدىنلا تېنى ئاجىز، كېسەلچان ئىدى. لېكىن، ئۇ شۇنداق تورۇغلۇق پىلانېتلار ھەرىكىتىنىڭ ئۈچ چوڭ قانۇنىيىتىنى كەشىپ قىلدى. نيۇتون تۇغۇلغاندا ئېغىرلىقى ئاران ئۈچ جىڭ بولۇپ، ئۆلۈپ كېتىشكە تاسلا قالغان، ئۇ شۇنداق تورۇغلۇقمۇ بۈيۈك فىزىك ۋە ئاسترونوم بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئېينىشتېيىن جىسمانىي جەھەتتە يېتىلىشى بەكمۇ ناچار بولغاچقا، تۆت ياشقا كىرگەندە ئاران تىلى چىققان. ئۇ شۇنداقتىمۇ ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىققان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئادەمنىڭ ئەسلىدىكى تەن ساپاسى، ئەقلىي قابىلىيەت ساپاسىنىڭ ناچارراق بولۇشىمۇ ھېچقانچە قورقۇنچلۇق ئەمەس، پەقەت قەتئىي تەۋرەنمەستىن توختىماي ئىلگىرىلەيدىغان، قېتىرقىنىپ تىرىشىدىغانلا بولسا ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

### 4. زامانىۋى قابىلىيەتنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش

ئادەمنىڭ قابىلىيىتىدە پەرق بولىدۇ. بەزى ئادەمنىڭ قابىلىيىتى كۈچلۈكرەك. بەزى ئادەمنىڭ قابىلىيىتى ئاجىزراق بولىدۇ، بەزى ئادەمنىڭ بۇ جەھەتتىكى قابىلىيىتى كۈچلۈك بولسا، بەزى ئادەمنىڭ ئۇ جەھەتتىكى قابىلىيىتى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇ نورمال ئەھۋال. لېكىن، ئادەمنىڭ قابىلىيىتىدىكى پەرقلەر تۇغما، تۇراقلىق بولمايدۇ، بەلكى ئادەمدە ئەسلىدە بار بولغان پسىخىكىلىق، فىزىئولوگىيىلىك ساپا ئاساسىدا، ئائىلە، مەكتەپ ئىجتىمائىي مۇھىت شارائىتلىرىنىڭ تەسىرى ۋە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا تەدرىجىي يېتىلىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ماركس مۇنداق دېگەن: «ھاممال بىلەن پەيلاسوپ ئارىسىدىكى تەبىئىي پەرق دەرۋازا ساقلايدىغان ئىت بىلەن ئوۋچى ئىتنىڭ پەرقىدىن نۇرغۇن دەرىجىدە

كىچىك» . بۇ سۆزنىڭ مەنىسى شۇكى، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى قابىلىيەتنىڭ پەرقى ئەسلىدە ئانچە چوڭ بولمايدۇ، لېكىن بۇ پەرق كېيىنچە چوڭىيىپ كېتىدۇ. بۇ ئەھۋال ئادەم قابىلىيىتىنى ئەمەلىيەت جەريانىدا يېتىلدۈرۈشكە ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. يېتىلدۈرۈش يولى يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئادەمنىڭ ساپا شارائىتىدىن باشقا، يەنە تۆۋەندىكى شارائىتلارمۇ بار.

(1) جىسمانىي ساپاسى. ئادەم تۇغۇلمە ياكى بوۋاق ۋاقتىدا جىسمانىي ۋە مېڭە جەھەتتە تېز يېتىلىش مەزگىلىدە تۇرىدۇ. ئەگەر يېتىلىش ناچار بولسا ياكى ئېغىر دەرىجىدە مېيىپ بولسا ئادەمنىڭ مەلۇم جەھەتتىكى قابىلىيىتىگە مەلۇم تەسىر يەتكۈزىدۇ. (2) بالدۇر تەربىيىلىنىش. دۇنياۋى ئالىملارنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلىرى شۇنى ئىسپاتلاپ بەردىكى، بالىلارنىڭ بالدۇر تەربىيىلىنىشى ئادەمنىڭ قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تەسىرى ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، 17 ياشتا ئېرىشىدىغان ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسىنى 100% دېسەك، ئۇنىڭ ئىچىدە سەككىز ياشتىن ئىلگىرى ئېرىشىدىغانى 80 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، توققۇز ياشتىن كېيىن ئېرىشىدىغىنى ئاران 20 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. (3) مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلىنىش. ئادەم ھامان ئالدىنقىلار ياراتقان مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى ۋە تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلىشى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. مەدەنىيەت، پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلەش ئادەمنىڭ قابىلىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئادەمدىكى قابىلىيەتنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق. (4) مۇشەققەتكە چىداش ۋە تىرىشچان بولۇش. تالانت تۇغما خاسلىق ئاساسىدىكى تىرىشچانلىقتا بولىدۇ. تىرىشچانلىق بولمايدىكەن تۇغما خاسلىق بولغان تەقدىردىمۇ تالانتنىڭ يېتىلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىر ئادەمنىڭ ئىرسىيەت ئۈستۈنلۈكى ھەر قانچە بولسىمۇ، ئەگەر ئۇ تەرلەپ ـ پىشىپ ئىشلەشكە، تىنىمسىز ئىزلىنىشكە ماھىر بولمايدىكەن، ئۇ بۈيۈك ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايلا قالماستىن، بەلكى ئادەتتىكى نەتىجىگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ. قابىلىيەتكە ئىگە بولۇش، ئىقتىدارنى ئۈستۈرۈشتە سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىق بولماي مۇمكىن ئەمەس. (5) ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە قاتنىشىش. ئادەمنىڭ قابىلىيىتى ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشتىكى ئەمەلىي پائالىيەت داۋامىدا شەكىللىنىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتىگە بىۋاسىتە قاتناشقاندىلا ئۆزىنى ھەقىقىي چېنىقتۇرغىلى، ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.
(6) ئىجتىمائىي شارائىت ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈم ئادەمنىڭ قابىلىيىتىگە مەلۇم تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## قابىلىيەتنىڭ يادروسى — ئەقىل ۋە ئەقلىي ئىقتىدار

دۇنيادا تالانت ئاماللىرى ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا ئومۇميۈزلۈك ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي جەھەتتە پىكىر يۈرگۈزۈلىدۇ ھەمدە ئەقلى ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈشنى تالانت تەربىيىسىنىڭ نېگىزلىك مەزمۇنى قىلىدۇ. مۇشۇ ئەھۋالنى ئاساس قىلىپ ئەقىل ۋە ئەقلىي ئىقتىدارنى قابىلىيىتىنىڭ يادروسى سۈپىتىدە ئايرىم تىلغا ئالىمىز.

### 1. ئەقلىي قابىلىيەت بىلەن ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ مۇناسىۋىتى

ئەقلىي قابىلىيەت بىلەن ئەقلىي ئىقتىدار قابىلىيەت تەرەققىياتىدا بىر ـ بىرىگە زىچ باغلىنىدىغان ئىككى قانات بولۇپ، بىرى كەم بولسا قابىلىيەت تەرەققىي قىلالمايدۇ، ئەمما، بۇ ئىككى تەرەپنىڭ مەزمۇنىدا پەرق بولىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەت ئادەمنىڭ ئەقلىي پائالىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەقلىي ئىقتىدار بولسا، ئادەمنىڭ مەلۇم پائالىيەتنى ئېلىپ بېرىش، مەلۇم پائالىيەتنى ئورۇنداش كارامىتىنى، يەنى ئۇ پائالىيەت جەريانىدا كۆرسىتىدىغان قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەقلىي ئىقتىدار ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت پەزىلەتلىرى كاتېگورىيىسىگە كىرىسىمۇ، ئەمما ئادەتتە ئەقلىي قابىلىيەتنى ھاسىل قىلىدىغان ئامىللارغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى ئۇ ئەقلىي قابىلىيەتنى ھاسىل قىلىدىغان تۆرلۈك قابىلىيەتلەر ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا زۆرۈر بولغان، ئەقلىي پائالىيەتلەرنىڭ ئۈنۈمچانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قابىلىيەتلەردۇر. شۇنداق بولغاچقا، ئەقلىي قابىلىيەت تالانتنىڭ تەرەققىياتىدا چەكلىك بولىدۇ، ئەقلىي ئىقتىدار ئىنسانىيەتنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇش مەنىسىدىن چەكسىز بولىدۇ. بىز ئادەتتە ئېيتىدىغان «ئەقلىي ئىقتىدار» ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش ئاساسىدا ئېرىشىدىغان، بولۇپمۇ دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان قىيىن مەسىلىلەرنى ئىجادىي ھەل

قىلغاندا ئىپادىلىنىدىغان پسىخىك پەزىلەت (ئەقلىي ئىقتىدار پەزىلىتى ۋە خاسلىق پەزىلىتى) دۇر. تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنىڭ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئىپادىلىنىدىغان ھەممە بىر خىل ياكى بىر نەچچە خىل مەدەنىيەت مۇھىتىدا قەدىرلىنىدىغان قابىلىيەتلەر جەمئىيسىدۇر. ئەقلىي قابىلىيىتى ئۈستۈن ئادەملەر ئادەتتە ئەقلىي ئىقتىدارىمۇ ئۈستۈن بولىدۇ. ئەمما، بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى مۇتلەق ئەمەس.

ئەقىل ياكى ئەقلىي قابىلىيەت ھەققىدە ئالىملارنىڭ قاراشلىرىدا تالاش - تارتىشلار بار. چۈنكى، ئەقىل دېگەن 120 خىلدەك ئامىلدىن قۇرۇلغان مۇرەككەپ جانۇ جاھان بولغاچقا، ئۇنى ئاددىيلا چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بىز ئەقىل ھەققىدىكى بىر قەدەر تەپسىلىي چۈشەنچىلەرنى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1990 - يىلى 6 - ئايدا نەشر قىلىنغان «ئەقىل ۋە پەزىلەت» دېگەن كىتابتىن كۆرۈۋېلىشنى تەۋسىيە قىلىپ، قىسقا كەپنى قىلغاندا، ئالىملارنىڭ قاراشلىرىنى تۆۋەندىكىچە خۇلاسە قىلىش مۇمكىن:

بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئەقلىي قابىلىيەت ئادەمنىڭ تۈرلۈك مۇرەككەپ شەيئىلەر ۋە ئابستراكت تەپەككۇرنى بىر تەرەپ قىلىش قابىلىيىتىدۇر.

بەزىلەرنىڭ قارىشىچە، ئەقلىي قابىلىيەت ئادەمنىڭ تۈرلۈك قابىلىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسىدۇر. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئەقىل مەلۇم بىر تەرەپتىكى قابىلىيەت بولماستىن، بەلكى ئادەمنىڭ تەپەككۇر، ئۆگىنىش، ئۇيغۇنلىشىش قاتارلىق بىلىش پائالىيەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇنىۋېرسال قابىلىيەت، مىڭە بايلىقى بولۇپ، بۇنداق قابىلىيەت كىشىلەرنىڭ بىلىش پائالىيىتىنى ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىشىغا، مەسىلىلەرنى توغرا تەھلىل قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. ئۇ ھەر قاچان كۆزىتىش، تەپەككۇر قىلىش، خاتىرە قىلىش، دىققەت قىلىش، تەسەۋۋۇر قىلىش، ھۆكۈم چىقىرىش، تەھلىل قىلىش قاتارلىق بىر يۈرۈش بىلىش پائالىيەتلىرى داۋامىدا ئىپادىلىنىدۇ ھەمدە تەپەككۇرنى مەركەز قىلىدۇ. ئەقلىي ئىقتىدار بولسا، مانا مۇشۇنداق زور يوشۇرۇن قابىلىيەت ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز تەپەككۇر بىلەن چەكسىز تەرەققىي قىلىدۇ. ئىرسىيەتلىك بولماستىن، ئىجتىمائىي ئامىللار، تەلىم - تەربىيە ئامىللىرى، ئەمەلىيەت ئامىللىرى ئەقلىي ئىقتىداردىكى ئامىللارغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بىز ئەقىلنى يوشۇرۇن بايلىق مەنبەسى دەپ چۈشەنسەك، ئەقلىي ئىقتىدارنى ئەنە شۇ ئەقىل بايلىقىنى ئاچقۇچى تەپەككۇر قىلىۋاتقان روھ، تەپەككۇر قىلىۋاتقان مۇشۇ روھ ئۇرغۇپ تۇرغاندا ھەمدە زامانىۋى ئۇسۇللار بىلەن رىغبەتلەنگەندە ئەقىلدىن ئىبارەت بۇ بايلىق ئۈنۈملۈك ئېچىلىدۇ. ئەقىلدىكى كۆزىتىش، خاتىرە تەپەككۇر، دىققەت، تەسەۋۋۇر... قابىلىيەتلىرى كۆزىتىش ئىقتىدارى، خاتىرە ئىقتىدارى، تەپەككۇر ئىقتىدارى، دىققەت ئىقتىدارى، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارى ... بولۇپ چەكسىزلىككە قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ، دەپ چۈشىنىمىز. مۇشۇنداق قارىغاندا، ئادەم ھايۋاندىن تەپەككۇر ئارقىلىق ئايرىلىپ چىقىدۇ، تەپەككۇر ئادەمنىڭ تەبىئىتى بولىدۇ، بۇ تەبىئەت ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئاساس بولىدۇ. نېمىس پېداگوگىكى ۋېتتېنىڭ قارىشىچە، ئەگەر ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت جەھەتتىكى يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى 100 ھېسابلىغاندا، بەش ياشقىچە تەربىيىلەنمىگە بالىنىڭ يوشۇرۇن ئەقلىي قابىلىيىتى 80 گە چۈشۈپ قالىدۇ؛ ناۋادا بۇ بالىنى يەنىلا تەربىيىلىمىگەندە ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئەقلىي قابىلىيىتى داۋاملىق تۆۋەنلەپ بارىدۇ. تەخمىنەن ئېيتقاندا، ھەر بەش يىلدا 20 پىرسەنتكە تۆۋەنلەپ بارىدۇ. ئۇ ھاياتلىقنىڭ چەكسىز تەرەققىيات جەريانىغا مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولۇپ ماڭىدۇ. ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسى 100 پىرسەنتكە يېتىپ بېرىپ توختىسىمۇ، ئەقلىي ئىقتىدار 200 پىرسەنتكە، 1000 پىرسەنتكە يېتىپ بارىدۇ. ئادەمدىكى بۇنداق ئۆسۈپ بارىدىغان ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ شەكىللىنىشى ئادەمنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا تۇتۇپ تۇرغان، مىليون يىللىق ھاياتلىق ئۆزگىرىشى شەكىللەندۈرگەن ناھايىتى مول جىسمانىي ۋە مەنىۋى قۇدرەت ئامىللىرىغا باغلىق بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئىنسانىيەتنىڭ مىليون يىللاردىن بۇيانقى ئەمەلىيەت پائالىيىتى، بولۇپمۇ ئىجادىي پائالىيەتلىرى يېتىشتۈرگەن ئىجتىمائىي مەدەنىيەتنىڭ ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ھالىتىگە، پسىخىك ھالىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرىگە، شۇنداقلا ئۆزگەرتىشىگىمۇ باغلىق بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، پسىخولوگىيە نۇقتىسىنەزىرىدىن قارىغاندا، نورمال ئۆسۈشكە مۇۋاپىق بولغان ھەر بىر ئادەمدە غايەت زور يوشۇرۇن ئەقلىي ئىقتىدار بولىدۇ. ھالبۇكى، ئادەم ئۆزىدىكى يوشۇرۇن

ئەقلىي ئىقتىدارنى كۆتۈرۈلدۈرگەندەك، ئىچىش ئۈچۈن، سۇبيېكتىپ بىلەن ئوبيېكتىپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا تەقەززا قىلىدىغان، ئۆز ئارا ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇناسىۋەتلەرنى دىئالېكتىك بىر تەرەپ قىلىش كېرەك بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، ياخشى تەن پىسخىك ساپا ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ كۆتۈرۈلدۈرگەندەك ئېچىلىشىغا ماددىي ئاساس بولسا، ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي شەرتلەر ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت نۇرسەتكۈچىگە يېتىدىغان شارائىتى بولىدۇ. ئەمما ئىجادىي ئەمگەككە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەقلىي قابىلىيىتى ناھايىتى ئۈستۈن بولغان بىر ئادەمنىڭ ئىجادچان بولۇپ كېتىشى ناتايىن. چۈنكى، ئەقلىي قابىلىيىتى ئۈستۈن ئادەملەرنىڭ ھەتتا بىلىمى خېلى كۆپ ئادەملەرنىڭمۇ ئىجاد قىلالمايدىغانلىقىنى ھەممىمىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تارىخىي پاكىتلار نەزەرىمىزگە سېلىپ تۇرۇپتىكى تارىختىكى نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلار ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكى ياكى بىلىمىنىڭ كۆپلۈكىدىنلا ئەمەس، ئاساسلىقى، مەخسۇس مەسىلىلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتى نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن، ھەتتا ھۆر كېمىسىنى سەنئەتكار پولتون، پاختا چىقىرىش ماشىنىسىنى باشلانغۇچ مەكتەپ مۇئەللىمى گوتنى ئىجاد قىلغاندەك، كەسىپ ئەھلى بولمىغانلارمۇ مەخسۇس ئىزدىنىش نەتىجىسىدە باشقا كەسىپلەردە ئالىم، ئىختىراچى بولۇپ يېتىشكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىلمىي تەربىيىلىنىش ـ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش، ئىنتىلىش، ئىزدىنىش، ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئېچىلىشىدا ئەلا ئۈنۈم ھاسىل قىلىدىغان مۇھىم ۋاستە بولىدۇ. ئەمەلىيەت بىلەن ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقى بولۇپ ئىپادىلىنىدىغان خاسلىق ـ يۇكسەك ئىنتىلىش پىسخىكىسى ۋە ئاكتىپ كىشىلىك تۇرمۇش پوزىتسىيىسى يوشۇرۇن ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئېچىلىشىدىكى ئەڭ زور تەرەپلەردە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ، بولۇپمۇ ھەر كۈنلۈكى دېگۈدەك يېڭىلىق پەيدا بولۇش بىلەن بىر چاغدا، كىشىلەرنى چۆچۈتۈپ قويىدىغان خېيىم ـ خەتەرلەرنىمۇ سوۋغا قىلىپ تۇرىدىغان بۈگۈنكى دۇنيادا كىشىلەر كۆز ئالدىدىكى ۋە كەلگۈسىدىكى تۈرلۈك رىقابەت ۋە مۇسابىقىلەرگە ئويغۇنلىشىش ئۈچۈن ئۆگىنىشنى، سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاكتىپ ياشاشنى ئۆگەنمەيدىكەن، يوشۇرۇن ئەقلىي ئىقتىدارنى ئېچىشتا ياخشى ئۈنۈم قازىنالمايدۇ.

— كەلگۈسىدىكى ساۋاتسىزلار، — دەيدۇ تالانت تەتقىقاتچىسى پسىخولوگ ھوببىرت. گىئورگىي، — كىتاب ئوقۇشنى بىلمەيدىغانلار ئەمەس، بەلكى قانداق ئۆگىنىشنى ئۆگىنىپ ئالالمىغانلاردۇر. تازا زەڭ قويىدىغان بولساق، زامانىمىزنىڭ ئەقلىي ئىقتىدار تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي يۈزلىنىشى «بىلىم بار» دەيدىغانلارنى پەقەت يېڭى ئەقلىي ئىقتىدار قۇرۇلمىسىنى تۇرغۇزۇشنى بىلىم ئاساسى بىلەن تەمىن ئېتەلەيدىغانلار دەپلا چۈشىنىدۇ، يەنى بۇ ھال مەكتەپلەردە ئوقۇشنىڭ ئاياغلىشىشى، تالانت نۇقتىسىدىن ئالغاندا، پەقەت تېخىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىشنىڭ باشلىنىشى بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى. جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە ئەركىن ئويغۇنلىشىپ ماڭىدىغان ئادەملەرنىڭ ئۆمۈرۋايەت ئۆگەنگۈچىلەر بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن، زامانىمىزدا تالانت بوسۇغىسىدىن كىرىشكە ئىنتىلىۋاتقان ئادەملەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرىنى بىلىش ۋە ئۆگىنىش جەھەتتىن يېڭى تەجرىبىلەرنى ئىگىلەش ناھايىتى مۇھىمدۇر. چۈنكى پەقەت مۇشۇنداق يېڭىچە تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى، ئۇسۇللىرىنى ۋە ئۆگىنىشنىڭ يېڭىچە ئۇسۇل، تەجرىبە، ماھارەتلىرىنى ئىگىلىگەندىلا، ئادەم ئۆزىنىڭ پاراسەت پائالىيىتىنى يېڭىچە يۇقىرى ئىقتىدار، ئۈنۈم بىلەن خىزمەت قىلىدىغان ھالەتكە كەلتۈرەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەقلىشۇناسلار بىزدىن ئۆزىمىزنى يول ئېچىپ ماڭىدىغان، يېڭىلىق يارىتىدىغان، ئىقادىي خاراكتېرى ئۈستۈن ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇشتا «رەسمىيلەشكەن بىلىملەرنى بىر تەرەپ قىلىش فۇنكسىيىسى» (بىلىمنى يادىغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان تەكرارلاش خاراكتېرىدىكى ئەقىل ئەمگىكى) مىنىڭ نېگىزلىك قانۇنىيەتلىرى ۋە ئۇسۇللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆگىنىش ماھارەتلىرىنى ئىگىلەش (بۇ ھەقتىكى ماھارەتلەرنى ئۆگىنىش ئۈچۈن مىللەتلەر نەشرىياتى 1993 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئادەم ۋە ئىقتىدار» دېگەن كىتابنىڭ ماھارەت قىسمىغا قاراڭ) بىلەن بىر چاغدا، تېخىمۇ مۇھىمى، «يېڭىلاش تىپىدىكى غەيرىي رەسمىي بىلىملەرنى بىر تەرەپ قىلىش فۇنكسىيىسى ۋە بايقاش تىپىدىكى بىلىملەرنى بىر تەرەپ قىلىش فۇنكسىيىسى» (ئالدىنقىسى قارار چىقىرىش، مۆلچەرلەش، لايىھىلەش، تەتقىق قىلىش، ئىجاد قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەقلىي ئىقتىدارنى كۆرسىتىدۇ، كېيىنكىسى ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك پاراسەت پائالىيىتى

قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ) بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەپەككۇر قانۇنىيىتى ۋە ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئىگىلەش، پاراسەت پائالىيىتى پەزىلىتىنى ئۆستۈرۈشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىشنى تەكىتلەيدۇ. مانا بۇ ئادەمنىڭ ئەقىل ۋە ئەقلىي ئىقتىدار بولۇقىنى ئېچىپ، تالانت بوسۇغىسىدىن كىرىپ كېتىشتىكى مۇھىم ھالقىدۇر.

بىراق، شۇنىڭغا دىققەت قىلماي بولمايدۇكى، بۇنداق ئېچىشتا توغرا نۇقتىئىنەزەر ـ يېتەكچى ئىدىيە بولۇش كېرەك. مەسىلەن، بۇ مەسىلىدە بەزىلەر: «ئىرسىيەت ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دېگەن نۇقتىئىنەزەرگە، بەزىلەر: «مۇھىت ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دەيدىغان نۇقتىئىنەزەرگە ئەگىشىپ كەتكەن. «ئىرسىيەت ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دەيدىغان قاراشتىكىلەر: ئادەم تۇغۇلۇشىدىلا مەلۇم خىلدىكى بەلگىلىك ئەقلىي ئۈستۈنلۈك ياكى زېھنىي بولۇنىمىگە ئىگە بولىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، بىز جانابىي ئاللا بىزگە ئاتا قىلغان ئەقلىي ئىقتىدار ياكى زېھنىي بولۇنمە بويىچە قاتار بولىمىز، ئومۇمەن كۆپچىلىكىمىز «ئەقىللىق»، «ھوشيار»، «چېچەن» ياكى «پاراسەتلىك» ئادەملەر قاتارىغا كىرىپ كېتىمىز دەۋېلىپ، كىشىلەرنى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئېچىشتىن ۋاز كەچتۈرسە، «مۇھىت ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دەيدىغان قاراشتىكىلەر ئادەمنى تۇغۇلۇشىدىلا ھېچقانداق ئاساسى يوق بىر ۋاراق «ئاق قەغەز»، «تىرىشچانلىق ـ تالانت» دەۋېلىپ، ئادەمدىكى تالانتنىڭ ھەممىنى ئادەم ياشاۋاتقان مۇھىت ئۆزلۈكىدىن بېرىدىغاندەك، كىشىلەرنى پائالىيەتچانلىق بىلەن مۇھىتنى ياخشىلاش، شۇ ئاساستا ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئەقلىي ئىقتىدارنى ئېچىش ۋە داۋاملىق ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت تىرىشچانلىقتىن ۋاز كەچتۈرىدۇ. شۇڭا، ئەقلىي ئىقتىدارنى ئېچىشتا يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە سەگەك بولۇپ، «ئىرسىيەت ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دەيدىغان ياكى «مۇھىت ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دەيدىغان خاتا نەرسىلەرنىڭ كەينىدىن مېڭىپ كېتىشكە سەگەك بولۇش كېرەك. شۇنداق ئىكەن، ئۆزىمىزدىكى ئەقلىي قابىلىيەت ۋە ئەقلىي ئىقتىدارنى قانداق بىلىمىز ۋە ئاچىمىز؟

## 2. ئەقلىي قابىلىيەت

ئەقىل ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقان بىر پەيلاسوپ ئۆزىنىڭ قەلبىدە يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋاللارنى بايان قىلغاندا، بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئاسمان بوشلۇقىغا قاراپ بولۇپ، ئاندىن كۆڭلۈمگە قاراپ چىققىنىمدا مەڭگۈلۈك بىر تىترەپ كەتتىم. چۈنكى، بىزنىڭ بىلىپ يەتكىنىمىز، بىزنىڭ ھېچنېمىنى بىلمەيدىغانلىقىمىز ئىكەن، دېگەن. شۇنچە كۆپ بىلگەن ئالىم نېمىشقا بۇنداق دەيدۇ؟ چۈنكى ئۇ ئىجادىيەت پاراسىتىنىڭ يۈكسەك چوققىسىدا تۇرۇپ خىيال سۈرگەن. ئەقىلدىكى نۇرغۇن سىرلار، بولۇپمۇ ئىلھام، بىۋاستە سەزگۈ ھەققىدىكى يېڭى بايقاشلار تېخىچە خېلى كۆپ ئادەملەر بىلمەيدىغان يېڭىلىقلاردۇر. ئامېرىكىنىڭ «ئىلىم ـ پەن» ژۇرنىلى نېمە ئۈچۈن مۇشۇ ئەسىردە ئىنسانىيەتكە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن 20 تۈرلۈك ئىلىم ـ پەن نەتىجىسى ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا يالتىراق، ئىككىنچى ئورۇندا زېھنىي سىناش مۇسابىقىسى تۇرىدۇ، دەيدۇ؟ چۈنكى زېھنىي سىناش باشلانغاندىن كېيىن ئەقىلدىكى سىرلىق قەسىرلەر ئېچىلىپ، گىگانت ئادەملەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تېخىمۇ كەڭ يول ئېچىلغان.

راست دېگەندەك، ئەقىل بابىدا ئۆزىنى بىلىش ئالىملاردىن تارتىپ ئاددىي ئادەملەرگىچە كامالەت ئىزدەشنىڭ باش ھالقىسى، «مېنىڭ كاللام ئىشلىمەيدۇ» دەپ مەيۈس يۈرگەنلەر ئۈچۈن تالانت بوسۇغىسىدىن كىرىشنىڭ شەرتى. بەزى ئادەملەر ئۆز ئەقلىنى بىلىپ يېتەلمىگەندە ئۆزىنى سەل چاغلاپ يۈرگەن بىلەن، بىلىپ يەتكەندە ئۆزىدە قوتان بولاقتەك ئېتىلىپ تۇرىدىغان تالانت مەنبەسى بارلىقىنى بىلگەن. ئالبېرت ئېينىشتېيىن 30 ياشتا «نىسبىيلىك نەزەرىيىسى» نى ئىجاد قىلىپ دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بىلەن، كىچىك ۋاقتىدا ئەقلىدە ئارقىدا قالغان بالا ئىدى. ئۇن نەچچە يېشىدا شۇ سەۋەبتىن مەكتەپتىن چىقىرىۋېتىلگەنىدى. ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن ئۈمىدسىزلىنەتتى. مەكتەپتىن ھەيدىلىپ 11 يىلدىن كېيىن دۇنياغا تونۇلغان ئالاھىدە تالانتلىق ئادەم بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بەزى ئەسلىمىلىرىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ بۇنداق تالانت كۆرسىتىشى ئۇنىڭ ئۆزىدىكى ئەقلىي قابىلىيەتنى بىلىپ يەتكەنلىكى ۋە دەرھال تولۇقلاش تەدبىرلىرىنى قوللانغانلىقى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئالىملارنىڭ توغرا نەسىھەتلىرىدىن قارىغاندا، بىزمۇ ئۆزىمىزنى بىلىپ يېتىپ، ئەقىل تولۇقلاش تەدبىرلىرىنى قوللانساق، تالانت بوسۇغىسىدىن كىرىشكە شەرت ھازىرلاپ كېتەلەيمىز. ئەقىل تەركىبىدە ناھايىتى كۆپ ئامىللار بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە، ئاساسلىقى، تۆۋەندىكى قابىلىيەتلەر رول ئوينايدۇ: (1) كۆزىتىش قابىلىيىتى،

كۆزىتىش قابىلىيىتى چوڭ مېڭىنىڭ شەيئىلەرنىڭ تىپىك ئۆزگىچىلىكلىرىنى ۋە ئىنچىكە دائىرىلىرىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بايقاپ ئالىدىغان قابىلىيىتى بولۇپ، ئۇ، بىلىش پائالىيىتىدە ناھايىتى كۈچلۈك سەزگۈلۈك بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. كۆزىتىش قابىلىيىتى كۈچلۈك ئادەم شەيئىلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى تېز، توغرا ئىگىلەپ ئالالايدۇ، يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ ئالالايدۇ. شۇڭا، كۆزىتىش قابىلىيىتى كۈچلۈك بولغاندا، كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ كېتىشكىمۇ قولايلىق شارائىت تۇغۇلىدۇ. كۆزىتىش قابىلىيىتى تۆۋەن بولسا، ئادەملەردە سەزگۈلۈك ئاجىزلاپ كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان نەرسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈپ ئالالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. كۆزىتىش قابىلىيىتى ناھايىتى تۆۋەن بولسا، ئادەم قوڭغۇراقتەك جاراڭلاپ تۇرۇۋاتقان ئاۋازلارغىمۇ قۇلىقىنى يوپۇرۇپ ماڭىدىغان بىپەرۋالىقتا — قەلبپالەچلىكىگە يۈزلىنىدۇ. قەلبىدە سەزگۈلۈك ئەمەس، بىپەرۋالىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئادەمدە زىلىلىق تۈگەيدۇ ـ دە، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان گۈللەر ئارىسىدا تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ نازۇك خۇش پۇراقلىرىنى ئايرىيالماي، قايسىسى ئېگىز تۇرسا شۇنى، قايسىسى يوغان ئېچىلسا شۇنى ياخشى گۈل دەۋېرىدۇ. خۇش ئاۋاز ناخشىچىلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرىنى پەرقلەندۈرمەستىنلا، ئۇلارنىڭ تەققى ـ تۇرقىغا قاراپلا ھۆكۈم چىقىرىۋېرىدۇ. دېمەك، كۆزىتىش قابىلىيىتى ناچار بولغاندا ئادەمدە بىر خىل بىپەرۋالىق ئۆسۈپ كېتىدۇ ـ دە، ئادەم كۆزى ئوچۇق قارىغۇ، قۇلىقىبار گاس بولۇپ، تالانت بوسۇغىسىدىن كىرىشتە بىرىنچى توساققا دۇچ كېلىدۇ. (2) خاتىرە قابىلىيىتى. خاتىرە قابىلىيىتى چوڭ مېڭىنىڭ بىلىنىپ بولۇنغان شەيئى، بىلىم ۋە باشقاشەيئىلەرنى ئەستە ساقلاش ۋە يادىغا كەلتۈرۈش قابىلىيىتىدۇر. ئادەتتە، چوڭ مېڭە ئاڭلىغان، ئويلىغان، كۆرگەن ۋە بېشىدىن كۆچۈرگەن نەرسىلەر ھەققىدە تەسىرات قالدۇرىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى سەل ـ پەل كۈچەپ ئەستە قالدۇرسا، ئۇلار مېڭىدە ساقلىنىدۇ، ئۇلارنى تەتبىقلاش توغرا كەلگەندە، ئۇلارنى يەنە يادىغا كەلتۈرەلەيدۇ. بۇنىڭ ئادەم مۇشۇ قابىلىيىتىگە تايىنىپ تېخىمۇ كۆپ بىلىملەرنى جۇغلىيالايدۇ. تېخىمۇ كۆپ تەجرىبىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ ھەمدە شۇ ئاساستا مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىش، ھەل قىلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، خاتىرە قابىلىيىتى — ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ھاسا تايىقى، پاراسەتنىڭ بۇلىقىدۇر. ئەگەر ئەقلىي قابىلىيەت مۇنداق ھاسا تاياقتىن ئايرىلسا، قېرى ئادەم قولىغا ھاسا تاياق ئالمىسا لىغىلداپ كەتكەندەك داۋالغۇپ كېتىدۇ ياكى يىقىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تالانت بوسۇغىسىدىن كىرىشكە يەنە بىر توساق قۇرۇلىدۇ. (3) دىققەت قابىلىيىتى. دىققەت قابىلىيىتى ئادەمنىڭ ئوي ـ پىكرىنى ئالدىن بەلگىلەنگەن مەقسەت بويىچە مەلۇم ئالاھىدە ئوبيېكتقا توغرىلاش ۋە مەركەزلەشتۈرۈش قابىلىيىتىدۇر. دىققەت قابىلىيىتىنىڭ ياخشى ـ ناچار بولۇشى بىر ئادەمنىڭ شەيئىلەرنى بىلىشىنىڭ چوڭقۇر ـ تېيىزلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. دىققەت قابىلىيىتى ناچار ئادەملەرنىڭ ئادەتتە زېھنىي كۈچى بىر ئىشقا مەركەزلەشمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن شەيئىلەرنى بىلىشى بىر قەدەر تېيىز بولىدۇ، ھەتتا ناتوغرا بولىدۇ، بۇنداق ئىكەن، دىققەت قابىلىيىتىنىڭ ناچارلىقى ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسىنى تۆۋەنلەشتۈرىدۇ ـ دە، تالانت بوسۇغىسىغايەنە بىر توساق قويۇلىدۇ. (4) تەپەككۇر قابىلىيىتى. تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئادەم مېڭىسىنىڭ تىل قورالىدىن پايدىلىنىپ، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ۋاستىلىك يىغىنچاقلاش ۋە ئەكس ئەتتۈرۈش قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ، ئوبيېكتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى بولۇپ، ھېسسىي بىلىش ئاساسىدا شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك مەنسۇپلىقى ۋە ئىچكى قانۇنىيىتىگە بولغان بىلىشتۇر. تەپەككۇر قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى، تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ توغرا ـ ناتوغرىلىقى خېلى زور دەرىجىدە كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر لۇشيەننى، جەريانىنى، لوگىكىلىق تەرتىپىنى ۋە كونكرېت شەكىللىرىنى بەلگىلەيدۇ. شۇ ئاساستا كىشىلەرنىڭ شەيئىلەرنى كۆزىتىش، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىدىكى كونكرېت ئۇسۇلىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئادەمنىڭ پىكىر ئالاھىدىلىكى قانداق تىپتىكى تالانتلىق ئادەم بولۇشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، نۇرغۇن ئالىملار، تەپەككۇرنى تالانتنىڭ تۆرىدە قالىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن پوشكىننىڭ بىر سۆزىنى نەقىل قىلىپ قويساق يېتەرلىك بولار. پىكىر: بۈيۈك نەرسە! ئىنساننىڭ ئۇلۇغۋارلىقى پىكىر قىلىشتىن بولماي نېمىدىن بولاتتى؟! (5) تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى. تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى چوڭ مېڭىنىڭ بىلىپ بولۇنغان پاكىتلار ياكى تەييار بولغان كۆز قاراشلار ئاساسىدا يېڭىباشتىن يېڭى ئوبراز تۇرغۇزۇش قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بىر

ئادەمنىڭ مېڭىسىنىڭ جانلىق بولۇش - بولماسلىق دەرىجىسىنى، بىلىمنى تەتبىقلاش دەرىجىسىنى ۋە يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتىنى بەلگىلەيدۇ. بىز ئادەتتە دەپ يۈرگەن ئىجادىي قابىلىيەت دېگەنمۇ ئەمەلىيەتتە تەسەۋۋۇر، تەپەككۇردىن ئىبارەت ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ بالىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تۇرمۇشتىكى ئۆزگىرىشلەردە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئالىملارنىڭ ئېيتىشىچە، ھەر بىر ئادەمدىكى يوشۇرۇن ئىجادىي قابىلىيەت ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. مەسىلەن، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردىن مەلۇماتلىق بىر يازغۇچى ئۆيدە ئولتۇرۇپ يازغاندا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇر كەپتەرلىرى بىردەم يەتتە قات ئاسماندا قانات قېقىپ يۈرسە، بىردەم دېڭىزنىڭ قەھرىدە ئۈزۈپ يۈرىدۇ. ھازىرقى كۈندىكى سۇ ئاستى كېمىلىرى بىلەن ئايروپىلانلارمۇ كىشىلەر ناھايىتى بۇرۇن تەسەۋۋۇر قىلغان نەرسىلەر ئىدى. بىزنىڭ ھازىرقى كۈندىكى خىياللىرىمىزمۇ كۈنلەرنىڭ بىرى يەنە ئەمەلىيەت بولۇپ قالىدۇ. يەنە كېلىپ، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ھەممە ئادەمدە بولىدۇ. ئامېرىكىنىڭ تەتقىقات ئورۇنلىرى بۇنىڭدىن 50 يىل بۇرۇن ئىشچىلار ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىدا تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ۋە مۇستەقىل ئىجادىيلىق بارلىقىنى بايقىغان بولسا، ھازىرقى كۈندە ئامېرىكىلىقتىكى ئىجادىيەت بۇلىقىنى ئېچىشتىمۇ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئاھالىدە ئىجادىيلىق بار دېگەن ھۆكۈم بىلەن ئېچىش ئېلىپ بارماقتا. بۇنىڭغا يەنە شۇنداق بىر نەرسە پاكىت بولىدۇكى، ئىلىم - پەندىكى نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلەر ئىنتايىن ئاددىي ھەم كەسىپ ئەھلى بولمىغان ئادەملەر تەرىپىدىنمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ قالغان. 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا نەچچە مىليون تۈرلۈك ئىختىرا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپچىلىكىنى ۋىجدانلىق ئاددىي ئادەملەر ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن ياراتقان. بۇ مەلۇماتنى ئامېرىكىلىق يوھان كورىيە ئېيتقان بولسا، ئامېرىكىدا سەنئەت پىرى دەپ نام ئالغان ھېنرى ۋىلسونمۇ: «ھەر قانداق ئادەمدە مۇستەقىل ئىجادىيلىق بار، ھەر قانداق ئادەم بىر بەدىئىي تۈزۈلمىنى لايىھەلەيدۇ، ئۇنىڭ لايىھىلىگىنى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئەسەر بولالمىغاندىمۇ، ھېچبولمىغاندا، خېلى يۈكسەك گۈزەللىكنى نامايەن قىلىدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى چىقىرىپ، تەسەۋۋۇر، مۇستەقىل ئىجادىيلىقنىڭ ئومۇملىقىنى كۆرسىتىش بىلەن، ھەممە ئادەمنى ئويلاشقا دەۋەت قىلغان.

قىسقىسى، پسىخولوگلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ يۇقىرىدىكى ئامىللىرى مېڭىسى ساق بارلىق ئادەملەردە بار نەرسە بولۇپ، ئۇلارنى ساغلام تۇغمىلىق ئاساسىدا تەربىيە، مەشق ئارقىلىق يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ. بۇ قابىلىيەتلەرنىڭ كىشىلەردىكى پەرقىگە كەلسەك، تۇغمىلىقتىكى پەرق ناھايىتى ئاز بولىدۇ، بۇنداق پەرق ھەر كىمنىڭ تەربىيە ۋە مەشق جەريانىدىكى تىرىشچانلىقى ۋە پەزىلەت چېنىقىشى ئارقىسىدا بارغانسېرى چوڭىيىپ بارىدۇ. مەلۇمات بېرىشىچە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئىرانىنى ئىستېلا قىلىشتىن بۇرۇن ناھايىتى ئىجادچان، تەسەۋۋۇر كۈچىگە باي بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەتتا ئوتتۇرا ئاسىياغىمۇ خوجايىن بولماقچى بولغان، ئۇنىڭ ئەقلىگە كەلگەن ئىشلارنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئۆزگىچىلىكىدىن كىشىلەر ھەيران بولۇشقان. 25 ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ كاللىسىنى ساقال - بۇرۇتنى يوق قىلىپ مەڭگۈ ياش تۇرۇشتىن ئىبارەت شۆھرەت ھەم شەھۋە ئارىلاشقان بىر ئىدىيە چىرمىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە بىخودلۇق ئۈستۈن ئورۇنغا ئۆتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن ئىجادىي تەسەۋۋۇرلار ئاجىزلاپ كەتكەن. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئۇنىڭدىكى ئۈستۈن تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى تىرىشچانلىقتىن ئايرىلىپ بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتكەن. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئامېرىكا يازغۇچىسى ر.ل، ستۋېنس 44 يېشىدا ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇن تىنىماي ئەسەر يېزىپ تۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ئۇنىڭدىكى ئالاھىدە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى بارغانسېرى كۆتۈرۈپ، گېيوتىدەك ئۇلۇغلارغا يېقىنلاشتۇرۇپ قويغان. ئالاھىدە تۇغما قابىلىيەت دەسلەپكى چاغلاردا ئادەمنى ئالاھىدە تالانت قىلىپ كۆرسەتسىمۇ، ئادەمدىكى ئىچكى رىغبەت ياكى تىرىشچانلىقتىن ئايرىلسا تۈگىشىدۇ. ئەگەر غايىۋى رىغبەت بىلەن تىرىشچانلىققا ھامىي بولسا، ھەتتا قېرىپ كەتكەندىمۇ كەچكۈزدىكى گۈلدەك ئېچىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىر ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسى يەنە بىر ئادەمنىڭ ئارقىسىدا قالغاندا، ناۋادا ئۇنىڭ تۇغمىلىق شەرتلىرىدە كەملىك بولمايدىكەن، ئىجتىھات ئارقىلىق ئۆگىنىپ، مەشق قىلىپ ئالدىدا كەتكەن ئادەمگە يېتىۋالالايدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ تۇغمىلىق شەرتلىرىدە كەملىك بولمايدىكەن، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، مەشق قىلىپ ئالدىدا كەتكەن ئادەمگە يېتىۋالالايدۇ. چوڭ مېڭە

ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ماددىي ئاساسى، چوڭ مېڭە ھۈجەيرىلىرىنىڭ پائالىيىتى ئادەمنىڭ بىلىش جەريانى بولغانلىقتىن، ھەركىمنىڭ ئالدادا كەتكەنلەرگە يېتىشۋېلىشى، ئىنتىلىشى ئەقلىي قابىلىيەت ئومۇمىي سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇشىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمما، ئەقلىي قابىلىيەت تەركىبىدىكى ئامىللاردىن بىرى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بەش ئامىل خۇددى بىر ماشىنىغا قۇراشتۇرۇلغان زاپچاسلاردەك بىر قۇرۇلمىغا مۇجەسسەم بولغان بولۇپ، ماشىنىنىڭ بىر ۋېنتىسى كەم بولسا ماشىنىدا چاتاق چىققاندەك، ئادەمدىكى بۇ قابىلىيەتلەرنىڭ قايسى بىرى كەم بولسىمۇ ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىدا چاتاق چىقىدۇ. شۇڭا، ئادەتتە بۇ قابىلىيەتلەرنىڭ بارلىقىنى يېتىلدۈرۈشكە، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ رولىنى تەپەككۇر قوماندانلىقىدا بىر پۈتۈنلۈكتە جارى قىلدۇرۇشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

لېكىن، شۇنى بىلىش كېرەككى، ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئامىللارنىڭ جۇغلانمىسى ئىجادىي قابىلىيەتكە باراۋەر ئەمەس. ئىجادىي قابىلىيەت دېگەن ئەقلىي قابىلىيەت تەركىبىدىكى ئامىللار، ئاساسلىقى، تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر قابىلىيەتلىرىنىڭ يۈكسەك تەرەققىي قىلىش ئەھۋالىدىكى بىر خىل كۆرۈنۈشتۇر. ئالايلۇق، تورمۇشتا بىز ھەقىقەتەن ھەممە ئىشتا پۈتۈنلەي قائىدىلەرنى قوغلىشىپ (ئاخۇنۇم جىجىق) لىق قىلىدىغان، پۈتۈنلەي كونىۋككەن ئادەتلەر بويىچە ئىش قىلىدىغان، ئالىي مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن تەقدىردىمۇ بىرەر ئىشتا بۆسۈپ ئۆتەلمەيدىغان ئادەملەرنى ئۇچرىتىمىز. ئۇلار ئەقلىي قابىلىيەتتە تۆۋەن ئەمەس، تەييار بىلىملەرنى ئۆگىنىش ۋە تەتبىقلاش جەھەتتە ئانچە گالۋاڭ ئەمەس، ھەتتا تېخى ئىمتىھاندا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ كېتەلەيدۇ. ئامېرىكىدا ھەر يىلى بىر مىليارد دوللارنى مۇشۇنداق ئادەملەر ئىمتىھان ئارقىلىق مۇكاپات ئالىدىكەن. بۇ ئەھۋاللار ئادەمنىڭ تۇغما ئۇستۇنلۇكى ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ ئېھتىماللىقىنى شەكىللەندۈرۈشتە بەلگىلىك رول ئوينىسىمۇ، ئۇنى پۈتۈنلەي بەلگىلەپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئەقلىي قابىلىيەت ـ زېھنىي بۆلۈنمە ئۇستۇنلۇكىنى كۆرۈپلا غەيرىي ئەقلىي ئامىللار ـ ئومۇمەن ئەقلىيپەزىلەت گۈل تاجىسى خاسلىقىنى نەزەردە تۇتماي «بۇ ئىجادكار بولىدۇ» دەپ قاراشقا بولمايدۇ.

### 3. ئەقلىي ئىقتىدار

ئەقىل ھەققىدىمۇنچىلىك تونۇشقا كەلگەندىن كېيىن، بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئۆزىمىزدە ئەقلىي ئىقتىدار بايلىقىنى كۆپەيتىش ۋە ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئۆزىمىزدىكى يوشۇرۇن ھالەتتە ئىش كۈتۈپ تۇرغان قىسمىنى ئېچىش بولىدۇ. ئەقىلگە مۇناسىۋەتلىك پەنلەرنىڭ يورۇتۇپ بېرىشىچە، ئاز ساندىكى ئەقلىي زىيادە ۋە ئەقلىي كەم ئادەملەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئادەملارنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى ئوتتۇرا ھال بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، كىمنىكى ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشتا ئىشنى بۇرۇن باشلاشقا مۇۋەپپەق بولساق ھەمدە ئاخىرىغىچە ئۇنى چېنىقتۇرۇش كويىدا بولسا، ئۇنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى زىيادىلىككە كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ھازىرقى ھالىتىمىزدىن باشلاپ ئەقلىي قابىلىيەتلىرىمىزنى يېتىشتۈرۈش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئۈستۈرۈشكە دىققەت قىلىدىكەنمىز، ئەقلىي ئىقتىدارىمىز تورمۇشىمىزدىن تارتىپ خىزمەتلىرىمىزگىچە ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلايدۇ ـ دە، بىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەت ھازىرقى ھالىتىمىزگە ئوخشىمايدىغان تەرەپكە قاراپتەرەققىي قىلىپ، نەچچە ياكى قانچە يىللاردىن كېيىن بولسا، زىلزىلە پەيدا قىلىدىغان ئۇلۇغ ئىشلارنى بىزنىڭ قولىمىزغا ئېلىپ بېرىدۇ.

ھېچ بولمىغاندا بىزنى ئەقىللىقلەر قاتارىغا ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. بىز شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىمىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىشنى تەكىتلەيمىزكى، بىر ئادەمدە يوشۇرۇن تۇرغان قابىلىيەت ئىجادىي قابىلىيەتكە تەڭ بولمايدۇ، چۈنكى، بۇنداق يوشۇرۇن قابىلىيەت ھەممە ئادەمدە بولسىمۇ، ئىجادىي قابىلىيەت پەقەت ھەر ئادەمنىڭ تىرىشچانلىق دەرىجىسىگە ئۆگىنىش مەشق قىلىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش دەرىجىسىگە باغلىق بولۇپ، كىمىكى تىرىشىدىكەن، جاپادىن قورقمايدىكەن، ئۇسۇلنى توغرا تاللايدىكەن، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى رەسمىي ئۈنۈم بېرىدىغان ئىجادىي قابىلىيەت ياكى ئەقلىي ئىقتىدار دەرىجىسىگە يەتكۈزىدۇ، ئەكسىچە بولغانلار ئۇ دەرىجىگە يەتكۈزەلمەيدۇ. ئادەمنىڭ بۇنداق ئىجادىي قابىلىيىتى ھاسىل قىلىدىغان ئامىللار ئادەمنىڭ جىسمانىي ساپاسى ـ چوڭ مېڭە ساپاسى، تۇرلۇك سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ ساپاسى؛ بىلىم ۋە تەجرىبىلىرى؛ يېڭىلىق يارىتىش ياكى ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتى؛ يېڭىلىق يارىتىش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەش ئەھۋالى؛ يېڭىلىق يارىتىش پەزىلىتى قاتارلىقلار بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىمى، ئىجادىي تەپەككۇر

قابىلىيىتى بولۇپ، ئادەمنىڭ بۇنداق يوشۇرۇن ئىقتىدارى ئادەتتە ئىختىيارلىق ھەم ئىختىيارسىزلىق ھالەتتە مېڭىدە ساقلىنىدۇ. ئىختىيارلىق كۆپ ھاللاردا ئىدراك، كۆزىتىش، دىققەت، خاتىرە، تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيەتلىرىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش تەرىپىگە قارىتىلىدۇ. تەپەككۇر قابىلىيىتى بىلىش قابىلىيىتىنىڭ يادروسى بولغانلىقتىن، مۇشۇ جەھەتتىكى ئېچىش (تەپەككۇر بۇلىقىنى ئېچىش) ئادەتتە ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەم مېڭىسىنىڭ ئىختىيارسىزلىق ھالەتتە تۇرغۇن تەرەپلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئىنسانىيەت پسىخىك پائالىيەتلىرىنىڭ بىلىپ يېتىلمىگەن بارلىق ساھەلىرىگە تارقىلىدۇ. مەسىلەن، پىنھان خاتىرە، پىنھان ئىدراك، پىنھان تەسەۋۋۇر ۋە تەپەككۇر (بىۋاسىتە سەزگۈ، كۆڭۈل يورۇش)، پىنھان ئاڭدىكى مۇددىئا بىلەن ئېھتىياج، شۇنداقلا ئىلھام قاتارلىق ئەنە شۇ قاتاردىكى ئامىللار بولۇپ، بۇلارنىڭ يادروسى چۈشتۇر.

### 1) ئادەم مېڭىسىدە ئىختىيارلىقتا تۇرغان ئەقلىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش

ھەر كىم تۇرمۇش سەنئەتكارى بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىختىيارلىق ئىلكىدىكى ئومۇمىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك.

كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش. ھەممە ئادەمدە ئىككىدىن كۆز بار. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆزىتىش قابىلىيىتىدە پەرق ناھايىتى چوڭ بولىدۇ. پەقەت چېنىققان ئۆتكۈر كۆزى — كۆزىتىش ئىقتىدارى بار ئادەملا ئۆزگىچە بىلىش ۋە خاسىيەتلىك بايقاشقا ئىگە بولىدۇ.

ئالايلۇق، بىر كۈنى گېرمانىيىنىڭ گوتىندا پسىخولوگلار مەجلىسى ئۆتكۈزۈۋاتقانىكەن، تۇساتتىن بىر ئادەم ئېتىلىپ كىرىپتۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قولىغا قورال ئالغان بىرى قوغلاپ كىرىپتۇ ـ دە، ئىككىسى پومىداقلىشىپ كېتىپتۇ، شۇئان بىر ئوق ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ ـ دە، ئېلىشىۋاتقان ئادەم مەيداندىن قېچىپ كېتىپتۇ. مەجلىس ئەھلى قورققىنىدىن تىنالماي قېلىشىۋاتقاندا، يەنە بىر ئادەم تۇساتتىن مەيدانغا چىقىپ: جانابلار، باياتىن يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ پۈتكۈل جەريانى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان تەرتىپ بويىچە كۆرسىتىلدى ۋە سىنغا ئېلىندى. ئەمدى ھەر بىرلىرى كۆرگەنلىرىڭلارغا ئاساسەن دوكلات يېزىپ چىقىڭلار. مۇشۇ ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە 50 پارچە دوكلات يېزىلغان، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى پەقەت بىر دوكلاتتا خاتالىق سادىر قىلىش 20 پىرسەنتتىن تۆۋەن بولغان. 20—40 پىرسەنتكىچە خاتالىق سادىر قىلغانلار 14 پارچە بولغان، 40 پىرسەنتتىن ئارتۇق خاتالىق سادىر قىلغانلار 25 پارچىدىن ئارتۇق بولغان. 50 پىرسەنتتىن ئارتۇق خاتالىق سادىر قىلغانلىرى 10 پارچە بولغان. پسىخولوگلار ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆزىتىشتە مۇشۇنداق خاتالاشقۇاتسا، ئادەتتىكى ئادەملەر نېمە بولماقچى؟ شۇڭا، بىر ئادەم بېرىلىپ كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئىگىلىسە ۋە ئۈزلۈكسىز ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزسە، ئاندىن ئىقتىدار بوسۇغىسىدىن كىرىشكە تەييارلىق كۆرەلەيدۇ. چۈنكى تالانت بابىدا ئېيتىلىۋاتقان كۆزىتىش ئىقتىدارى ئادەتتىكىچە قاراپ ئۆتۈپ كېتىش بولماستىن، بەلكى پىلانلىق، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئالىي ئىدراك فورماتسىيىدۇر. شۇنداق بولغانلىقتىن، كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشتە ئالدى بىلەن كۆزىتىشنىڭ يېتەكچىسى بولغان قىزىقىش بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى قىزىقمىغان نەرسىگە دىققەت مەركەزلەشمەيدۇ. باللار ئادەتتە ئەتراپتىكى نەرسىلەرگە ھەيران بولۇپ چوڭلارنىڭ ياردىمى بىلەن قىزىقىش ھاسىل قىلىدۇ. چوڭلاردىكى قىزىقىش ئۇنداق ئەمەس، ياشلار ۋە چوڭلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىلىم ـ پەن قوغلىشىش، تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك تەرىپىدىكى سەنئەتلىك ھەرىكەتلەر ۋە خەلقنىڭ گۈزەل كېلەچىكى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاش، ئىجادىي ھەرىكەتلەرنى جېنىدەك ئۇلۇغلاش، ھەقىقەت ئۈچۈن ئىنتىلىپ تۇرۇش ـ قىزىقىشنىڭ بۇلىقى بولىدۇ. تەنتەربىيە ھەۋەسكارلىرىنىڭ تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىگە ئۆزىنى ئېتىشى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ شۇ جەھەتتىكى ئەسەر ۋە كۆرەكلەرنى ئەتىۋارلاپ كۆرۈشى ھەمدە مۇشۇنداق قىزىقىشلار ئارقىسىدا تەنتەربىيىنىڭ ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بىرەر ساھەسىدە تالانت يېتىشتۈرۈشى ئەنە شۇنداق مىساللاردۇر. لېكىن، كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە ئادەم ئۆزىنىڭ قىزىقىشىنى ئۆز ئىختىيارى بويىچە پايانسىز نۇقتىلارغا چېچىۋەتكەندە كۆزىتىش ئىقتىدارى نىشانلىق يېتىلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كونكرېت كۆزىتىش نىشانى بولۇش كېرەك. كۆزىتىشنىڭ كونكرېت نىشانى دېگىنىمىز مەلۇم شەيئىنى قارىغا ئېلىپ ئوبيېكت تاللاشتۇر. مۇشۇنداق ئوبيېكت تاللىغاندا، خۇددى مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىز ـ ئوغۇللار ئوبيېكت تاللىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوت ـ پىراقىدا كۆيۈپ يۈرگەندەك، ھەر دائىم تاللىۋالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى www.uyghurkitap.com



كونكرېت ئوبيېكتىنى كۆزىتىش جەھەتتە باشقىلاردىن يۇقىرى قىزىقىش كېلىپ چىقىدۇ ـ دە، ئۇنى بىلىش ۋە ئۇنىڭدىكى مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىمۇ باشقىلاردىن ئۈستۈن ئۇنۇمگە ئىگە بولالايدۇ. ئىككىنچىدىن، كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە بىلىم ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، ھەتتا ئاساس بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ بىلىمى قانچە كۆپ بولسا، ئۇنىڭدا ئۇلانما تەسەۋۋۇر شۇنچە كۆپ بولغانلىقتىن، بىلىمى كۆپ ئادەمنىڭ ئوبيېكتىنى چۈشىنىشىمۇ باشقىلاردىن چوڭقۇر بولىدۇ ـ دە، بۇنداقتا كۆزىتىشنى ئىنچىكە، ئەتراپلىق ئېلىپ بېرىشقا شەرت ھازىرلىنىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، داڭلىق ئالىملار بىلىم مەستانىسى بولغان، كۆپلەپ بىلىم ئېلىش ئۈچۈن دۇنيانى كەزگەن. دارۋىن «بېگىل» پاراخوتىدا ئايلانغان، سىماچيەن ئەينى زاماندىكى جۇڭگونى كەزگەن، كوڭزى بەگلىكلەرنى ئارىلىغان، شۇنداقلا يۈزلەپ، مىڭلاپ كىتابلارنى بېرىلىپ ئوقۇغان، جان ـ جەھلى بىلەن ئىزدىنىپ نەزەر دائىرىسىنى ئاچقان. ئۈچىنچىدىن، كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە كۆڭلىدە پىلان بولۇش كېرەك. زور ۋە مۇرەككەپ شەيئىلەر ئۈستىدىكى كۆزىتىشتە ئالدى بىلەن كۆڭلىدە بىر سان تۇختىتىۋېلىپ، كۆزىتىشنىڭ باسقۇز، ھالقا، قەدەملىرى، شۇنداقلا قوللىنىدىغان ۋاستە، يېتىدىغان مەقسەتلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم. بۇنداق بولمىغاندا، كۆزىتىش ھەرىكىتىدە تەكرارلىنىش، ھەتتا قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىپ، كۈچ ھەم ۋاقىت زايا بولىدۇ. تۆتىنچىدىن، كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە، خاتىرە يېزىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. كۆزىتىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا، ئادەمدە خىلمۇ ـ خىل تەسىرات، ئوي ـ پىكىر ۋە قاراشلار پەيدا بولىدۇ. كۆزىتىپ ناتىرە يازماسلىق ئۆزى كۆرگەن نەرسىنى تاشلىۋېتىپ، باشقىلارنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرۈشكە يېقىنلاپ بارىدۇ. «پېرى ئۇستىزلار دېگەن نېمە، ـ دەيدۇ فرانسۇز ئويمىچىسى ئاۋگوست دودىن، ـ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆزى بىلەن باشقىلار كۆرگەن نەرسىلەرنى كۆرگۈچى، باشقىلارنىڭ كۆزىگە سىغىپ قالغان نەرسىلەردىن گۈزەللىكنى تاپقۇچىلاردۇر» . باشقىلار كۆرۈپ تۇرغان ۋە كۆرۈپ تۇرۇپ گۈزەللىكنى تاپالمىغان شەيئىلەردىن گۈزەللىك تاپقۇچىلار تەپسىلىي خاتىرە يازغۇچى تىرىك لۇغەت بولماي مۇمكىنمۇ؟ ئۇيغۇرلاردا «ئالتۇن كاللاڭغا ئىشەنمەي كۆتمەك قەلىمىڭگە ئىشەن» دەيدىغان تەمسىل بار. كۆزەتكەن نەرسىلەردە تولۇق مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن خاتىرە يېزىش، شۇ ئارقىلىق شەيئىلەردىكى گۈزەللىكنى چوڭقۇرلاپ بايقاش، باشقىلار باقىيالمىغان گۈزەللىكنى بايقاشقا ماتېرىيال توپلاش كېرەك. بەشىنچىدىن، ئادەمنىڭ ئۆزى رەسىم ئاپاراتى ئەمەس، ئۇ پەقەت ئۇچۇرلارنى چولڭ مېڭىگە توپلاپ تەپەككۇر قىلىش ئۈچۈن كۆزىتىدۇ. شۇڭا، كۆزىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە، تەھلىل قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك. كۆز بىلەن كۆزەتكەندە، كۆپ ھاللاردا شەيئىلەرنىڭ يۈزەكى ھادىسىلىرى كۆزگە كۆرۈنىدۇ. پەقەت كاللا ئىشلىتىپ ئويلاپ كۆرگەندە تەھلىل قىلغاندا توغرا ھۆكۈمگە ئېرىشكىلى، شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى بىلگىلى بولىدۇ. كۆزىتىش جەريانىدا تەھلىل قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىشنى تەكىتلىشىمىزدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، شەيئىلەرنى بىر نۇقتىدىن كۆزەتكەندە بەزىدە توغرا يەكۈنگە ئىگە بولالمايدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ. بۇنداقتا تەھلىل قىلىش ئارقىلىق تېخىمۇ ياخشى كۆزىتىش نۇقتىسىنى تاللاش كېرەك. كۆزىتىش نۇقتىسىنى ئالماشتۇرۇش ئەلا نۇقتىنى تاللاش بولۇپ، مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى يېشىشتا پەۋقۇلئاددە رول ئوينايدۇ.

دىققەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش. «ئادەمنىڭ تەپەككۇرى قالتىس نەرسە — دەيدۇ ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى مارك توۋان، — ئۇ مەلۇم بىر ئىشقا قادالغان ھامان، ھەتتا ئۆزىمۇ ھەيران قالىدىغان مۆۋەپپەقىيەتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.» بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىمۇ دىققەتنى يىغساق، قىلىۋاتقان ئىشىمىزنىڭ مەركىزىنى تۇتۇپ ئالالايمىز، دىققەتنى چېچىۋەتسەك كاللىمىز قېيىپ كېتىمىدۇكى، مەسىلىنىڭ مەركىزىنى تۇتالمايمىز، شۇڭا، دىققەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشتا تولىمۇ مۇھىمدۇر. دىققەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىرىنچىدىن، ھەر ئىشنى قىلغاندا زېھنىنى بىر يەرگە يىغىش، قەلبىنى پالەچ ھالغا كەلتۈرگۈچى بىپەرۋالىقتىن خالى بولۇش، كۆڭۈلنى باشقا ئىشقا بەرمەسلىك كېرەك. زېھنىنى يىغىش ئۈچۈن، ھەم سۇبيېكتىپ جەھەتتە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، ھەم تاشقى مۇھىتنى توغرا تاللاش ئارقىلىق ئەتراپىدىكى ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ، قالايمىقانچىلىقلارنىڭ دىققەتنى بۆلۈشىدىن

ساقلىنىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئىشنى تەرتىپلىك قىلىش، بىر يولىدىلا ھەممىگە چات كىرىۋالماستىن، بىر - بىرلەپ ئىشلەش كېرەك. ئىككىنچىدىن، دىققەتتە كەڭرى بولۇش كېرەك. بەزىلىرى دىققەتنى يىغىمەن دەپ ئىشىكنى تاقىۋالىدۇ ياكى بىرى بىلەن گەپلىشىۋاتقاندا، سىرتتىن بىرى تۈۋلىسىمۇ، ھەتتا بىرى كېلىپ نوقۇپ قويسىمۇ قىمىر قىلمايدۇ، بىز تەكىتلەۋاتقان دىققەتنى يىغىش يالغۇز مۇنداق قىلىشلا ئەمەس، بەلكى تاشقى ئەھۋاللارغا سەزگۈر بولۇش ئاساسىدا كۆزى ئۆتكۈر، قۇلىقى ئۇزۇن بولۇش، ئەمما تاشقى ئەھۋاللارنى ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشقا دەخلى قىلدۇرماسلىقتۇر. مانا بۇ دىققەت ئىقتىدارىنى جانلىق ھالدا ئۆستۈرۈشتۇر. ئۈچىنچىدىن، ئۆزىنىڭ كاشىلىلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. خىزمەت ۋە ئۆگىنىشتە، بولۇپمۇ تەتقىقاتتا پاكىزە، ئازادە مۇھىت بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەمما، بۇنداق مۇھىت ھەممىلا ئادەمدە بولىۋەرمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن غادۇرۇسكىنلىك ئىچىدىن جىمجىتلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، ئادەتتىكى مۇھىت ئىچىدىن ئازادە مۇھىت ئىزدەش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ، خىلمۇ پايدىسىز بولغان شارائىتلاردىمۇ كۆڭۈل تىندۇرۇپ ئىشلەش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش، شۇ ئاساستا كۆزى كۆرگەننى تولۇق بىلىۋېلىش، چاقماق ئاۋازى ئاڭلانسىمۇ خاتىرجەم تۇرۇشنى مەشق قىلىش كېرەك.

خاتىرە ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش. خاتىرە ئىقتىدارىنى ئۆگىنىشنىڭ ئانىسى، ئىجادىيەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ، تاشقى دۇنيانىڭ ئۇچۇرلىرىنى جۇغلاش، ئەجدادلارنىڭ بىلىم تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايدۇ. خاتىرە قابىلىيىتى بولمىغاندا ئىدى، بىزنىڭ مېڭىمىز بىر ۋاراق ئاق قەغەزگە ئايلىنىپ، ئۇنىڭدىكى بىلىملەر نۆلگە تەڭ بولۇپ، ئىجاد قىلىمىز دېگەن گېپىمىز قۇرۇق گەپ بولۇپ قالغان بولاتتى. بۇ ئەنە شۇنداق ئاساسلىق رول ئوينىغانلىقتىن، تۇرمۇشتىن تارتىپ ئۆگىنىش، خىزمەت، تەتقىقاتقىچە تىل بىلەن تەسۋىرلەش قىيىن بولغان دەرىجىدە ئاسانلىق يارىتىدۇ. خاتىرە قابىلىيىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكى ئەستە قالدۇرۇش، مۇستەھكەملەش، ئۇزاققىچە يادىدا تۇتۇش، يادىغا كەلتۈرگەندە خاتاسىز بايان قىلىش ئىپادىلىنىدۇ. بىز مۇنداق مەقسەتكە قانداق يېتىمىز؟ بۇ ھەقتە بىز «ئەقىل ۋە پەزىلەت»، «ئادەم ۋە ئىقتىدار» دېگەن كىتابلىرىمىزدا كەڭرى توختالغانىدۇق. بۇ يەردە ناھايىتى ئىخچاملاپ ئېيتساق، ئالدى بىلەن خاتىرە قابىلىيىتىنى چېنىقتۇرۇشنىڭ ئۇسۇلىغا دىققەت قىلىش كېرەك. ئۇسۇلغا دىققەت قىلماي زورمۇ زور كۈچەۋەرگەن بىلەن ئەكسىچە ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ ئەستە قالدۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، ئوبرازلىق ئەستە قالدۇرۇش، مەزمۇنىنى ئەستە قالدۇرۇش، مۇرەككەپ بىلىملەرنى ناخشا - قوشاقلارغا ئايلاندۇرۇپ ئەستە قالدۇرۇش، پارچىلاپ ئەستە قالدۇرۇش، يىغىنچاقلاپ ئەستە قالدۇرۇش، ئىچكى خاتىرە قىلىش، تاشقى خاتىرە قىلىش، تەرەپلەرگە ئايرىپ خاتىرە قىلىش، نۇقتىلىق خاتىرە قىلىش، ئالاھىدىلىكنى خاتىرە قىلىش ۋە باشقىلارخاتىرە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە، بۇ ئۇسۇللارنى ئىگىلەش بىزنى ناھايىتى كۆپ ئەگرى يوللاردىن تۈز يولغا باشلاپ ئاۋارىچىلىقلاردىن خالى قىلىدۇ. مەسىلەن، ئوبرازلىق ئەستە قالدۇرۇشنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەيلى. بىز خىمىيە بىلىملىرىنى ئەستە قالدۇرۇشتا ناھايىتى قىينىلىمىز، ئەگەر مەلۇم خىمىيىلىك ھادىسىنى تەجرىبە قىلىپ، كىتابتىكى شۇ بىلىمنى ئوبرازلىق نەرسىگە ئايلاندۇرغان ھامان ئۇ ئېسىمىزدە قالىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ھايۋانلار ياكى ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدىكى بىلىملەرنى ئۆگەنگەندىمۇ، بىر ئەۋرىشكە ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئاناتومىيىلىك ئوپېراتسىيە يۈرگۈزگىنىمىزدە، شۇ ھەقتىكى بىلىملەرنىڭ يادىمىزدا قېلىشى تېزلىشىدۇ. ئىككىنچىدىن ھەركىم ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەستە قالدۇرىدىغان ۋاقتىنى تاللاش كېرەك. چۈنكى ھەر كىمنىڭ ئۆز ئالدىغا خاتىرە قىلىش ئادىتى بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش خاتىرە قىلىشتا تاللىۋالىدىغان ۋاقىتمۇ بولىدۇ. بەزى ئادەملەر ئۇخلاشتىن بۇرۇن كىتاب كۆرۈپ بەزى مۇھىم نەرسىلەرنى ئەستە قالدۇرسا، بەزىلەر تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ مۇھىم نەرسىلەرنى يادقا ئالىدۇ. بۇندىق ئەھۋاللار كۆپىنچە ھەر كىمنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى، ئىشلەش ۋە تەنەپپۇس قىلىش ئادىتى بىلەن باغلانغان. شۇڭا ھەر بىر ئادەم خاتىرە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئۇسۇللىرىنى پۇختا ئىگىلەش بىلەن بىر چاغدا، ئۆزىنىڭ ئەھۋالى بويىچە ئىگىلىگەن ئۇسۇللارنى قانلىق ئىشلەتسە خاتىرە قالدۇرۇش ئۈنۈمى جەزمەن تېزلىكتە ئۆسۈپ بارىدۇ. ئۈچىنچىدىن، كېرەكسىز نەرسىلەرگە ئۆزىنى ئۇپراتماسلىق كېرەك. بىر ئالىم: بەزىلەرنىڭ كاللىسى ئامبارغا، بەزىلەرنىڭ كاللىسى ئەخلەتخانىغا، بەزىلەرنىڭ كاللىسى مېھمانخانىغا

www.uyghurkitap.com



ئوخشايدۇ، دېگەن، ئۇنىڭ ئەخلەتخانىغا ئوخشايدۇ دېگىنى كېرەكسىز نەرسىلەرنى ئەستە قالدۇرغان دېگىنى، ئامبارغا ئوخشايدۇ دېگىنى كەلسە ـ كەلمەس، ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىغا ئەسقاتمايدىغان نەرسىلەرنىمۇ ئەستە قالدۇرۇۋالغان دېگىنى، مېھمانخانىغا ئوخشايدۇدېگىنى بىلىمنىڭ ئەڭ ئەلا، زامانىۋى، ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتىغا ئەسقاتىدىغان جىددىي ئېھتىياجلىقلىرىنى ئەستە قالدۇرۇپ، مېھمان كەلسىلا ئالدىغا قويىدىغان نەرسىلەر، ھەتتا تاكچىلاردىكى سەنئەت بۇيۇملىرىدەك تەييارلاپ قويغان دېگىنى. بىز خاتىرە ئىقتىدارىمىزنى تېزلىكتە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، كاللىمىزنى مېھمانخانىدەك رەتلىك تۇتۇشىمىز، ئەڭ ئېھتىياجلىق بىلىملەربىلەن ئۇنى بېزەپ قويۇشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئۆزىمىزدە ئەنە شۇنداق ئېھتىياجلىق بىلىملەرنى خاتىرە قالدۇرۇشقا قىزىقىدىغان، كېرەكسىز نەرسىلەردىن زېرىكىدىغان پسىخىك يۈزلىنىش ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك، بولۇپمۇ كېرەكلىك بىلىملەرگە مەلۇم دەرىجىدە ئىش قوشۇپ ئۇلار ئىچىدىكى يېقىن كېلىدىغان مەزمۇنلارنى ئۆز ئارا چېتىپ تورلەرگە ئايرىپ ئەستە قالدۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، ماگنىت ھەققىدىكى بىلىملەرنى ئۆگەنگەندە ئۇلارنى ئالامەتلىك تارتىشىش قانۇنى، ئېلېكتر ستاتىك تەسىر، ماگنىتلارنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۈچى قاتارلىقلار بىلەن بىر قاتارغا كىرگۈزۈپ ئۆگىنىشكە بولىدۇ. سۆزلەرنى ئۆگەنگەندىمۇ ھەر بىر سۆزنى ئايرىم ـ ئايرىم ئەستە تۇتۇۋېلىش تەس بولغانلىقتىن، ئۇلارنى پېئىل، ئىسىم، سۈپەت، ئىملىق ۋە ياكى مەنىسى قارىمۇ ـ قارشى بولغان سۆزلەر تۈركۈمى قىلىپ رەتلەپ خاتىرە قىلىشقا بولىدۇ ۋە باشقىلار. تۆتىنچىدىن، ھەر نەرسىنى ئۇنتۇپ كەتكىچە تەكرارلاپ ئەستە قالدۇرۇش كېرەك. بىر ئالىم مۇنداق تەجرىبە ئېلىپ بارغان: ئۇ ئالتۇن بېلىققا مەلۇم ھەرىكەتنى ئۆگىتىپ بولۇپ، ئۇنىڭغا پۈرىنىمتىسىن دېگەن دورىنى ئوكۇل قىلغاندا، ئالتۇن بېلىق تېخى ھېلىلا ئۆگەنگەن ھەرىكەتنى ئۇنتۇلۇپ كەتكەن، ئەمما، ناھايىتى بۇرۇن ئۆگىنىۋالغان نەرسىلەرنى ئېسىدە چىڭ ساقلىغان. بۇنىڭ بىلەن ئۇ قىسقا مۇددەتلىك ئەستە قالدۇرۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك خاتىرىگە ئايلىنىشىدا مەلۇم جەريان بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. دېمەك، بىز مەلۇم بىلىمنى ئۆگەنگىنىمىزدە ئەستە قالدۇرۇش بىلەن ئۇنتۇش ناھايىتى جىددىي ئارىلىق تالىشىش جېڭى ئېلىپ بارىدۇ. نېمىس پسىخولوگى ئېبىنھاۋزىنىڭ بايقىشىدىن مەلۇم بولغان ئەھۋاللارغا قارىغاندىمۇ خاتىرىنىڭ ئارىلىقى قانچە قىسقا بولسا، ئۇنتۇش شۇنچە تېز بولىدىكەن، دەسلەپتە سۈرئەت تېز بولغانلىقتىن، ئۆگەنگەن نەرسىنىڭ 20 مىنۇتتىن كېيىن ئادەمنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى %20 بولىدىكەن، ئۈچ سائەتتىن كېيىن %50 بولىدىكەن، ئاندىن ئۇنتۇشنىڭ سۈرئىتى ئاستىلاپ، بىر ئايغىچە تەكرار قىلمىغاندا ئۆگەنگەن بىلىمنىڭ %80 ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ بولىدىكەن. بۇنىڭغا ئاساسەن، خاتىرە ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن تەكرارلاشنى كۈچەيتىش، ئۆگەنگەن نەرسىنى ئۇنتۇش ئەڭ تېز بولىدىغان دەسلەپكى 20 مىنۇتتا بىر تەكرارلاش، ئۈچ سائەتتىن كېيىن يەنە بىر تەكرارلاش، بىر ئايدىن كېيىن بىر تەكرارلاش ··· كېرەك.

تەپەككۇر ئىقتىدارىنى چېنىقتۇرۇش. تەپەككۇر ئىقتىدارى ئەقلىي ئىقتىدارلار ئىچىدە يادرولۇق ئورۇندا تۇرىدۇ. مەيلى كۆزىتىش ئىقتىدارى بولسۇن، مەيلى خاتىرە ئىقتىدارى بولسۇن، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار تەپەككۇر ئىقتىدارىغا ئۆزگىرىدۇ. دىققەتنى تەكىتلىشىمىز تەپەككۇرنى ئۇنۇملۇك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بولىدۇ. بۇنداق بولمايدىكەن، كۆزەتكەن، خاتىرە قىلغان، دىققەت قىلغان نەرسىلىرىمىز ھېچنىمىگە ئەسقاتمايدۇ.

— تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئىنسانىيەت پائالىيىتىنىڭ تەبىئىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچىسى، — دەيدۇ ئۇلۇغ ئەقىلشۇناس ئوسبورىن. قەدىمدىن بۇيان نۇرغۇن مۇتەپەككۇرلار شېكىسپىر ئېيتقان: «بۇنداق مۇقەددەس ئىلھام ئىنسانىيەتنى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ كاتتىسى قىلدى» دېگەن ھۆكۈمگە قوشۇلۇپ كەلدى. مەدەنىيەت دېگەن پۈتۈنلەي مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىشنىڭ مەھسۇلى. ئىجادىي ئىختىيارلىقنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان ئەھمىيىتى ھەققىدە يوھان موسفى مۇنداق دېگەن: «ئادەمنىڭ جىسمانىيىتىنى تولۇق نەرسە ئەمەس، ئادەمنىڭ يۈرىكىمۇ ئېتىقاد قىلغۇدەك نەرسە ئەمەس، ، لېكىن ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئىنسانىيەتنى ھەممىدىن ھالقىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە قىلغان» .

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مېڭىگە ئىنكاس قىلىنغان تۇرلۇك ئۇچۇر، ماتېرىياللار تەپەككۇرنىڭ تەھلىل قىلىشى، ئومۇملاشتۇرۇشى، ھۆكۈم قىلىش ۋەئەقلىي يەكۈن چىقىرىشى ئارقىلىقلا ئەڭ ئاخىرىدا

پىششىقلىنىپ، بىر ئادەمنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىغا ئايلىنىدۇ. ئادەمنىڭ مېڭىسى ئەنە شۇنداق ئۇچۇر، ماتېرىياللار ئۈستىدە پىششىقلاش ئېلىپ بېرىپ، ئادەمنىڭ ئىقتىدارىنى ئۇزلۇكسىز ئۆستۈرۈپ ماڭىدىغا زاۋۇت تەپەككۇر قورالىدۇر. شۇنداق بولغانلىقتىن، تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشمۇ مۇقەررەر ھالدا مېڭىنى دەۋر قىلغان ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. مېڭىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىجادىي تەپەككۇر ھەققىدە بىز «ئادەم ۋە ئىقتىدار» دا تەپسىلىيرەك مەلۇمات بەرگەنىدۇق. بۇ يەردە ئىخچاملاپ ئېيتساق، تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىجادىي تەپەككۇر پەيدا قىلىدىغان شەرتلەرنى ئىگىلەش كېرەك. بىرىنچىدىن، چوڭ مېڭىنى ئۇزلۇكسىز تولۇقلاش كېرەك، بۇنىڭدا ئاساسلىقى ھەركىم ئۆزىنىڭ بىلىم، كۆز قاراش، نەزەر دائىرىسىنى تولۇقلاپ بارغانسېرى ئەقىللىق ئادەملەرگە ئايلىنىش كېرەك. چۈنكى، بىلىم كۆپەيگەنسېرى تەپەككۇرنىڭ يوللىرى ئاندىن كېڭىيىدۇ، بولۇپمۇ بۇرۇنقى بار بولغان بىلىم ۋە تولۇقلىغان بىلىملەرنى تەتبىقلاشتا ماھىر بولۇش كېرەك. چۈنكى بىلىم ۋە تەجرىبىلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى ئىشلەتكەندە ئۇ يېڭىلىق يارىتىشقا قارشى نەرسىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئىككىنچىدىن، مېڭىنى پىلانلىق تۈردە كۆپ ئىشلىتىش كېرەك. ئادەملەر ئامبۇر ئىشلەتكەنلىكتىن بەشمالتىقى تەرەققىي قىلغان، كەتمەن، گۈرجەك ۋە بولقا ئىشلەتكەنلىكتىن پۈتكۈل قول ۋە بىلەكلىرى تەرەققىي قىلغان.

دېمەك، ئادەمنىڭ ئىشلەتكەن ئەزالىرى ھەر قاچان بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئاز ئىشلەتكەن ئەزالىرى ئاجىزلاپ بارغاندەك، مېڭىمۇ پىلانلىق، ئىلمىي يوسۇندا ئىشلەتكەنسېرى ئۆتكۈرلىشىپ ماڭىدۇ. ئادەمنىڭ مېڭىسىدە يوشۇرۇن قابىلىيەتلەر ناھايىتى كۆپ، بۇلارنىڭ ئېچىلىشى ئويلاشتا، تەپەككۇر قىلىشتا باغلىق. ھۈنەرۋەنلەر بىر خىل ھۈنەرنى قىلىۋەرسە ئۇستا بولۇپ كەتكەندەك، بىزمۇ تەپەككۇر ھۈنىرىنى ئىلمىيلاشقان يوللار بىلەن چېنىقتۇرۇۋەرسەك، ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى تەسەۋۋۇرىدىن ئۇلۇغ ئىشلارغا يارايدىغان ئادەملەرگە ئايلىنىمىز. ئۈچىنچىدىن، ئىدىيىنى داۋاملىق ئازاد قىلىپ مېڭىش كېرەك. بىلىمسىز ئادەملەر كونا نەرسىلەرگە ئېسىلىۋالىدۇ. بىز شانلىق ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىر چاغدا، ئاشۇنداق بىلىمسىز ۋايىزلار توۋلاپ يۈرگەن كونا، بېكىنمە ئەندىزىلەردىن ئۆزىمىزنى تارتىۋېلىپ، زامانىمىزنىڭ قايناق بىلىم ئوچاقلىرىدا پارتلاۋاتقان يېڭى ئۇچۇر، يېڭى بىلىملەر بىلەن ئۆزىمىزنى ئۆستۈرۈپ، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ گۈل تاجلىرىنى ئاخىرقى نۇقتىلىرىدىن قوبۇل قىلىپ ئۆزىمىزنى قوراللاندۇرۇپ، كونىلىققا قارشى يېڭىلىق يارىتىشقا، ئىنتىلىش غورۇرىمىزغا، يول ئېچىپ مېڭىش روھىمىزغا ئىلھام بېرىشىمىز، «بىزمۇ ئادەم» دېگەن غورۇرىمىز بويىچە زامانىۋى ئادەم بولۇش ئۈچۈن تەپەككۇر قىلىشىمىز كېرەك. تەپەككۇرىمىزنىڭ كامالىتى ئۈچۈن كونىلىقتىن ئىدىيىمىزنى داۋاملىق ئازاد قىلىشىمىز كېرەك. تۆتىنچىدىن، مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە مەسىلىلەرنى بايقاشتا ماھىر بولۇش كېرەك. مۇستەقىل پىكىر ئەقىلنىڭ جەۋھىرى بولۇپ، كىم نېمە دېسە تەڭلا «شۇنداق» دېيىش ياكى باشقىلارنىڭ ئىجادىي ئىختىيارلىقىنى ئىنكار قىلىش ئەقىلنىڭ كەملىكىدۇر. چۈنكى ھەر قانداق ئىجادىي ئىختىيارلىقنى نەزەرىيە بىلەن سۈرەتلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. ئىنكارچىلار ئىجادىي تەپەككۇر قىلىۋاتقان ئادەمگە نىسبەتەن كۆڭۈل ئازاسى بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىنى تۆۋەنلەشتۈرىدۇ. مۇستەقىل تەپەككۇر دېگەن ئىختىيارلىق بىلەن يېتىلدۈرۈلىدىغان بولغاچقا، ئىنكارچىلار قورشاۋىدا تۇرغان ئادەم ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتە ئۈستۈن بولغان تەقدىردىمۇ مۇستەقىل ئىجادىي تەپەككۇردا ئاجىزلاپ بارىدۇ. شۇڭا، كىمكى مۇستەقىل ئويلاشقا، مەسىلىلەرگە يولۇققاندا «نېمە ئۈچۈن» دېگەن سوئالنى قويۇشقا، قانداق ئىشلەشنى بىلىش بىلەن نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئىشلەشنىمۇ بىلىشكە جۈرئەت قىلىدىكەن، ئىنكارچىلار قوشۇۋالغان تەقدىردىمۇ ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن تولۇق ئىشەنچ، ئۈمىد، قىزغىنلىق بىلەن ئويلايدىكەن، ئۇنىڭ تەپەككۇر سەۋىيىسى تېزلىكتە ئۆسۈپ بارىدۇ - دە، ئۇنىڭدىكى ئەقلىي ئىقتىدار تولۇق ھەرىكەتكە كېلىپ، ئۇنى شەيئىلەرنى ھەقىقىي تۈردە بىلىپ ئېلىپ، ئۇنىڭدىن يېڭى مەسىلىلەرنى بايقاپ ئېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

— ئىلىمنىڭ بارلىق دەرۋازىلىرىنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ، — شەك - شەبھىسىزكى، سوئال قويۇشتۇر، - دەيدۇ بالزاك، - ... ھالبۇكى، تۇرمۇشنىڭ پاراستىمۇ ئالدىغا يولۇققان ئىشلاردا «نېمە ئۈچۈن» دەپ سوراشتۇر. راست دېگەندەك، مۇنداق سوئال دارۋىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى نەدىن كېلەتتى؟ مۇستەقىل تەپەككۇر بولمىسا، كوپېرنىكنىڭ قۇياش مەركەز تەلىماتى يارىتالامتى؟

مۇستەقىل تەپەككۇر بولمىسا بۇۋىمىز فارابى قانداقمۇ دۇنيانىڭ «ئىككىنچى» ئۇستازى بولالايتتى، ئىبنىسانا قانداقمۇ «شاھى تىباۋەت» بولالايتتى؟ مەسىلىلەرنى بايقاشقا ماھىر بولمىسا، بۇۋىمىز مەخمۇت شۇنچە مۇقەددەم چاغدا، ھازىرقى كۈندىمۇ بىزنىڭ تىلچىلىرىمىز ئەپلەشتۈرەلمەيۋاتقان «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى قانداق تۈزەتتى؟ ۋە يەنە ئېينىشتېيىنىنىڭ نىسبىيلىك نەزەرىيىسى بارلىققا كېلەمتى؟ ئەگەر ھەممە ئادەم بۇرۇنقى ھۆكۈملەر بويىچە ئۆز گېپىدە تۇرىۋېلىپ جاھىللىق قىلغان بولسا، دۇنيانىڭ تەرەققىياتى ھازىرقى كۈندىكىدەك تېز بولامتى؟ ياق، ئىـجادىيەتلەرلا ئەمەس، چولپانلارمۇ دۇنياغا كېلەلمەيتتى، دۇنيانىڭ تەرەققىياتىمۇ بىر ئىزىدا توختاپ قالاتتى. بەشىنچىدىن، تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرۇشقا ماھىر بولۇش كېرەك. تەسەۋۋۇر روھنىڭ كۆرۈش سەزگۈسـى تەسەۋۋۇر قابىلىيتى بولسا روھنىڭ كۆرۈش سەزگۈسىدىكـى، چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىـــكتۇر. ھېچقانداق كۈچ تەسەۋۋۇردەك ئادەمنى چوڭقۇرلۇققا باشلىيالمايدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، تەسەۋۋۇر ياكى ئۇلانما تەسەۋۋۇر تالانتنى ئۆستۈرۈش يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بىز بىلىمىزكى، ھەر قانداق ئىجادىيەت مۆجىزىسى تاشقى مۇھىتتىكى ئىلغار ئىدىيىلەرنىڭ مەھسۇلات. شۇڭا، تەپەككۇر ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە كاللىنى كونا رامكىلار بىلەن تورۇۋالماستىن، ئۇنى باي تەسەۋۋۇرلار بىلەن سۇغۇرۇپ تۇرۇش كېرەك. تەسەۋۋۇر كەپتەرلىرى يىراققا ئۇچۇشقا ئامراق بولغاچقا، ئۇ روھىي دۇنيادا گويا تېلىسكوپ بىلەن يىراققا قاراۋاتقان كەڭلىكنى پەيدا قىلىپ، شۇ چاغقىچە كاللىنى ئوراپ تۇرغان رامكىلاردىن ھالقىپ ئۇلۇغ نەرسىلەرنى خىيالىمىزغا كەلتۈرىدۇ. تالانت ئۇچقۇنلىرى كۆپ ھاللاردا مۇشۇنداق رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلغان تەسەۋۋۇر ئارقىسىدا پەيدا بولۇپ، ئادەمنى يېڭى لايىھە، يېڭى پىلانلارغا، بارغانسېرى مۇكەممەللەشكەن ئىجادىيەت چوققىلىرىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۆز ۋاقتىدا توغرا بولسىمۇ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئىستېمالدىن قالغان ياكى قالدىغان تۈۋەن سەۋىيىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ. تازا ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق، دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئارقىسىدا بىر خىل سىر بار. بۇرۇن كىشىلەر زادى ئەقىلگە سىغدۇرالمايۋاتقان ياكى يادىغا كەلتۈرەلمەيۋاتقان بىر يەردىن مۆجىزە ـ ئىجادىيەت قىلغانىكەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ نۇرغۇنلىغان «ئۇمۇ بولمايدۇ، بۇمۇ بولمايدۇ» دەيدىغان رامكىلار ئورىۋالغان يەردىن شۇنداق مۆجىزىلەر تۆرىلىدۇ. بۇنداق تەبىئىيلىك تەسەۋۋۇرغا ماھىر كىشىلەرگە مەنسۇپ بولىدۇ. بۇ، بىزدىن .تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىمىزنى ئۆستۈرۈشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنـــــــى كۆرسەتمەمدۇ؟ شۇڭا، تەسەۋۋۇرنى ياخشى قىلىشنى ئۆگىنىش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتە ئۇبرازلاشتۇرۇش مەشقىنى كۆپرەك قىلىش، پىسخىك ئاجىزلىقلار ئورىۋالغان قەپەزلەردىن كاللىنى ئازاد قىلىش، ئوبرازلىق ئەستە قالدۇرۇشنى كۈچەيتىش، يېڭى بىلىملەرگە ئەھمىيەت بېرىش، غەيرىي ئەقلىي ئامىللارغا ئەھمىيەت بېرىش، ئوخشىتىشقا دىققەت قىلىش، تەنقىدىي قاراشتا بولۇش، ئەركىن خىياللارغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، بولۇپمۇ ئادەتلەنگەن رامكىلاردىن ھالقىپ ئەركىن پىكىر قىلىشنى مەشق قىلىش، كونا بىلىملەرگە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىر چاغدا، ئۇلارنىڭ ئىدىيىۋى قۇلى بولۇپ قالماسلىق، ئۆزىنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنـــــى —تەسەۋۋۇردىكى قۇدرىتىنى تۆۋەن چاغلىماسلىق كېرەك. چۈنكى، ئىجادىي تەسەۋۋۇر ئۈچۈن ئەڭ زور توسالغۇ ئادەت كۈچلىرىدىن قالسا، باشقىلار بىلەن ئوخشاش پىسخىك ھالەتتە بولۇشتۇر. ئادەتتە بەزىلەر ئىجادىي تەسەۋۋۇرنى چۈشىنەلمەي، ئۆزىنى ئادىل ھېسابلاپ تەسەۋۋۇر قىلغۇچىنى «قاپاق كاللا» دەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ «قاپاق كاللا» دەپ قويغىنى تايىنلىق گەپ، ئەڭ يامىنى بىزنىڭ ئۆزىمىزنى «ھە، مەن قاپاق كاللا ئوخشايمەن» دەپ خاتا تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئىجادىي تەسەۋۋۇرلىرىمىزدىن ۋاز كېچىشتۇر. ئاللىقانداق نوپۇزلۇقلار، ۋاقتى ئۆتكەن يەكۈنلەر، مەزگىللىك پىلانلارغا بەنت بولۇپ، ئۆزىنى قارىغۇلارچە چوقۇنغۇچىغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشتۇر. شۇڭا، بىزدە باشقىلارنىڭ ئەخمىقانە شاڭخولىرىدىن قورقمايدىغان، ئۆزىمىزنىڭ يارامىلىق پىكىرلەرنى قىلالايدىغان ئادەملىكىمىزنى تونۇتۇپ قويىدىغان جاسارەتمۇ بولۇشى كېرەك.

## 2) چۈش بابىلىقىنى ئېچىش

چۈش بايلىقىنى ئېچىش — چۈش كۆرۈۋاتقان مېڭىدە ئىختىيارسىزلىق بىلەن ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگەن قابىلىيەتلەرنى ئىختىيارلىق ھەرىكەت ھالىتىگە كەلتۈرۈپ ئۇلاردىكى قۇۋۋەتنى نىشانلىق ئىشلىتىشتۇر. ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ بۈيۈك ئالىملىرىدىن فروید «چۈش ھەققىدە شەرھى» دېگەن ئەسەرلىرىنى ئېلان

قىلىشتىن بۇرۇن بىز بۇ ھەقتە بۇنداق دېيىشكە ئاساسسىز ئىدۇق. ئۇ مۇشۇ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئادەمنىڭ چۈشىنىشمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھەرىكەتلىرىنى قۇۋۋەتنىڭ ئالمىشىش قانۇنى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولىدىغانلىقىنى، ئادەمنىڭ مەقسىتى ئۆز روھىدىكى مۇقىملىق، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ۋە ئۆزىدىكى جىددىيلىكنى يوقىتىش بولۇپ، «راھەتلىنىش» ئۇنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىدىكى ئىش قابىلىيىتىنىڭ نېگىزلىك پرىنسىپى، بۇ پرىنسىپ ئادەمنىڭ جىددىيلىكنى يوقىتىش ئۇسۇلى ئارقىلىق راھەتلىنىشكە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. بولۇپمۇ چۈش كۆرۈشنى ئادەم پسىخىكىسىنىڭ مۇھىم قىسمى، چۈشنىڭ پىنھان ئاڭغا ئۆتۈپ ئۇنىڭدىكى بايلىقنى ئاشكارىلايدىغان ئىجادىي پائالىيەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

فىرويىد ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مۇنچە پسىخولوگلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئادەم پسىخىكىسى مۇكەممەل بىر گەۋدە يەنى پسىخىكا بىر سىستېما. ئۇ ئىختىيارسىز پائالىيەت بىلەن ئىختىيارلىق پائالىيەتتىن تەركىب تاپىدۇ. ئىختىيارسىز ئالىيەت ئىختىيارىي پائالىيەتنىڭ ئاساسىي بولىدۇ. ئىختىيارى پائالىيەتمۇ ئۇنداق ياكى مۇنداق سەۋەبلەر بىلەن ئىختىيارسىز پائالىيەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىختىيارلىق ھالىتىدىكى پائالىيەتنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئاساسى ئاساسلىقى چوڭ مېڭە ياپراقچىسىدا بولۇپ، ئۇ تېرە ئاستى نېرۋا مەركىزى بىلەن ئاناتومىيىلىك باغلىنىدۇ، ھالبۇكى، چۈش ئىختىيارسىزلىق ھالىتىدىكى پائالىيەت داۋامىدا ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان پسىخىك ھادىسە بولۇپ، ئۇنىڭ فىزىئولوگىيىلىك مېخانىزمى ئاساسلىقى تورسىما قورۇلما بىلەن كۆرۈش دۆڭچىسىدە بولىدۇ. تەدرىجىي تەرەققىيات داۋامىدا ئادەمنىڭ تېرە ئاستى نېرۋا مەركىزى بولۇپمۇ تورسىمان قورۇلما بىلەن كۆرۈش دۆڭچىسى يەنە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىياتقا ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئادەمنىڭ چۈشى ھەرگىز ئىختىيارىي پائالىيەت بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولغان ئىختىيارسىز پائالىيەت ئەمەس، بەلكى ئىختىيارسىز پائالىيەت ئىختىيارىي پائالىيەت تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرىۋاتقاندا مەيدانغا چىقىدىغان ئۆتكۈنچى ئاڭ بولۇپ، چۈش مەنزىرىسىنى ھېس قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا يەنە ئۇنىڭدىكى ئىختىيارىي پائالىيەتكە مۇنداق ياكى ئۇنداق تەرىزدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

مەنىۋى پائالىيەتنىڭ ئۈچ خىل ھالىتى: سەگەك تۇرغان ئىختىيارلىق ھالىتى، يەڭگىل ئۇيقۇ ھالىتى ۋە نورمالسىز ئۇيقۇ ھالىتى (چۈش كۆرۈش ھالىتى) نىڭ رولىدىن قارىغاندا، چۈش كۆرۈش (نورمالسىز ئۇيقۇ) سەگەكلىك بىلەن ئۇيقۇ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى ھالەت بولۇپ، ئۇ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇنىڭ رولى ئاساسلىقى ئادەمدىكى قۇۋۋەتنى ساقلاش، رىغبەتلەندۈرۈش، مەسلىھەت بېرىش تەرىپىدە بولىدۇ.

قۇۋۋەت ساقلاش تەرىپىنى ئالساق، كۈندۈزلۈكى ئادەمنىڭ ئىختىيارلىق ھالىتىدىكى پائالىيەتلىرى (ئاڭلىق پائالىيەتلىرى) ئادەمدىكى زور قىسىم قۇۋۋەتنى قورۇتۇپ تاشلايدۇ (قوزغىلىش جەريانى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغانلىقتىن)، بۇ قۇۋۋەت ئۇيقۇ ئارقىلىق تولۇقلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئادەم ئۇخلىغاندا، بىرسى - بىرسىگە قارىمۇ - قارشى بولغان ئىككى خىل بىئوخىمىيىلىك ماددا — قالقانسىز بۆرەك ئۈستى بېزى ھورمۇنى بىلەن ھىدروكسىل ئامىنىنىڭ ئۆز ئارا تەسىرىدە زور مىقداردا قۇۋۋەت تولۇقلىنىپ، كۈندىلىك نېرۋا پائالىيىتىنىڭ قورۇتۇش چىقىمى تولۇقلىنىدۇ.

چۈشنىڭ رىغبەتلەندۈرۈش رولىنى ئالساق، ئادەمنىڭ رېئال تۇرمۇشىدا تۈرلۈك ئىختىيارلىق ۋە ئىختىيارسىزلىق ھەرىكەتلىرى بولىدۇ. ئەمما، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۇنتۇلۇق بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، چۈش چوڭ تەبىئەت ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ناھايىتى گۈزەل تەشۋىقات ئورگىنى بولۇپ، بۇ ئورگان ئادەمنىڭ زۇلۇملارنى يېڭىپ، بەختنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن قەيسىرانە كۈرەش قىلىشىغا مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولىدۇ. بۇنىڭغا بۈيۈك شائىر گىيوتىنىڭ بىر سۆزىنى نەقىل قىلىش مۇمكىن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم تەبىئىتىدە ئەڭ ئەلا بىر قابىلىيەت بار، ئۇ ئادەم ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكەندە تۇيۇقسىز كۈچ كۆرسىتىپ قوللاش ئېلىپ بارىدۇ. مەن ئۆز ھاياتىمدا بىر نەچچە قېتىم ئازابلىنىپ ئۆزۈمنى تاشلىغان ھالدا كۆز يېشى قىلغاندا، چۈش تۈرلۈك جەلپ قىلارلىق ئۇسۇللار بىلەن ماڭا تەسەللى بەردى. مېنى شۇ كېچىدە قايغۇدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەتىسى سەھەردىكى ئەركىن - ئازادىلىككە ۋە خۇشاللىققا ئىگە قىلدى. گىيوتىدىن باشقا ئالىملارنىڭ چۈش كۆرۈپ ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تاپقان گەپ ـ سۆزلىرى بولۇپلا قالماي، ناھايىتى كۆپ ئالىملارنىڭ چۈش كۆرۈش ئارقىلىق ئۆمۈر بويى ھەل قىلالماي كەلگەن ئىجادىيەت تېمىلىرىنى ھەل قىلغانلىقى ھەققىدە قىلغان بايانلىرى يېتەرلىكتۇر.

چۈشنىڭ مەسلىھەت بېرىش رولىنى ئالىدىغان بولساق، ئادەم ئېڭى (ئىختىيارلىقى) جەمئىيەتنىڭ تەقەززالىقىدا تورغانلىقتىن، ئۇنىڭ بىلىشىدە ھەر قاچان قىڭغىيىپ كېتىش، ئېغىپ كېتىش ھادىسىسى پەيد بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئىككى جىنس مۇھەببەتلەشكەندە بەزىدە چىرايىنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قېلىش كېلىپ چىقسا، بەزىدە بايلىقتا بېرىلىپ كېتىش كېلىپ چىقىپ، ئىنسان مۇھەببىتىنىڭ پاكلىقىنى ساقلىيالمايدۇ. چۈش بولسا، ئىختىيارسىز پائالىيەتلەرنىڭ ئۇچۇرلارنى پىششىقلىشى ئارقىلىق بىر خىل ھەرىكەت پىلانى ياكى لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئادەمنىڭ ئىختىيارىي پائالىيىتىنى يەنە بىر قۇر ئويلاپ كۆرۈشكە سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ كېسەلدىن ساقىيىپ كېتىشى ياكى ئۆلۈپ كېتىشىنى چۈشىدىن كۆرۈپ ئالدىن مۆلچەر قىلىدۇ. بەزىلەر مۇھەببەت ئوبيېكتلىرىنىڭ باشقىلار بىلەن يۈرگەنلىكىنى چۈشىدىن كۆرۈپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىدۇ ياكى ئۆزاقراق سىناپ كۆرىدۇ. بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، چۈش ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت پىلانىنى تۈزۈشكە مەسلىھەتلىك رولىنى ئوينايدۇ.

دېمەك، چۈش دېگەن (ئادەم يادىغا كەلتۈرەلەيدىغان چۈش) بىر خىل پسىخىك ھادىسە. ئۇ ئادەمنىڭ ئىختىيارلىق ھالىتىدىكى پائالىيىتى رىياسەتچىلىكىدە ئىختىيارسىز پائالىيەتلەرنى ئۇيقۇدا ئېلىپ بارىدىغان ھەر خىل پسىخىك مەشغۇلاتى. ئۇنىڭ فىزىئولوگىيىلىك مېخانىزمى چوڭ مېڭە تورسىمان قۇرۇلمىسى بىلەن پىستىلاق ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا تەسىر ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىش قابىلىيىتى ئادەمنىڭ كەلگۈسى ھەرىكەتلىرىنى تەڭشەشتىن ئىبارەت. ئادەمنىڭ كەلگۈسى ھەرىكەت تەييارلىقى بىلەن ھەرىكىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كۆرسەتمە. شۇنىڭ ئۈچۈن، چۈشنىڭ ماھىيىتى ـ ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئېتىدىغان ھالقىغۇچى ئىنكاستۇر.

شۇڭا، ئىلىم ـ پەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى ھەر قانداق بىر ئىجادىيەتتە چۈش رول ئويناپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت قىممىتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق بولۇشى ئىجادىي ئويىنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئېشىشى ئەڭ ئەلا دەرىجىدىكى ئەركىن پسىخىك ھالەتكە مۇھتاج بولۇپ، مۇنداق ئەلا پسىخىك ھالەتنى كىشىلەر «ئىلھام» دەپ ئاتايدۇ. ئادەم چۈش كۆرگەندە ئەنە شۇنداق ئىلھام پەيدا بولۇپ، چۈشنىڭ ئاخىرىدا (خاراموش ئويغاق ھالەتتە) ئىلھام تېخىمۇ روشەن كۆرۈنىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئەركىن قەلب ـ پسىخىك ھالەت (چۈش ۋە چۈشنىڭ ئاخىرىدىكى ئىختىيارىي تىرىشچانلىق بىلەن مەسىلە ھەل قىلىدىغان ھالەت يوق چاغ) ئىلمىي بايقاش ۋە ئىختىرالار، بەدىئىي تەسەۋۋۇرلاردا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئاۋگۇست كېكولىنىڭ بېنزولنىڭ ئالتە بۇلۇڭلۇق قۇرۇلمىسىنى بايقىشى، ئولوۋېينىڭ مېڭە نېرۋا پائالىيىتىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبىنى بايقىشى، دېكارتنىڭ ماتېماتىكا بىلەن پەلسەپە بىرلەشكەن يېڭى پەننى شەكىللەندۈرۈشى، گوئودۇئويارنىڭ گۆشگۆرتلۈك كورچۇكنى بايقىشى، ئايېرت سىزىن كېئۇرگىنىڭ كۆپ قېتىملىق بايقاشلىرى، نيوتوننىڭ كۆپ قېتىملىق بايقاشلىرى، مېدېلېيېۋنىڭ ئېلېمېنتلار دەۋرى جەدۋىلىنى بايقىشى، خوۋەنىڭ كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى بايقىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى چۈش كۆرۈۋاتقاندا ياكى چۈش ئاخىرلىشىپ خاراموش ئويغاق تۇرغاندا شۇ ئالىملارنىڭ كاللىسىغا زائىر بولغان. چۈش كۆرۈۋاتقاندا ئىلھامى كېلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ئىجادىي ھەل قىلىشقان مىساللار ناھايىتى كۆپ بولۇپ بۇ پاكىت چۈشنىڭ ئىجادىيەت ۋە ئەقلىي ئىقتىدار سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئاددىي بىر تەبىئىي ھادىسە ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا ئېرىشىدىغان بىرلىك پسىخىك قابىلىيەت بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىختىيارىي پائالىيىتى بىلەن ئىختىيارسىز پائالىيىتىنى بىردەك ماسلاشتۇرۇپ، ئىنسانلارنى تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش جەھەتتە تېخىمۇ ئەۋزەل ئورۇنغا ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا، سەنئەتكارلار، شائىرلار، يازغۇچىلار ھەر قاچان ئۆزىنىڭ چۈشلىرىگە ئۆزى ئەڭ قىزىقىدۇ. ئەمما، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ئىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇقىرىدىكىلەر بىلەنلا چەكلەنمەستىن، ھەر بىر ئادەمنىڭ ئىجادىيەت يولىغا قەدەم قويۇشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. بۇنداق بولغانلىقتىن، ئىجادىي قەدەم بېسىشقا تەمشەلگەن بارلىق يۇقىرىلاردىن تارتىپ سىياسىئونلارغىچە، پەيلاسوپلاردىن تارتىپ ھەربىيلەرگىچە، باللاردىن پېشقەدەملەرگىچە. ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇتقۇچىلارغىچە

ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ چۈشىدىن بەھرى ئېلىش كېرەك بولىدۇ. شۇنداقلا چۈش كۆرۈشتىن ئىبارەت بۇ قابىلىيەتنى تەبىئەت ھەر بىر ئادەمگە بەرگەنلىكتىن ھېچكىم ئۇنىڭدىن باش تارتىپ يۈرۈشىنىڭ ھاجىتى يوق.

بولۇپمۇ چۈش بىر مۇنچە پىسخىك مەشغۇلاتلارنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقتىن، بۇ مەشغۇلاتلار تەبىئىي ھالدا تەپەككۇر پائالىيىتىگە ئۇلىنىپ تۇرۇپ نەتىجە بېرىدۇ. بۇنداق ئىكەن، بىز ئۇنىڭ تەپەككۇر، ئەڭ مۇھىمى ئىجادىي تەپەككۇر بولۇپ ئىپادىلىنىدىغان ئىلھام تەرىپىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزدىكى چۈش بايلىقىنى ئېچىشىمىز كېرەك. ئالىملار چۈش بايلىقىنى ئېچىشتا، ھەر بىر ئادەم ئۇنى ئالدى بىلەن كەڭ مەنادا چۈشىنىپ، ئۆزىنىڭ پىسخىك پائالىيىتىدىكى تۆت جەھەتتە چوڭقۇرلاشنى. شۇ ئارقىلىق ئەقلىي ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشنى تەكىتلەيدۇ.

ھەرىكەت جەھەتتە: ئادەم ئىختىيارلىق ھالىيىدىكى پائالىيەت داۋامىدا ئالدىنىپ قالىدىغان ۋاقىتلار بولىدۇ. بۇندق چاغلاردا ھەرىكەت نىشانىنى تاللاش جەھەتتە خاتالىق كۆرۈلىدۇ. چۈش بولسا ئىختىيارلىق ھالىتىدىكى پائالىيەتتىن ھالقىغان يۈكسەك پاراسەت مەشغۇلاتى ئارقىلىق ئىختىيارلىق پائالىيىتىدە كۆرۈلگەن خاتالىقنى تۈزىتىپ، ئادەمگە پايدىلىنىشقا بولىدىغان يېڭى بىر خىل ھەرىكەت لايىھىسىنى ئىما قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر بىر ئادەم چۈش كۆرگەندە كۆرسىتىلگەن بۇنداق «ھەرىكەت كۆرسەتمىسى»گە دىققەت قىلىشى كېرەك. چۈشنىڭ ئاساسلىق شەكلى ئوبراز ۋە سىمۋولدىن ئىبارەت، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ چۈشىدىكى سىمۋولىنى توغرا چۈشەنگەندىلا، ئاندىن چۈش ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە بېرىۋاتقان «مەسلىھەت پىكرى»نى توغرا كۆزىتىپ ئالالايدۇ.

كەيپىيات جەھەتتە: چۈش ناھايىتى زور تەشۋىقى رىغبەتلەندۈرۈش رولىغا ئىگە. ئالايلۇق، بىز ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئورنىمىزدىن تۇرغاندا، ئۇخلىيالماي قالمىغان بولساقلا روھلۇق، دادىل، زېرەك، غەيرەتلىك بولىمىز. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، چۈش تۇرسىمان قۇرۇلمىدىكى كۆك داغلار ئارقىلىق زور مىقداردا قالقانسىز بۆرەك ئۈستى بېزى ھورمۇنى ئىشلەپچىقىرىپ ئادەمنىڭ كەيپىياتىنى قوزغايدۇ ۋە ئەركىن - ئازادلىككە ئىگە قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز شېرىن چۈش بىزگە بېغىشلىغان خۇشال كەيپىيات بىلەن تاشقى قىيىنچىلىقلار ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلىرىمىز قەرىيانىدىكى ئوڭۇشسىزلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنى ئۆگىنىپ ئېلىشىمىز، چۈشنى جەسۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشىمىزدىكى بىر خىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئورنىدا كۆرۈشىمىز كېرەك.

بىلىش جەھەتتە: چۈش ئارقىلىق ئادەم ئۆزىنى بىلىشكە ئۆزىنىڭ خاسلىقىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلەرنى بىلىشكە بولىدۇ؛ شۇنداقلا چۈش ئارقىلىق تاشقى دۇنيانىڭ باغلىنىشى ۋە قانۇنىيىتىنى بىلىشكىمۇ بولىدۇ. بىراق، چۈش تاشقى دۇنيانى بىلىش جەھەتتە ئىختىيارلىققا يەتمەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئەمما بەزىدە چۈشمۇ ئادەمنىڭ شەيئىلەر ئارىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى ئېچىپ تاشلاشقىمۇ ياردەم بېرەلەيدۇ. بىراق بۇنىسى كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ.

ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئىجادىيەتنىڭ مەركىزىي ھالقىسى ئىختىيارسىزلىق ھالىتىدىكى پائالىيەتلەرنىڭ ئوچۇرلارغا ھامىلدار بولۇش خىزمىتىدە، ئۇيقۇ، ئۇيقۇغا يېقىن كېلىدىغان چۈشتە بولىدۇ، ئۇلار ئىختىيارلىق ھالىتىدىكى پائالىيەتلەرنىڭ يۈزلىنىشىنىڭ كاشىلىسىدىن يىراقتا تۇرغانلىقتىن، ئۇلار ئىجادىيەتچىنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ھالقىلىق پەيتتە مۇھىم ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئالىدۇ. ئەنگلىيە كىمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى خوگېنسىن ھەر قايسى پەنلەر بويىچە ئىجادىي تەپەككۇرغا باي ئالىملارنىڭ خىزمەت ئادىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، بۇلاردىن 70 پىرسەنت ئالىم ئۆزلىرىنىڭ چۈشىنىڭ ياردىمىگە تايانغانلىقىنى ئېيتقان. 69 نەپەر ماتېماتىكىنىڭ پىرسەنتى «ئۇيقۇ ھەل قىلالمىغان مەسىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. پەندە ئەلا نەتىجە قازانغان ئالىملارنىڭ 83 پىرسەنتىنىڭ ئىجادىي خىزمىتى ئىلھام ئارقىسىدا ئەمەلگە ئاشقان. ئېيىنشتېيىن ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت فورمىسىنى تەجرىبە - بىۋاستە سەزگۈ - ئۇقۇم ياكى قىياس - لوگىكىلىق ئەقلىي يەكۈن - نەزەرىيە دەپ بېكىتكەن ھەمدە ئىلمىي ئىجادىيەتنىڭ ئاچقۇچى بىۋاستە سەزگۈ ۋە ئىلھام دەپ قارىغان. بىۋاستە سەزگۈ بىلەن ئىلھام توغرىسىدا بىز « تالانت بوسۇغىسى» دېگەن كىتابىمىزدا خېلى كەڭ توختالغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە پەقەت ئىلھامنىڭ ئىخچام تەسۋىرى ھەم ئۇنىڭ چۈش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەمدە باسقۇچلىرىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن گەپنى ئۈزۈمىز.

بىر ئىبغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئىلھام ئادەم پسىخىكىسىنىڭ ئەڭ ئەلا ھالىتى بولۇپ، ئۇ چۈش بىلەن زىچ باغلىنىدۇ. بەزىدە ئىلھام بىلەن چۈش گىرەلىشىپ چۈشتىكى ئىلھامنىڭ پارتلىشىنى پەيدا قىلىدۇ؛ بەزىدە ئىككى تەرەپ ئۆلىشىپ تۇرۇپ چۈشنىڭ ئىلھامنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئەمما، ئىلھام پەقەت ئادەمدىلا كۆرۈلىدىغان پسىخىك ھادىسە ـ چۈش كۆرۈش ئادەمدىلا ئەمەس، ھايۋانلاردىمۇ بولىدۇ.) ئادەمنىڭ پسىخىك ھادىسىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلىدىن ئېيتقاندا، ئۈچ خىل شەكىل بىلەن كۆرۈنىدۇ، بۇلار پسىخىك پائالىيەت، پسىخىك ھالەت ۋە پسىخىك خۇسۇسىيەتتىن ئىبارەت. پسىخىك پائالىيەت ئادەم پسىخىكىسىنىڭ ئاساسلىق شەكلى بولۇپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلار بىلىش پائالىيىتى ۋە ئىستەك پائالىيىتىدىن ئىبارەت. پسىخىك پائالىيەت ئادەم پسىخىكىسىنىڭ ھەرىكەت ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ ھەر قاچان ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرىدۇ. پسىخىك خۇسۇسىيەت بىر قەدەر مۇقىم بولۇپ، ئادەم پسىخىكىسىنىڭ تۇرغۇنلۇق ھالىتىدۇر. ئۇ پسىخىك پائالىيەتنىڭ يىغىنچاقلانغان ۋە تۇراقلانغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. پسىخىك ھالەت ئەنە شۇ ئىككى تۈرلۈك پسىخىك ھادىسە ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى باسقۇچ بولۇپ، ئۇ بىۋاستە ئادەمنىڭ ئىجادىيەت ۋاقتىدىكى پسىخىك مەنزىرە ۋە پسىخىك پائالىيەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى بىلەن بىۋاستە باغلىنىدۇ. ئىلھام مانا مۇشۇ ئۆتكۈنچى ھالەتتە كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدۇ ھەمدە تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىنىڭ ھەر قانداق بىر ساھەسىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ ئەمەلىيەتتە بىر خىل پىنھان تەپەككۇر شەكلى ـ غەيرىي لوگىكىلىق تەپەككۇر بولسىمۇ، ئەمما ئىلھام تەپەككۇرى ئابستراكت تەپەككۇر، ئوبرازلىق تەپەككۇرگە ئوخشاش ئادەمنىڭ ئەقلىي بىلىشىدە تەييارلىنىدىغان ئالىي بىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئىلھامدا ئەقلىي بىلىش يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ سەنئەتكارلار ۋە ئالىملاردا ـ تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىنىڭ ھەممە تەرىپىدە كۆرۈنۈشى باسقۇچلۇق بولۇپ، بۇ ھەقتە ئالىملار ۋاللاس 1926 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويغان ئىجادىيەتنىڭ تۆت باسقۇچلۇق تەلىماتىنى ئەڭ نوپۇزلۇق قاراش دەپ بىلىدۇ. ۋاللاسنىڭ قارىشىنى ياقلايدىغان ۋە ئۇنى تولۇقلايدىغان ئالىملارنىڭ قاراشلىرىنى خۇلاسىلىغاندا، بۇ باسقۇچلارنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىش مۇمكىن:

بىرىنچى، تەييارلىق باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئېھتىياجنىڭ تۈرتكىسى ياكى سەنئەتكارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى كۈچلۈك ئىزدىنىش ئارزۇسى بىلەن بىلىم ئېلىش تەشنالىقىنىڭ تۈرتكىسىدە ناھايىتى كونكرېت بولغان بىر تۈرلۈك ئىجادىيەت نىشانى پەيدا بولىدۇ. بۇنداق نىشان ھەر خىل سەنئەتكارلارنىڭ ئىزدىنىش ساھەلىرىگە قاراپ ئەدەبىي ئەسەر، ئىلمىي ماقالە، بىرەر ماشىنا ـ ئۈسكۈنە لايىھىسى، قانۇن ـ قائىدە دېگەندەك باشقا ـ باشقا سەھەلەردە بولسىمۇ، پسىخىك جەھەتتىن ئۇلاردا ئورتاق قانۇنىيەت ھۆكۈم سۈرۈپ، ئۇلارنىڭ دىققەت، خاتىرە، ئىدراك، تەسەۋۋۇر، تەپەككۇر پائالىيەتلىرىنى ئاشۇ كونكرېت نىشانغا يىغىدۇ ـ دە، بۇ چاغدا ئادەمنىڭ كۆڭلى ئاجايىپ ئىشتىياق بىلەن شۇ ئىجادىيەت نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن شاپىشىپ تۇرىدۇ. بۇنداق شوخ پسىخىك ھالەت يىراقتىن ئېيتقاندا، ئادەمنىڭ ئۆمۈرۋايەت ئۆگەنگەن بىلىم ـ پاراسىتىنى ئىشقا سالسا، يېقىن تەرەپتىن، مەسىلىلەرنىڭ چېكىنى ئايرىيدۇ. ماتېرىيال توپلايدۇ ھەمدە مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان تاكتىكا تاللايدۇ. يەنى شۇ چاقىچە كاللىسىدا ھۆكۈم سۈرۈپ كېلىۋاتقان نەرسىلەرنى ئىجادىيەت نىشانىغا سىڭىشتۇرۇپ يىغىشتىن بېكىتىدۇ. ئۇنۇمسىز قاراشلارنى چۆرۈپ تاشلايدۇ. بۇنداق مەسىلىلەر ئادەتتە ئىختىيارلىق ھالىتىدىكى مەنتىقىلىق تەپەككۇر بىلەن ھەل قىلىنىغانلىقتىن، سەنئەتكار ئويلا ـ ئويلا بىر باشقا چىقالماي ئامالسىز قالغاندا، بۇ مەسىلىنى ۋاقىتلىق تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ياكى ۋاقىتلىق «ئۇنتۇپ كېتىدۇ».

ئىككىنچى، ھامىلدارلىق باسقۇچى. ئىجادىيەتچى مەسىلىنى ۋاقىتلىق تاشلاپ قويغاندا، گەرچە ئىختىيارلىق پائالىيىتى ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئىختىيارسىز ھالەتتىكى پائالىيەت ئىختىيارلىق ھالەتتىكى پائالىيەتنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش بىلەن ئۈزلۈكسىز مەشغۇل بولىدۇ. ئىختىيارسىزلىق ھالىتىدىكى بۇنداق پائالىيەتنى ئېنىق چۈشىنىپ ئالغىلى بولمايدۇ. ۋاللاسنىڭ قارىشىچە مەسىلىنى ئويلاپ باشقا چىقالمىغاندا، مېڭىنى ئارام ئالدۇرۇش، يەنە داۋاملىق شۇ مەسىلىنى ئويلىغاندىن كۆرە ئۇنى قويۇپ تۇرۇپ باشقا ـ باشقا مەسىلىلەرنى ئويلاپ تۇرۇش كېرەك (باشقا ئالىملارنىڭ بۇ مەسىلىگە قارىشىدا ئوخشىماسلىقلار بار، يەنى ئۇلار مېڭىنى ئارام

ئالدۇرۇپ بولۇپ داۋاملىق بىر مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىش كېرەك، دەپ قارايدۇ). باشقا مەسىلىلەرنى ئويلاپ كېتىشۋېتىپ، ئەڭ ئاخىرىغا بارغاندا تۇيۇقسىز بىرىنچى مەسىلىگە قايتىش ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى قوشۇپ بىر ـ بىرلەپ ھەل قىلىش كېرەك. لېكىن ئىجادىيەتتە مەسىلىنىڭ بىراقلا ھەل بولۇپ كېتىشى كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئاساسلىقى كونا بىلىم رامكىلىرى يېڭى ئىجادىيەتكە توسالغۇ پەيدا قىلىدۇ. يەنى ئىجادىيەتچىنىڭ كاللىسىغا كونا ئۇقۇم، فورما، ئەندىزە، تەلىمات، ئوبراز، تەجرىبە قاتارلىقلار كىرىۋېلىپ، ئۇنى يېڭى ئىجادىيەتتە دائىملىقتا بىر پىكىرگە كەلگىلى قويمايدۇ. شۇڭا، ئىجادىيەتچىنىڭ بۇ باسقۇچتىكى ئاچقۇچلۇق ۋەزىپىسى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان ھالدا ئىختىيارىي تەسەۋۋۇر ھەم تەپەككۇردىن تولۇق پايدىلىنىپ كونا بىلىم رامكىلىرى پەيدا قىلغان ئەنئەنىۋى ئاراشلارنىڭ پايدىسىز تەرەپلىرىدىن قۇتۇلۇش بولىدۇ. شۇڭا، بۇ چاغدا ئالدىراپ كېتىشتىن كۆرە مېڭىنى ئارام ئالدۇرۇپ ھوجۇمغا ئۆتكەن ياخشىراق.

ۋاللاسنىڭ قارىشىچە، مېڭىنى ئارام ئالدۇرۇشتا، ئاساسلىقى ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىشقا بولىدۇ. بىرىنچىسى، ئۆزىنى ئەركىن ـ ئازادە قويۇۋېتىپ مۇزىكا ئاڭلاش، پاكىزە يەردە ئاپتاپ سۇنۇش، ئىلمان سۇدا يۇيۇنۇش ... قاتارلىق بەدەنگە ئالاھىدە راھەت بېرىدىغان ئىشلارنى قىلىش؛ ئىككىنچى، سەيلە ـ تاماشا قىلىش، گۈللۈك ياكى باغلاردا ئايلىنىش، سۇ ئۈزۈش، بۇلبۇل، تورغاي، تومۇچۇقلارنىڭ سايراشلىرىنى ئاڭلاش قاتارلىق يەڭگىل، خۇشياقىدىغان ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش.

ئۈچىنچى، كۆڭۈلى يورۇش باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا ۋاقىتلىق تاشلاپ قويۇلغان مەسىلە ـ ئادەم كاللىسىدىكى ئىجادىي تەسەۋۋۇر ئۇزاق مۇددەت كاللىنىڭ ئىختىيارسىزلىق دۇنياسىدا ئەركىن لەيلەپ يۈرگەندىن كېيىن تاسادىپىي بىر سەۋەب بىلەن تەپەككۇر بىلەن ئۇلىنىدۇ. ـ دە، ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ۋاللىدە يورۇش ھاسىل قىلىدۇ. دېمەك، بۇنداق كۆڭۈل يورۇش ئادەمنىڭ ئۆز كاللىسىدا خېلى بۇرۇنلا ئويۇپ قالغان بىلىم، ئۇقۇم تەلىمات، تەجرىبە ... لەردىن بۆسۈپ ئۆتۈش ئاساسىدا يېڭى ئوبراز ۋە ئۇقۇملارنى بىرىكتۈرۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنداق بىرىكىش ـ ئادەمنىڭ كاللىسىدا ئىختىيارسىز ھالدىكى يېڭى پىكىرنىڭ ھاسىل بولۇشى ئادەمنىڭ شۇ چاغدىكى پسىخىك ھالىتىنىڭ ئىنتايىن ياخشى تۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئالىم ياكى سەنئەتكار سەيلە قىلىۋاتقان، مۇزىكا ئاڭلاۋاتقان، مونچىدا راھاتلىنىپ يۇيۇنىۋاتقان، تىياتىر ياكى كىنو كۆرۈۋاتقاندا گويا بۇلۇتلار ئارىسىدىن قۇياشنى كۆرگەندەك قىين ـ قىينىغا پاتماي خۇشاللىنىپ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىدۇ. ئەمما، بۇنداق كۆڭۈلى يورۇش تەبىئىي مەيدانغا كېلىدۇكى، ھەرگىز ئىرادە كۈچىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن كەلمەيدۇ. ئادەمدىكى بۇنداق كۆڭۈلى يورۇش ئىجادىي تەسەۋۋۇر بىلەن تەپەككۇرنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۇلىنىشى بولۇپ، تەسەۋۋۇر بىلەن تەپەككۇرنىڭ بۇنداق مەشغۇلاتى بىردەك ئىختىيارسىزلىق ھالىتىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا بۇنداق كۆڭۈلى يورۇش ئادەمنىڭ بۇرۇنقى ئويۇپ قالغان بىلىم، ئۇقۇم، تەجرىبىلەردىن ئايرىلىشى، شۇ سەۋەبلىك يېڭى بىر خىل ئوبراز ۋە ئۇقۇمنىڭ بىرىكىشى بولۇپ، نېگىزلىك پسىخىك مەشغۇلات يەنىلا تەھلىل قىلىش ۋە ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش بولىدۇ.

تۆتىنچى، تەكشۈرۈش باسقۇچى. يورۇش باسقۇچىدا مېڭىدە پەيدا بولغان نۇر (ئىلھام) نىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان لايىھىنى توغرا ۋە ئەڭ ئەلا دەرىجىدە تاللىيالىغانلىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، ئىلھام كەلگەندە شارت ـ شۇرت يېزىۋالغان ئەسەرنى ئىملا ۋە سۆز ـ جۈملە جەھەتتىن تەھرىرلەپ تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش، ھەر قانداق بىر ئىجادىيەتتە ئىختىيارسىزلىقنىڭ مەھسۇلى بولغان ئىلھام ھالىتىدىكى لايىھىنى ئىختىيارلىق ھالىتىدىكى لوگىكىلىق تەپەككۇرغا تايىنىپ باھالاش ياكى ئىلمىي تەجرىبە ئارقىلىق تەكشۈرۈش كېرەك بولىدۇ. چۈنكى ئىلھام ھالىتىدە تەسەۋۋۇر ناھايىتى جانلىق، تەپەككۇر ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، بۇلار تېزلا كېلىپ تۈتۈپ كېتىدۇ. ئىجادىيەتچى ئۇ چاغدىكى پىكىرنىڭ ئۇششاق تەرەپلىرىنى مۇپەسسەل خاتىرىلەپ ئالالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، تەكشۈرۈپ تولۇقلاش ناھايىتى زۆرۈردۇر. ئەقلىي ئىقتىدارنى ئۆتكۈزۈشتە تەپەككۇر، بولۇپمۇ ئىجادىي تەپەككۇر ئەنزە شۇنداق مۇھىم بولغانلىقتىن، زامانىمىزنىڭ تەپەككۇر ئىلمىزدە ئالاھىدە ئۇسۇللار بىلەن ئۇنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ئۇسۇللار يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بەش نۇقتا ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ھاسىل بولۇشىدىكى ئاساسلىق شەرتلەر بولۇپ، تۆۋەندىكى تەپەككۇر مەشق ئۇسۇللىرى بولسا، ئۇلارنىڭ تولۇقلىغۇچىسىدۇر.

نەزەر دائىرىسى ۋە تەپەككۇرلىرىنى ئېچىش ئۇسۇلى بۇ ئۇسۇل ئاساسلىقى شەيئىلەرنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى پايدىسىز تەرەپلىرىنى، قىزىقارلىق تەرەپلىرىنى ئەتراپلىق كۆرۈنۈشىنى تەكىتلەيدۇ. يات - يالاڭ نەرسىلەرنىمۇ كاللىسىغا سىغدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تار نەزەر دائىرىسىدە تۇرۇۋالماسلىقىنى، بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكىنى كۆرۈپ باشقا تەرەپلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىنى تەكىتلەيدۇ.

ئەتراپلىق ئويلىنىش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇل تەپەككۇر يوللىرىنى كېڭەيتىش ئاساسىدا سىستېمىلىق ھەم ئەتراپلىق ئويلىنىش، ھەر ئىشنىڭ ئالدى - ئارقىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش، ھەر نەرسىنىڭ چوڭ - كىچىك تەرەپلىرىنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئاقىۋەتنى ئويلىنىش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇل ئاقىۋەت ۋە شۇ ئاقىۋەت تۈپەيلى داۋام قىلىدىغان زەنجىرسىمان ئىنكاسىنى نەزەردە تۇتۇشنى تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن، ئېنېرگىيە كرىزىسى بولسا، شۇ تۈپەيلى كېلىپ چىقىدىغان ئىشلەپچىقىرىش توختاپ كېتىش، ئىشچىلار ئىشسىزلىق. مال باھاسى ئۆرلەش قاتارلىق بىر يۈرۈش مەسىلىلەرنى ئويلاشنى تەكىتلەيدۇ.

ئىستەك ھەم ھەقىقىي نىشاننى نەزەردە تۇتۇش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇلغا ئەمەل قىلغاندا تەپەككۇرغا تېخىمۇ ئىلھام بېرىپ، مەسىلىلەرنى ئىجادىي ھەل قىلىش بويىچە چوڭقۇرلىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن، بىر موماي پوپايكا توقۇۋاتقاندا ئۇنىڭ نەۋرىسى يىپنى چۇۋۇۋېتىپ خاپا قىلىدى دەيلى. موماي ئۇنى چەكلەش ئۈچۈن سالاسۇن ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ. نەۋرىسى ئۇنىماي يىغلايدۇ. لېكىن، نەۋرىسىنى سالاسۇنغا سولا قويۇش ئۇنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى ياكى نىشانى ئەمەس. بەلكى، بالا بىلەن پوپايكا يىپىنى ئايرىپ تاشلاش بولغانلىقتىن، ئۇ نەۋرىسىنى سىرتتا قالدۇرۇپ، ئۆزى سالاسۇن ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرۇۋالغاندا، ھەم پوپايكىنى ئامان ئېسەن توقۇيالايدۇ ھەم نەۋرىسىنى پەس قىلالايدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەسىلە ئىجادىي ھەل بولىدۇ. بۇ ئۇسۇل مانا مۇشۇنداق ھەقىقىي مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تەدبىرنى جانلىق قوللىنىشنى تەكىتلەيدۇ.

مەركىزىي نۇقتىغا دىققەت قىلىش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇل مەسىلە كۆپ، ھەل قىلماق تەس بولغاندا، ئۇنىڭ ئاسانلا سەل قارىلىپ قالىدىغان مەركىزىي ھالقىسىنى چىڭ تۇتۇشنى تەكىتلەيدۇ. مەسىلەن، قاتناش بىخەتەرلىكىگە دىققەت قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن خەتەر چىقىدىغان نۇقتىلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ، ئۇ يەرلەرگە شەرتلىك بەلگىلەرنى تۇرغۇزغانغا ئوخشاش.

ئىمكانىيەت ئىزدەش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇل ئىمكانىيەت ئىزدەپ مەسىلە ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەسىلەن، بىر نەچچە تۈرلۈك ئۇسۇل - چارە قوللانغاندا ھەل بولمىغان بىر مەسىلىنى باشقىچە بىر يول بىلەن ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىپ ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ كونۇككەن تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىزدىنىشتۇر. بۇ خۇددى دوختۇر مۇرەككەپ كېسەلگە يولۇققاندا، ئادەتتىكى ئۇسۇللار بىلەن داۋالاپ ساقايتالماي، ئالاھىدە چارە دورا قوللانغانغا ئوخشايدۇ.

باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئوبدان ئويلاپ كۆرۈش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇل بىر مەسىلىگە ھۆكۈم چىقىرىش ياكى قارار چىقىرىشتىن بۇرۇن باشقىلارنىڭ پىكرىنى ھەر تەرەپلىمە ئويلاپ كۆرۈش، باشقىلارنىڭ پىكرى ئاساسىدا تېخىمۇ كۆپلەپ ئەقىل تېپىپ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىدە مەسىلە ھەل قىلىشنى تەكىتلەيدۇ.

زىددىيەتلىك تەرەپنى نەزەرگە ئېلىش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇل مەسىلىلەرنى ئويلىغاندا، ئادەتتىكىلەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلاش بىلەنلا قالماستىن، قارىمۇ - قارشى بولغان. زىددىيەت قىلىپ قارشى تەرەپتە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ پىكىر - ئىختىلاپلىرىدىكى تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرىنى نەزەرگە ئېلىشنى، ئىككى تەرەپنىڭ قايسى تەرەپلىرىنى ماسلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى ۋە قايسى تەرەپلىرىنى ماسلاشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى بايقاپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ.

قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلىنىش ئۇسۇلى. بۇ ئۇسۇل باشقىلار بىلەن پىكىر ئىختىلاپ بولۇپ قالغاندا، قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىغا ئۆتۈپ، «ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولۇپ قالغان بولسام قانداق قىلار ئىدىم» دېگەن ئويغا كېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇنداقتا زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈپ، توقۇنۇشۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**3) تالانت ئۈستۈنلۈكىنى قارى قىلدۇرۇش.** ھەركىم تالانتلىق بولۇش ئۈچۈن تالانت ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشنى بىلىشى كېرەك. چۈنكى ئەقلىي قابىلىيەت ۋە ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتە تالانتنىڭ ئۆسۈپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان نۇقتىنى تاللاپ ئېلىپ، شۇ نىشان بويىچە ئىلگىرىلەش

تالانتىنى ئەڭ ئەلا دەرىجىدە تەربىيىلەشنىڭ يولىدۇر. گىيوتى ئادەم ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەلا تالانتىنىڭ قانداق بىلىپ ئېلىش كېرەك دېگەن مەسىلىگە جاۋاب بەرگەندە مۇنداق دېگەن: سېنىڭ مەلۇم بىر تەرەپتە ھەقىقىي تالانتىڭ بولىدىغان بولسا، سەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن تەبىئىي بولغان ئالاھىدە بىر سەزگۈلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇنچىۋالا يېتەكچىلىك قىلمىغان تەقدىردىمۇ بىر خىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ياكى تەبىئىي يۈزلىنىشكە ئىگە بولىدۇ. ئەمەلىيەت جەريانىدا ۋاقتىنچە توختاش بولغان تەقدىردىمۇ ئۇ قابىلىيەت يەنە ئىختىيارسىزلىق ئىچىدە ئىلگىرىلەيدۇ ۋە ئۆسىدۇ. ئەقلىي ئىقتىدار تەتقىقاتى بويىچە ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ كۆپ خىللىقىنى ئىسپاتلاپ، دۇنيادا چوڭ تەسىر پەيدا قىلىۋاتقان ئامېرىكا ئالىمى ھارۋارد گاردنېرمۇ شۇنداق قاراشنى ئىلگىرى سۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭچە، بىر ئادەمنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى (ياكى يۈزلىنىشى) نى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بىز مۇنداق ئەقلىي ئىقتىدارنى پەرق ئېتىپ ئالغاندىن كېيىن، پەرق ئەتكەن مۇشۇ ئىدراكتىن پايدىلىنىپ، ئۇ ئادەمنىڭ تەربىيىلىنىش پۇرسىتىنى ۋە تاللاش دائىرىسىنى كۆپەيتەلەيمىز. بىز ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە بولغان بۇ ئادەمنى ئالاھىدە لايىھە بويىچە يېتەكلىسەك، ھەتتا يەنە كۆزىتىش ئىپادىسى نورمال بولمىغان ياكى تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتقان ئەقلىي ئىقتىدار ئۆزلىنىشىدىكى ئادەم ئۈچۈن تولۇقلاش تەدبىرى ياكى ئالاھىدە ئۈستۈرۈش تەدبىرى تۈزۈپ بەرسەك بولىدۇ. (1) ① گىيوتى ۋە گاردنېر سۈرەتلەپ بەرگەن ھەقىقىي تالانتنىڭ شەكىللىنىش ھالىتى ئەمەلىيەتتە ھەر كىمنىڭ ئۆزىدىكى تالانتىنىڭ شەكىللىنىش ھالىتى ئەمەلىيەتتە ھەر كىمنىڭ ئۆزىدىكى تالانتىنىڭ ئۇسۇپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان نۇقتىنى تاللاشنى بىلىشى ۋە مۇتەخەسسىسلەر شۇنداق نۇقتىنى كىشىلەرنىڭ تاللاپ ئېلىپ ئۈستۈرۈشىگە ۋە جارى قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىش بولۇپ، ھەقىقىي تالانتىنىڭ ئۇسۇپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان نۇقتىنى بۇرۇنراق بىلىپ ئېلىش، تالانت ئۈستۈنلۈكىنى ئۆز - ئۆزىدىن بىلىپ يېتىش ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياردىمىدە بىلىپ يېتىش ۋە ئېچىش جەھەتلەردە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئەقلىي ئىقتىدار دېگەنمۇ تالانتنىڭ ئاشۇنداق تەبىئىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ۋە يۈزلىنىشكە ئىگە بولغان تەرىپىدە ئەڭ كۆپ سەھنىگە چىقىدۇ.

بۇندىق تالانت ئۈستۈنلۈكى ئادەمنىڭ تۇغمىلىق ھالىتى بىلەن باغلىنىدۇ، ئەمما تۇغمىلىق تەرىپىدىن بەلگىلەنمەيدۇ. ئۇنى تۇغمىلىق ئاساسىدا يېتىلدۈرۈشكە، ئۈستۈرۈشكە بولىدۇ. بۇنداق تالانت بىخىنى نابۇت قىلماي ۋاقتىدا يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئاساسەن مۇنۇلارغا دىققەت قىلىش كېرەك: (1) ئۆزىنىڭ تۇغما ئالاھىدىلىكى ۋە ئەقلىي ئىقتىدار ئۈستۈنلۈكىگە ئاساسەن تالانتلىق بولۇش نىشانىنى بۇرۇنراق تاللاپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان بىلىم قۇرۇلمىسى تۇرغۇزۇشقا دىققەت قىلىش؛ (2) جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئۆزى شۇغۇللىنىۋاتقان كەسىپ ياكى قوغلىشىۋاتقان كەسپىنى نىشان قىلىپ بىلىم قۇرۇلمىسىنى ۋاقتىدا تەڭشەپ، تەپەككۇر مەشىقىنى ۋە قابىلىيەت چېنىقتۇرۇشنى كۈچەيتىشكە دىققەت قىلىش؛ ئادەمنىڭ قابىلىيەت سىستېمىسىدا تۆۋەن سەۋىيىلىك قابىلىيەت ھەم يۇقىرى سەۋىيىلىك قابىلىيەت بولىدۇ، ئەمما، بىر ئادەمنىڭ ئۈستۈنلۈكى يۇقىرى سەۋىيىلىك قابىلىيىتىدە تىكلىنىدۇ. شۇڭا، ئۆزى تۇرۇۋاتقان كوللېكتىپنىڭ ئىقتىدارى ساپاسى ئەھۋالىغا ئاساسەن «بوشلۇش ئېغىزى» تاللاپ، ئۆگىنىش ئارقىلىق تۆۋەن دەرىجىدىكى قابىلىيەتلىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك قابىلىيەتلەرگە ئايلاندۇرۇش ياكى ئۈستۈنلۈككە كۆتۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

دۇرۇس، تالانت ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشتا ھەر ئادەمنىڭ ياش چېكى، بىلىم قۇرۇلمىسى، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتى ۋە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ساپاسى، ئۆزى تۇرۇۋاتقان كوللېكتىپنىڭ بىر پۈتۈن ساپاسى بىلەن باغلىنىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، تالانت ئۈستۈنلۈكى نىسپىي ھالدا مەۋجۇت بولىدۇ. باشقىلارنىڭ رېكورت بۇزۇپ ئالدىغا كىرىۋېلىشى، جەمئىيەت ئەزالىرى ۋە ياكى ئۆزى تۇرۇۋاتقان كوللېكتىپ ساپاسىنىڭ ئۇسۇپ كېتىشى مۇقەررەر ھالدا شەخسلەرنىڭ تالانت ئۈستۈنلۈكىگە يېڭى تەھدىتلەرنى سالىدۇ. شۇڭا، تالانت ئۈستۈنلۈكىنى ساقلاش ئۈچۈن ھەر قاچان بىلىم قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ تۇرۇشقا، قابىلىيەت دەرىجىلىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا، شۇ ئارقىلىق مەلۇم بىر تەرەپتە باشقىلاردىن ھالقىپ كېتىدىغان ئۆتكۈر سەزگۈدە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. بولۇپمۇ كۈچ ئېلىشىشتا بەش بارماقنى ئايرىم - ئايرىم ئۇرغاندا قايرىلىپ كېتىدىغان، مۇشتىنى تۈگكەندە خېلى بەك نوقچىنىمۇ دەككە - دۈككىدە

① ھارۋارلاد گاردنېر: «ئەقلىي ئىقتىدار قۇرۇلمىسى» خەنزۇچە نەشرى 9 - بەت.

قويدىغان ئەھۋالنى نەزەردىن ساقىت قىلماي، زېھنىنى، بىلىم ۋە تەجرىبە ماھارەتلىرىنى تالانت ئۈستۈنلۈكى بار تەرەپكە يىغىپ، پاراسەت جەھەتتە ھەمكارلىق كۈچى ھاسىل قىلىش ـ كۆزىتىش ئىقتىدارى، خاتىرە ئىقتىدارى، دىققەت ئىقتىدارى، تەپەككۇر ئىقتىدارى، تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنىڭ ھەمكارلاشقان كۈچ بىرلىكىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئاساسى پۇختا بولۇپلا قالماستىن، كەسپلەرگە بۆلۈنگەندە بىلىم ۋە تەپەككۇر كەڭلىكى ھاسىل بولۇپ، ئادەم ھەم كەڭرى بىلىم دېڭىزىدا ئۈزەلەيدىغان، ھەم ئۆز كەسپىدە تالانت ئۇچقۇنى كۆرەلەيدىغان، ھەقىقىي دانالىق يولىغا ماڭالايدۇ.

ئەمما، ئومۇمىي ئەقلىي ئىقتىدارلار ئوتتۇرىسىدا مۇنداق ھەمكارلىق ھاسىل قىلىپ، روناق تېپىش يولىغا مېڭىش ھەرگىزمۇ ھەممە ئادەم ئوخشاش ئەقلىي ئىقتىدارغا ئىگە بولۇش دېگەنلىك ئەمەس. ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ بۇ ئېلېمېنتلىرى ئاخىرى بېرىپ ھەر كىمنىڭ تالانت ئۈستۈنلۈكى بويىچە تىل ئىقتىدارى، مۇزىكا ئىقتىدارى، مەنتىقە ـ ماتېماتىكا ئىقتىدارى، ماكان ئىقتىدارى، تەننىڭ ھەرىكەتچانلىق ئىقتىدارى، پەزىلەت ئىقتىدارى ··· قاتارلىق مەدەنىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە مېۋىلەيدىغان ئىقتىدارلارغا ئايلىنىدۇ. بۇنداق تالانت ئۈستۈنلۈكىنى بايقاش ۋە مائارىپقا تەدبىقلاش ئىشىنى دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر مىللىي مائارىپتا يولغا قويۇشقا بولىدۇ. يەنە كېلىپ، ھەركىمنىڭ قايەرلەردە ياشىشىغا قاراپ بەزى ئىقتىدارلار بەزى جايلاردا كۆپرەك تەرەققىياتقا ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، كايرولىن تاقىم ئاراللىرىدىكى بولۋار باللىرى ناھايىتى كىچىك تۇرۇپلا يۇلتۇزلارنى تونۇپ ئالالايدىكەن، شۇ ئاساستا ناھايىتى ئاسانلا دېڭىزلاردا قاتناش ماھارىتىگە ئىگە بولىدىكەن؛ ئافرىقا نېگىرلىرىمۇ ناھايىتى كىچىك ۋاقتىدا ئۇسسۇل ماھىرلىقىنى كۆرسىتەلەيدۇ. ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك، تاجىكلاردا ئۇسسۇل ۋە ناخشا ئېيتالمايدىغان ئادەملەر ئاز بولىدۇ، قازاق، قىرغىز، موڭغۇللار ئات مىنىشكە ماھىر كېلىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار ئەقىل سىناش مۇسابىقىلىرىدە ئاساس قىلىنغان مەنتىقە ـ ماتېماتىكىلىق ئىقتىدار بىلەن تىل ئىقتىدارىنىڭ رولىدىن ناھايىتى كەڭ دەرىجىدە بولۇپ، مەنتىقىلىق يوللار بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ ـ دە، ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئادىمىزاتنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىدە ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. دېڭىزچى گېئولوگ ۋە رازۋېتچىكلارنىڭ يول بىلىش قابىلىيىتى، تەنتەربىيىچىلەر ۋە ئۇسسۇلچىلارنىڭ ھەرىكەتتىكى زىيادە ماھىرلىقلىرى، سېرىكچى ۋە داخان ـ پىرىخونلارنىڭ سېھىرگەرلىكلىرى، مۇزىكانتلارنىڭ ئاھاڭ جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىمۇ ئالىم ـ سەنئەتكارلارنىڭكىگە ئوخشاشلا ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ شۇ ساھەدىكى گەۋدىلىنىشىدۇر. گەپ ئاللىقانداق يوغان ناملارغا ئېرىشىلىۋېلىشتا ئەمەس، مۇشۇنداق ئەقلىي ئىقتىدارنى بىر ھالىتىدە ئەتراپلىق بايقاپ ئېلىپ، تۇرمۇشنىڭ بارلىق تەرەپلىرىدە تالانتلىق ئادەملەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا تەييارلىق قىلىشتۇر. ئالايلۇق، باللار كىچىك ۋاقتىدا مەلۇم ھەرىكەتنىڭ ئەندىزىسىنى كۆرۈۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولىدۇ دەپ قارىساق، ئۇلارنىڭ كۆرگەن نەرسىنى كۆپ ئاتىلىغاندىن كېيىن قانچىلىك ئەستە قالدۇرغانلىقىنى سىناپ كۆرگەندە، ئۇنىڭدا ھاسىل بولغان ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقىنى بايقاپ ئالغىلى بولىدۇ. ئەقلىي ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان بۇ بالا بۇنداق بىر خىل ھەرىكەتنىلا ئەمەس، باشقىچە يېڭى ھەرىكەتلەرنىڭ ئەندىزىسىنىمۇ ناھايىتى تېزلىكتە ئۆگىنىپ ئالىدۇ ۋە ئۆگىنىپ ئالغاندىن كېيىن ئۇنى ئۇنتۇلۇپ قالماي تەكرارلىيالايدۇ. ئۇ سەل چوڭ بولغاندا ئۇنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى شۇ چاغدىكى ھالىتى بويىچە باھالاپ تەربىيىلىسەك، ئۇنىڭدا تېخىمۇ ئۈستۈن ماھارەت يېتىلىدۇ. باللار كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان پائالىيەتلەر (تېپىشماق، ئېيتىشىش، قىزىقارلىق ئويۇنلارنى ئويناش، بېيىت ۋە قوشاقلارنى ئېيتىش ھەم باشقا سەل تەسىرەك پائالىيەتلەر) گە كىرىشىپ كەتكەندە، ئۇلارنىڭ قابىلىيىتى ۋە يوشۇرۇن ئىقتىدارى تېخىمۇ تولۇق گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ. بەلكى بۇنداق غىدىقلاش خاراكتېرى بار مۇھىتتىن بىز ئۇلاردىكى ئەقلىي ئىقتىدار ھەققىدە شەرتلىك ئالامەتلەرگە ئىگە بولىمىز. مانا بۇ ئادەم چوڭ بولغاندا مەلۇم ئالاھىدە ساھەدە تالانت كۆرسىتىشنىڭ دەسلەپكى تۇغما ئالامەتلىرىدۇر. دېمەكچىلىككى، كەلگۈسىدىكى مۇزىكانتنىڭ شەرتلىك ئالامىتى ئۇنىڭ مۇزىكىدىكى باشقا باللاردىن مۇكەممەللىكىدۇر؛ پىسخىك پەزىلەت تۇغمىلىقى ئۈستۈن باللارنىڭ شەرتلىك ئالامىتى باشقىلارنىڭ مۇددىئاسىنى بىۋاستە ھېس قىلىشتۇر؛ تەننىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىدىكى ئۈستۈنلۈكنىڭ شەرتلىك ئالامىتى ئۇسسۇل ۋە چامباشچىلىققا قىزىقىپ دوراشتۇر؛ ئالىم بولغۇچىنىڭ دەسلەپكى شەرتلىك ئالامىتى كىشىنى ئويغا سالىدىغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە

مۇۋاپىق يول بىلەن ئۇ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە مۇۋاپىق يول بىلەن ئۇ مەسىلىنىڭ تېگىنى بىلىشنى قوغلىشىشتۇر. ماكان ئىقتىدارىنىڭ شەرتلىك ئالامىتى كۆرگەنلىرىنى توغرا ئىدراك قىلىش، دەسلەپتە كۆرگەن نەرسىلەرنى قايتىلاش، تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈش، سۈرەتلەشتۇر. لېكىن ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ يۈزلىنىشى كۆپ ھاللاردا مەدەنىيەتنىڭ قىممەت يۈزلىنىشى بولغاچقا، ئۇنىڭ تەرەققىياتى مەدەنىيەت مۇھىتىدىن ئايرىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر قانداق بىر ساھەدىكى ئەمەلىيەت قوشنا بولغان يەنە بىر ساھەدىكى ئىقتىدار ۋە ماھارەتنىڭ ئۆسۈشىگە قارىتا غىدىقلاش رولىنى ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇنداق بايقاشتا دۇنياۋى كاتتا ئالىملارنىڭ كەشپىياتلىرىنى ئاساس قىلىش بىلەن بىر چاغدا، تۈرلۈك ئىقتىدارلارنىڭ قوشنا ساھەلەرگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى ۋە ھەر قانداق ئىقتىدارنىڭ قوشنا ساھەلەردىن ئالغان تەسىرىنىمۇ نەزەردە تۇتۇش ھەم بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگىمۇ ھۆرمەت قىلىش بىلەن كەلگۈسى دۇنيا مەدەنىيىتى ئۈچۈن ھەر مىللەت ئوخشىمايدىغان، ئەمما ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى بېيىتىدىغان تالانت گۈللىرىنى ئېچىلدۇرۇشقا دىققەت قىلىش لازىم. ھازىر دۇنيادىكى ھەممە مىللەت ئالاھەزەل ئۆزلىرىنىڭ مائارىپىدا مۇشۇنداق مۇسابىقىگە دۇچ كەلمەكتە. شۇڭا، ئەقىل ۋە ئەقلىي ئىقتىدارنى يېتىشتۈرۈشنىڭ دۇنياۋى قائىدە ۋە ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەش ھەمدە ئۆزگىچە تالانت ئەنئەنىسىنىمۇ گۈللەندۈرۈش ـ ھەر بىر مىللەت ئالدىدىكى يېڭى سىناقتۇر. ھىندى خەلقىنىڭ دۇنياۋى سەنئەتنى كەڭرى قوبۇل قىلىش ئەمما ئۆزىنىڭ سەنئەت ئالاھىدىلىكىنى كىنو سەنئىتىدە قەۋلان قىلدۇرۇش، ياپونلۇقلارنىڭ دۇنيانىڭ مەدەنىيىتىنى كەڭ قوبۇل قىلىش، ئەمما ئۆزگىچىلىكىنى ساقلاش ئەمەلىيىتى بۇنداق پائالىيەتنىڭ ئۈلگىسىدۇر.

لېكىن، مۇنداق مىللىي پەرقلەرگە ئېتىبار بېرىش بىلەن بىر چاغدا شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، دۇنيا بويىچە قارىغاندا، مائارىپ ئوقۇتۇشىدا بارغانسېرى بىۋاسىتە بىلىم ئالىدىغان شەكىللەردىن ـ تەن ھەرىكىتى ئىقتىدارى، ماكان ئىقتىدارىنى بايقاش ۋە ئۇ جەھەتتىكى بىلىملەرنى ئېلىش دائىرىسى كىچىكلەپ، تىل ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە يۈزلىنىش بولۇۋاتىدۇ، ھازىرقى كۈندە تېخى تىل ئىقتىدارىدىنمۇ بەكرەك مەنتىقىلىق ـ ماتېماتىكىلىق تەپەككۇر شەكلى ۋە كۆڭلىدە ئويلىنىپ كۆرۈش شەكلىگە ئەھمىيەت بېرىش ئۆسۈپ بېرىپ، كىشىلەرنى پىكىر قىلىشقا ئۆگىتىش مائارىپنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىۋاتىدۇ. بۇ يۈزلىنىشتىن قارىغاندا، مائارىپتا ئەقلىي ئىقتىدارنى مىللىي ئالاھىدىلىك بىلەن ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىش، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىمى دۇنيانىڭ ئالىملىرى سىناقتىن ئۆتكۈزگەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مىللىي مائارىپقا تەدبىقلاش تېخىمۇ ئىلمىي يولدۇر.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئادەملەرنىڭ بارغانسېرى مۇكەممەللىشىپ بېرىشى، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئەمەلىيەتتە ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ تەرەققىي قىلىشى بولۇپ، ئادەم ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى ئېچىپ تالانت باغچىسىغا كىرىشكە شەرت ھازىرلاشتا ئەقلىي ئىقتىدارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئەقلىي ئىقتىدارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئېچىش مەسىلىسى ۋە مائارىپنىڭ رولى پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلانغان. شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تەرەققىي قىلىش باشقىبىر نەرسە ئەمەس، ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئېچىش دېگەن دەپ. شۇنداق ئىكەن. قانداق تەلىم ـ تەربىيە مۇنداق ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈلەيدۇ، قانداق ئۇسۇللار بۇنداق يوشۇرۇن ئىقتىدارنىڭ ئېچىلىشىنى غىدىقلىيالايدۇ؟ يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىز ئەنە شۇنداق قابىلىيەت ۋە ئىقتىدارلارنىڭ ھەممە ئادەمدە ئورتاق بولىدىغان ئومۇمىي تەرەپلىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، غىدىقلايدىغان ئاساسلىق ئۇسۇللار بولۇپ، ھەر كىم تالانتلىق بولۇش ئۈچۈن، كۆزىتىش، دىققەت خاتىرە، تەپەككۇر، تەسەۋۋۇر قابىلىيەتلىرى ۋە ئىقتىدارلىرى تەرىپىدە چېنىقىشتىن باشقا يەنە، ئۆزلىرىنىڭ چوش بايلىقىنى ئېچىشى ۋە تالانت ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

# 2. داستاننىڭ ئۇسلۇبى ۋە قىممىتى

(بېشى 1 ـ ساندا)

ئەدىب ناقىس پارس ـ تاجىك ئەدىبلىرىدىن شەيخ ئىنايىتۇللانىڭ پارس تىلىدىكى «باھار دانىش» ناملىق نەزمىي ئەسىرىنى ئىجادىي ئۆزلەشتۈرۈش ئارقىلىق «گۈلزار بىنىش» (تىكەنسىز گۈلزار) داستانىنى ياراتقان. ئۇنىڭ پۇتكول بەدىئىي ئىجادىيىتىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى بۇ زور ھەجىملىك داستان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئاخىرقى سەمەرىسى سۈپىتىدە شائىرغا يۈكسەك شۆھرەت بېغىشلايدۇ.

شەرق مەدەنىيىتىدىكى مەشھۇر ئەسەر «باھار دانىش» ئۆزىنىڭ مۇكەممەللىكى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلىقى، پەلسەپىۋى ئوي ـ پىكىرلىرىنىڭ موللىقى بىلەن ئىسلام دۇنياسىدا زور شۆھرەت قازانغان ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىنغان. ئۇنىڭ نەزمىي ۋە نەسرىي تەرجىمە نۇسخىلىرى خەلق ئىچىدە كەڭ تارقالغان بولۇپ، مۇھەممەد قاسىم بىننى موللا نەزىر مۇھەممەد بۇخارى تۈركىي تىلىغا نەسرىي ئۇسلۇبتا تەرجىمە قىلغان «باھار دانىش» ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ ئەسەردە چۆچەك، ماقال ـ تەمسىل، رىۋايەت ـ قىسسەلەردىن ئىبارەت خەلق دانالىقى مۇجەسسەملەنگەن. ئىران مەدەنىيىتى بىلەن تۈركىي مەدەنىيەتنىڭ قەدىم زامانلاردىلا ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنىڭ يارقىن مىسالى سۈپىتىدە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە مەنىۋى بايلىقىمىزنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغان بۇ ئەسەردىكى نۇرغۇن ھېكايەتلەر ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ بېيىپ كەلگەن، ھەتتا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىگىمۇ ئۆزلىشىپ كەتكەن. ئەسەرنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى يۇقىرى ۋەقەلىكى قىزىقارلىق ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشقا يېقىن بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىلەرنى مەھلىيا قىلىدۇ. قىسقىسى، بۇ ئەسەردە ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر ۋە تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە قىزىقارلىق ۋەقەلەرگە بىۋاسىتە باغلىنىپ كەلگەن پەلسەپىۋى مەزمۇن، مەڭگۈ ئىستە ساقلاشقا ئەرزىيدىغان ھېكمەتلىك قاراشلار بار. ئەدىب ناقىس يېڭىسارلىق داۋۇت ئاخۇن دېگەنباينىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، «باھار دانىش» نىڭ پارس تىلىدىكى نەزمىي نۇسخىسىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققان. بۇ ئەسەردىكى ئېستېتىك تۇيغۇ سېزىملارنى، پەلسەپىۋى قاراشلارنى شائىرانە ۋە پەيلاسوپلارچە كۆزىتىپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلغان. ئەسەرنىڭ ماھىيىتى كلاسسىك دەۋرلەردىكى تۈركىي خەلقلەر ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھاياتىنىڭ مۇھىم تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بېرىشتە ئورتاقلىقا ئىگە ئىكەنلىكىنى، مەزمۇن بىلەن ۋەقەلىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خاس ئىپىك ئەنئەنىلەرگە ماس ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، ئىجادىيەتتە تېما يېڭىلاش ئۈستىدە ئىزدەنگەن ۋە ئۇ ئۆزىنىڭ بەدىئىي تەسىراتى ئۈستىدە توختىلىپ، مۇنداق دېگەن:

دېدىم كۆڭلۈمدە كىم: «بولسا بەھاران
ئاچىلور لالە ۋۇ گۈللار نەمايان.
قىلىنسە خەتلەرى گەر تۈركىي تەھرىر،
ئاچىلسە تۈركىي بىرلە قارىسى زەنجىر.
ئولۇر گويا بەھار ئولغاندا گۈللار،
سەبا بىرلە يۈزىن قىلمىش نەمۇدار.
نەمۇندارۇ نەمابان بولسە گەرەم،
بولۇر بىنىش كۆرۈنگەچ مەئنى مۇبھەم.
مۇنى زەم ئەيلىسە گۈلزارغا ھەس،
بولۇر، گۈلزارى بىنىش، ئۇشبۇ سۆز بەس.»

سەۋەب بۇ كىم، ئىشتىكىل، خاس ئىلە ئام.
موڭا «گۈلزارى بىنىش» ئەيلەدىم نامى.

بۇ داستاننى يارىتىشتا يېتەكچى قىلىنغان سەۋەب ـ پرىنسىپلاردىن بىرى شۇكى، ئۇ ئۆز پىكىرلىرىنى خەلققە ئاممىباپ چۈشەندۈرمەكچى بولغان. شۇڭا، ئەسەردە شائىرانە پەردىگە ئورالغان نەزمىي باياندىرىدا مىللىي ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئەقەللىي نەرسىلەرنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش ئارقىلىق ئۆز تىلىنى خەلقنىڭ جانلىق تىلىغا يېقىنلاشتۇرغان. مەسىلەن:

دېدى ناقىس بۇ يەردە زەررەئى سۆز،
توقۇپ فىكرەت دۇكانىدا قارىچ بۆز.
ئىدى تەمھىدى ئايتۇر داستاننىڭ،
«بەھار دانىش» ئاتلىق گۈلستاننىڭ.

«گۈلزار بىنىش» داستانىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبىدا تېكىست قۇرۇلمىسى بىلەن ۋەزىن مۇكەممەللىكى ئۆز ئارا ماسلىشىپ، دىئالېكتىك ئىككىلەمچى ماھىيەتنى تولۇق نامايەن قىلغان. نەزم شەكلىنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى باھالاشتا، ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيەت تەتقىقات ئەنئەنىسىدە ۋەزىن تەلىپى ۋە تىل سەنئىتىدىن ئىبارەت ئاساسلىق ئىككى ئۆلچەم ساقلىنىپ كەلگەن. لېكىن، ھازىرغىچە ھېچكىشى بۇ داستاننى يۇقىرىقى تەرەپلەردىن تەتقىق قىلىپ كۆرمىدى. مېنىڭچە «گۈلزار بىنىش» داستانى باشتىن ـ ئاياغ ئارۇز ۋەزنىنىڭ مەسنەۋى (بېيىت) شەكلىدىكى مۇتەقارىب بەھرىدە يېزىلغان، ئەمەلىيەتتە، بۇ بەھرىنىڭ ئالتا خىل ۋەزنى بولۇپ، ئىنچىكە تەكشۈرگىنىمىزدە، داستان بېيىتلىرى مۇتەقارىب بەھرىدىكى مۇسەممەنى مەھرۇي ۋە مۇسەممەنى مەقسۇر ۋەزنىدە ئارىلاش كەلگەن. چۈنكى، بۇ ئىككى پەرئى ۋەزىن ئۆز ئارا يېقىن بولۇپ، بىر ـ بىرى بىلەن ئالمىشىپ تۇرىدۇ. ھەتتا بىر بېيىتمۇ ئورۇن ئالماشتۇرۇپ ئىشلىتىلىۋېرىلىدۇ، ئەدىب ناقىس ۋەزىن تەلەپلىرىگە ناھايىتى قاتتىق رىئايە قىلغان، شۇنداقلا داستان تىلىنى ئەركىن ئىشلەتكەنلىكى ئۈچۈن، ۋەزىن تىلىدا قىلچە نۇقسان كۆرۈلمىگەن. مەسىلەن، ۋەزىن تەققازاسى بىلەن نائۈمىد، تاپالماي، پەيغەمبەر دېگەن سۆزلەر بەزىدە نەۋمىد، تاپالماي، پەيغەمبەر دەپ ئېلىنغان. بەزىدە گويا ـ گۈيىيا، دەپ ئېلىنغان بولسا، بەزىدە غۇلغۇلا ـ غۇلغۇل، غۇلاغۇل دەپ، ـ ماڭا مەنگە دەپمۇ ئېلىنغان ۋە باشقىلار ئېنىقكى، ئەدىب ناقىس ئارۇز ۋەزنىنى، شۇنداقلا تۈركىي مىللىي ۋەزىنلەرنى پىششىق بىلگەن، ھالبۇكى، كلاسسىك نامايەندىلەر ئۈچۈن ۋەزىن ئۆلچىمىنى پۇختا بىلمەسلىك ۋە نەزم تىلىغا ياخشى تەدبىقلىيالماسلىق ناھايىتى چوڭ ئەيىپ. سۆز ئىشلىتىش ماھارىتىگە كەلسەك، شېئىرىي سۆزلەرنىڭ ھېكمەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق داستاندىكى پىكىر ـ مەزمۇن ئىلگىرى سۈرۈلگەن، داستاننىڭ تىل ئۇسلۇبى ھەققىدە ئېرىشكەن مۇھىم دەلىل شۇكى، ئەدىب ناقىس شەرق كلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى «ئىرسالغۇل مەسەل» يەنى مەسىلىلەرگە رىسالەت دېيىلىدىغان مەسائىل ئۇسلۇبىدىن كۆپ پايدىلانغان، شۇڭا، داستاندا، سۆزنىڭ تورى ۋە تىل سەنئىتى، ئىنسان بەدىنىدىكى يەتتە ئەزا بىلەن نەپسىنىڭ جېدىلى، ئالەمنىڭ بىنا بولۇشى، زېمىن ـ ئاسماننىڭ سۆھبىتى قاتارلىق مەسەل ـ رىۋايەتلەر، ھەتتا «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس »تە ئايان بولغان، ئىسلامىيەت بىردەك تەستىقلانغان «ئىسرا» ۋە «مىراج» ۋەقەسى ناھايىتى ئىخچام، قىزىقارلىق بايان قىلىنغان. شۇنىڭدەك نۇرغۇن مەشھۇر ئەسەر، مەشھۇر كىشىلەرنىڭ نامى ۋە سۆزلىرى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنغان. قىسسە رىۋايەتلەرنى تاللىغاندا، مەنبە ئاساسىغا ۋە ئەينەنلىكىگە دىققەت قىلىنغان. ھالبۇكى، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېتىقادى، خەلقىمىزنىڭ ئۆرۈپ ئادەتلىرىنى چۈشىنىشتە قىممەتلىك مەنبە، شۇنداقلا رومانتىزمنىڭ پۈتمەس بۇلىقى بولۇپ كەلگەن «ئىسرا» ۋە «مىراج» ۋەقەسى ئەدىب ناقىسقىچە بولغان كلاسسىكلارغا، شەرق ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئىسرا رەسۇلۇللانىڭ مەككىدە تۇرۇپ،

بىر كېچىدە مەسچىتى ھەرەمدىن بەيتۇل مۇقەددەس (ھازىرقى ئېرىسسۇسالىم) گە بارغانلىقى، مىراج — ئاشۇ كېچىدە رەسۇلۇللانىڭ ئاسمانغا چىقىپ، روھىي ئالەم بىلەن تونۇشۇپ قايتقانلىقى، بۇ ئىككى ۋەقەدىكى فانتازىيىگە تولۇپ تاشقان كارامەتلىك ئوبرازلار داستاندا يېگىچە ئۇسلۇبتا يارىتىلغان. مەسىلەن، ئىلاھى ئات «بۇراق» مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

كىرىپ جەننەتكە كۆردى بۇراغى،
باشى گەۋھەر، ئىدى ئالتۇن تۇۋاقى.
كۆزى مەرجان، لەبى ياقۇتى ئەھمەر،
تىشى دۇردىن، قۇلاقى مۇشكى ئەزفەر
ئىدى سۇنبۇل بىلە گۇل دۇمبۇ يالى،
مۇزەييەن مۇردەك دىلكەش جامالى.
زىمىنغە باسماغان ئانىڭ ئايانى،
ئۇچاسى كۆرمەگەن ئاسىبى داغى .
ئەرش ئەرزىمەدىكى ئاللانىڭ دەرگاھى مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:
كۆرەر ئول لامەكان ئانداغ مەكاندۇر①
كى ئاندا نەماكانۇ نە زاماندۇر.
ئېگىز يوق، پەست يوق، چەپ بىرلە ئوڭ ھەم،
كېچە ـ كۈندۈزمۇ يوق، ئىلگەرى ـ سوڭ ھەم.
شىمال يوق، ئوتمۇ يوق، تۇپراقمۇ سۇ يوق،
شەجەرىيوق، گۇلمە يوق ھەم رەڭگۇ بۇ يوق.

پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسى چوقۇنىدىغان بۇ ئىككى ۋەقەدىكى تۈرلۈك ئوبراز تەسۋىرى ناھايىتى تەسىرلىك، شۇ قەدەر قوزغىتىش، ۋە تارتىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ، كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدۇ. ئەدىب ناقىس ئىپادىلەش كامالىتى ئارقىلىق تارىخىي ۋە رىۋايەت تۇسىگە ئىگە ئاجايىپ قىزىقارلىق ۋە قەلەرنى بىزنىڭ تۇيغۇمىزغا شۇنداق نەپىس ۋە نازاكەت بىلەن سىزىپ كۆرسىتىدۇكى، قەلبىمىز چەكسىز ھېسسىيات دېڭىزىغا چۆمۈلۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ مەپتۇنى بولۇپ قالىدۇ ـ دە، بۇ ئىككى ۋەقەنى ئوقۇپ تۈگەتمىگىچە، كىشىنىڭ كۆڭلى باشقا نەرسە تارتمايدۇ. مەسىلەن:

ئالىپ رۇخسەت خۇدادىن ياندى ئول شاھ،
چىقىپ ئالدىغە تۇردى مىھىرئىلە ماھ.
ئەتارۇ، مۇشتەرى، جەۋزاۋۇ بەھرام،
زۇھەل، سەركان بىلەزو ھرايى خۇش فام.
داغى مۇندىن بولەك ساھىب بۇرۇجان،
مەلائىكلەر بىلە ئەرۋاھى ئىنسان.

مەلۇمكى، بۇرۇنقى مۇنەججىملەر پۈتكۈل ئالەمنى يەتتە ئىقلىم ۋە ئون ئىككى بۇرچ (نوقتا) غا بۆلگەندە، ئاي سەييارىسىنى ئاشىق يۇلتۇزى، ئەتارۇدنى تىلەك يۇلتۇزى، مۇشتەرىنى مەئشەت يۇلتۇزى، زوھرانى خۇشاللىق يۇلتۇزى دەپ ئاتىغان. ئاشۇ سەييارىلار قاتارىدا سەرتان بىلەن زۇھەل بۇرجى داستاندا تىلغا ئېلىنغان. ئەدىب ناقىس ئوبراز تەسۋىرىنى يۇقىرى سەۋىيە، يۈكسەك ماھارەت بىلەن كۆڭۈل قويۇپ، يەنە كېلىپ نەزمىي ھالدا تەسۋىرلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىنسانىي كەيپىياتىدىكى ھەر بىر ئۆزگىرىش ۋە

① قول يازما نۇسخىسىنىڭ قۇر ئىچىدە، بۇ سۆز «نىھاندۇر» ئېلىنىپ ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا «بىمەنتى خىلۋەت» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. ھاشىيەدە بولسا يۇقىرىقىدەك ئۆزگەرتىلگەن.

ئىجادىي خۇسۇسىيەتلىرى تولۇق نامايەن بولغان. بۇ خىل ئىپادىلەش ئوبراز تەسۋىرىنىڭ مەجبۇرىيەت تەسۋىرى، ۋەقەلىك تەسۋىرى، تەبىئەت تەسۋىرىدىن ئىبارەت ئۈچ ھالىتىنى ئۆز نۆۋىتىدە ۋە مۇۋاپىق قوللانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. مەجبۇرىيەت تەسۋىرى دېگىنىمىزدە، ئۇ شەرق ئىسلام ئەدەبىياتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەنئەنىسىدە ئۇدۇملۇق رەسمىيەت بويىچە خۇداغا ھەمدۇ ـ سانا، رەسۇلۇللا ۋە ئۇنىڭ چاھارىيارلىرىغا مەدھىيە ئوقۇغان، «ساھىب بۇرۇزجان» ۋە مالائىكىلەرنى سۈپەتلىگەن. ھەر بىر بابنىڭ باش ـ ئاخىرىدا مۇقەددىمە، خاتىمە بەرگەن، تېكىست قىسمىدىكى ۋەقەلەرنى ئىسلام دىنىي قائىدىلىرى ۋە مەنىۋى ئەخلاق بەلگىلىمىلىرى ئاساسىدا بايان قىلغان. ۋەقەلىك تەسۋىرى بولسا، «باھار دانىش» قا خاس ھۇججەت خاراكتېرىنى ئالغان ھالدا بەزىلىرى قىسقارتىلغان، بەزىلىرى تولۇقلانغان ياكى يېڭىدىن بېرىلگەن، تەبىئەت تەسۋىرى ناھايىتى ئوبرازلىق ۋە گۈزەل ھالدا سىمۋوللاشتۇرۇلغان. داستاندىكى يارقىن ئوبرازلار تەسۋىرى يۈكسەك ۋە يېڭى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇش بىلەن ئەسلى ئەسەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ. مانا شۇنداق بەدىئىيلىك يارىتىش ئىجادىيەتنىڭ توپ ۋەزىپىلىرىدىن بىرى.

«گۈلزار بىنىش» داستانىغا زوقلىنىش نۇقتىسىدىن نەزەر تاشلىساق، ئەدىب ناقىسنىڭ بايان ئۇسلۇبى ھەم يازما ئەدەبىيات، ھەم ئېغىز ئەدەبىيات تۈسىگە ئىگە بولۇپ، مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتى، ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى پۈتمەس ـ تۈگىمەس مەنىۋى بايلىقلاردىن ئىلھاملىنىپ، ئۆز لايىقىدا پايدىلانغانلىقىنى بىلىمىز؛ ئۇنىڭ ئۆز قەلبىنى، مىللىي روھى ۋە ئىجادىيەت ئىقتىدارى مۇجەسسەملەشكەن باي خەزىنە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. بەدىئىي ئىزدىنىش جەريانىدا قولغا كەلگەن بۇ زور مۇۋەپپەقىيەت ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەدىب ناقىس ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا ناۋائىي باشلاپ بەرگەن. نىزارى داۋاملاشتۇرغان تەقلىدىي ئىجادىيەت ۋە داستانچىلىق ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ داستانچىلىقنى بەدىئىي ئىجادىيەت ماھارىتىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگە دەپ قارىغانلىقتىن، ئۆز ئەسىرىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خاس ئېنىق ئۆلچەمگە، تارىخىي ئىزچىللىققا ۋە ئىچكى (ئېستېتىك) باغلىنىشقا ئىگە پەلسەپىۋى لىرو ـ ئېپىك داستان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئۇ ئىچكى كەچۈرمىشلىرىنى داستان ۋەقەلىكى بىلەن زىچ ماسلاشتۇرۇپ، ئىنسان ھاياتىدىكى ھەر خىل مەسىلىلەرگە خاس غايە، ئارزۇ ـ ئارمان ۋە كۆز قاراشلىرىنى بىر قەدەر توغرا ۋە مۇكەممەل ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇ دەلىللىگەن پەلسەپىۋى پىكىرلىرى ئاساسەن، دىداكتىك ئەدەب قائىدىدىن ئىبارەت توپ مەزمۇنغا ئىگە ئىدىيە ئارقىلىق ئادەم بىلەن تەبىئەت، ئادەم بىلەن جەمئىيەت، ئادەم بىلەن ئالەم، ئادەم بىلەن ئۆز ۋە ئىقتىساد بىلەن ئىدېئولوگىيىدىن ئىبارەت بەش چوڭ مۇناسىۋەتكە يۈزلەنگەن. يۇقىرىقىدەك مۇناسىۋەت يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشكە بېغىشلانغان ئەسەرلەر شەرقتە ۋە غەربتە ناھايىتى قەدىمدىنلا ئومۇملاشقان ۋە مەشھۇر بولغان، ئەمما بۇ داستاندا ئۇ خىل مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۇيغۇر مىللىي تۇرمۇشىغا تەتبىقلاپ بايان قىلىنغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت كونكرېت ئېيتقاندا، بۇ داستان ساغلام ئىدىيە ئارقىلىق كىشىلەرنى چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك تەربىيىسىگە ئىگە قىلماقچى بولغان، مەسىلەن، پاك مۇھەببەت، ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكى، ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە رولى، ئاياللارنىڭ نازۇك ھېس ـ تۇيغۇسى ۋە ئىنسانىي سۈپەتلىرىنى ئۇلۇغلىغان. ئەدىب ناقىس ئىجادكارغا خاس سەزگۈرلۈك ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن ئىش كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى رېئال مەسىلىلەرگە باغلاپ ۋە يانداشتۇرۇپ، ئەلنىڭ خاتىرجەملىكى، تىنچ تۇرمۇش، ئەلنى مائارىپ يولىغا باشلاشنىڭ، ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ زۆرۈرلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن:

داغى بىلگىلكى بۇ ئالەمنىڭ ئىچىدە،
ئەمەس ئالەمكى، ئادەمنىڭ ئىچىدە.
ئەمەس ئىلمۇ ھۈنەردەك ھېچنېمە كەم،

كەمالى كەملىكىدىن تۇپ مۇتەرىدەم.

ئىنىقكى، تىما يېڭىلاش جەھەتتە ئۇنىڭ ئىزەنىش نۇقتىسى رېئاللىق ۋە ساپلىقتىن ئىبارەت. شۇڭا، بۇ داستان ئىنسانلارنىڭ چىن قەلبىنى ئىزھار قىلغۇچى مەنىۋى ۋاسىتە بولۇش سۈپىتى بىلەن، كىشىلەرنى مەنىۋى كامالەتكە يەتكۈزۈشتە بەلگىلىك تارىخىي ئەھمىيەتكە، شۇنداقلا ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە خاس بەلگىلىك ئىجتىمائىي قىممەتكە، تارىخىي بىلىش قىممىتىگە ۋە رېئال تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. كەڭ مەنىدە ئىنسان ھاياتىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى مۇھىتىدا ئەسىرلەردىن بۇيان توپلانغان چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك قارىشىدىن سۆز ئاچقان.

چوڭقۇر ۋە كەڭ پەلسەپىۋى مەزمۇنغا ئىگە بۇ داستان پارس ئەدەبىياتى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئەنئەنىلىرىگە تايانغان ھالدا مەيدانغا كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى «پارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىنىڭ ھەمشىرىسى» دەپ قارايدىغان بەزى تەتقىقاتچىلار ئۆز پىكىرلىرىدە «گۇلزار بىنىش» داستانىنى تەرجىمە ئەسەر، ئەدىب ناقىسنى تەرجىمان دېيىشتى، بۇ داستاننىڭ بەدىئىي ئۇسلۇبىغا توغرا باھا بېرىش ئۈچۈن، ئىككى ئەسەرنى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇش كېرەك. ئالدى بىلەن شۇنى ئېتىراپ قىلىش زۆرۈركى، «گۇلزار بىنىش» داستانى «باھار دانىش » ئەسىرىدىن زور دەرىجىدە ئۆزگىلانغان. ئىككى ئەسەردىكى ۋەقەلىك، ئاساسلىق پېرسوناژ-ئوبرازلار ۋە ئۇلارنىڭ نامى شەرھلىرى، ۋەقەلىك، سىمۋوللارنىڭ خېلى بىر قىسمى قاتارلىق ئەسەر ئېلېمېنتلىرىدا ئوخشاشلىق بار. لېكىن، ئەقىل ـ پاراسەت ئارقىلىق مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزگەندە، ناھايىتى زور پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىشىمىز تەس ئەمەس مەسىلەن، ئەدىب ناقىس ماۋزۇ تاللاشتا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، داستانغا ۋە ئۇنىڭ ھەر قايسى بابلىرىغا ئۆز ئالدىغا ماۋزۇ قويۇپ، ئەسلى ئەسەردىن پەرقلەندۈرگەن ۋە ئالدى ـ كەينى، ئىچكى قىسىملىرىدا بىر مۇنچە بابلارنى ئىجادىي قوشقان، شۇنداقلا ئەسلى ئەسەردىكى بەزى ۋەقەلەر تەپسىلاتىنى ئىخچام ۋە قىسقا بايان قىلىپ، ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە بىر قاتار يېڭىلىقلارنى ئىپادىلىگەن. ئەسەرنىڭ باشلىنىش تۈگەللىنىشىدە ئەنئەنىۋى ئۇدۇملۇق ئۇسلۇب ساقلانغان بولسىمۇ، تىل ئۇسلۇبى ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئىجادىي يېزىلغان. ئەسلى ۋەقەلىكنىڭ يۆنىلىشى بۇ داستاندا كۆپ قىرلىق، كۆپ لىنىيىلىك تەرتىپ بويىچە قانات يايغان. بولۇپمۇ ئۇ زۆرۈر دەپ قارىغان لىرىك چېكىنىشلىرىدە ئەسەر ۋەقەلىكىنى لىرىك ھېسسىيات ۋە ئۆز كەچۈرمىشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ، ئۆز داستانىنىڭ يېڭى ئوبراز قۇرۇلمىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بەدىئىي ئوبرازلارنى ئەسلىدىكى ئاساستا قايتا يارىتقان، يەنە كېلىپ قۇسۇرسىز ۋە مۇكەممەل يارىتقان. بۇ خىل ئەدەبىي ھەمكارلىق ۋە ئۆزئارا تەسىر قەدىمدىن تارتىپ بار ئىش ۋە ئىجادىيەت قاتارىدا ئېتىراپ قىلىنىپ كەلگەن. ئەلۋەتتە، ھەر ئىش ئۆز يولىدا ۋە لايىقىدا بولۇشى كېرەك. ئۇ ئەينى زامانىدىكى مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىياتىنىڭ ۋە دۇنياۋى ئەدەبىياتنىڭ پارلاق نەتىجىلىرىنى چوقۇم قوبۇل قىلىش كېرەك دەپ قارىغان. ئۇلارنىڭ ئىجادىي ۋە ئېستېتىك ئىدىيىسىگە ناھايىتى ئىلمىي ۋە ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتقان. شېئىرىيەت ئەنئەنىسىدىكى بىر قىسىم زامانغا لايىق نۇقتىئىنەزەرلەرنى ياقىلىغان. بۇ جەرياندا ھەتتا، ئۆزىنى ئىنكار قىلىشتىنمۇ قورقمىغان. مەسىلەن:

ۋەگەرنە سۆز قىلۇر ھەدىم قاياندۇر،
كى ناقىسلىغ دېگەن سۆزدىن ئەياندۇر.
بۇ سۆزلەرگە كەمال ئەھلى كېرەكدۇر،
كەمال ئەھلى جەھاندا بىدېرەكدۇر.
ئۆزى يوقدۇر ئۇلارنىڭ سۆزى باردۇر،
سۆزى بولدى، بىلىڭلار ئۆزى باردۇر،
بولۇپدۇرلار ئول ئەرلەر ئەل ئارا كەم،
ئانىڭدەككىم بەيابان ئىچرە شەبنەم.
ئۇلارىوق دەپ ئۆزۈڭنى كۆپ ئاشۇرمە،
ئاشۇرماقدىن ئويۇبىڭنى ياشۇرمە.
مۇرادىڭ يوق دېمەگىلىكدىن بەيان قىل،
جەمالى مۇددە ئايىڭنى ئەيان قىل.

ئەدىب ناقىس «باھار دانىش» تىكى ئەپسانە، رىۋايەت ۋە ھېكايىلەردە تەرغىپ قىلىنغان ناتوغرا ۋە خۇراپىي قاراشلار، ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئاياللارغا تۇتۇلغان تولىمۇ تەڭسىز مۇئامىلە قىلىشقا دائىر بايان ۋە تەسۋىرلەرنى قىسقارتىپ، كىتابخانلارنىڭ تولۇق ۋە توغرا چۈشىنىشى ئۈچۈن، ئۆز قارىشى بويىچە لېرىك بايان ۋە پېتەرلىك ئىزاھات بەرگەن. ئۆزى بىلىدىغان ۋەقە ۋە بەزى مەنبەلەردىن مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلەرنى قوشۇپ، داستان ۋەقەلىكىنى بېيىتىپ، تېخىمۇ قىزىقارلىق ياراتقان. قىزىقارلىق بولۇشى ئەلۋەتتە ئاممىباب بولۇشنى چەتكە قاقمايدۇ. ئەدىب ناقىس ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ تۇرمۇش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ھالدا مەنتىقى پىكىر يۈرگۈزۈپ، تەسەۋۋۇر ئىچىدە ئۆزىنىڭ پوتكول ھېسسىياتىنى كونكرېت ئىجادىيەتنىڭ ھەرقايسى جەريانلىرىغا سىڭدۈرگەن. ئۇ ئىستېتىك قايتا ئىجادىيەت ئۈستىدە ئىزدەنگىنىدە، تەسەۋۋۇرنى ھامان ئىجادىيەتتىكى مۇھىم نۇقتا دەپ قارىغان. مانا بۇلار ئەدىب ناقىسنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ۋە داستان ئىجادىيىتىگە خاس بەدىئىي ۋاستە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىككى ئەسەرنى تەپسىلىي سېلىشتۇرۇش جەريانىدا، شۇنى ناھايىتى ئېنىق ھېس قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىن تارتىپ ھەر خىل ئالاھىدىلىكلىرىگىچە تامامەن ئۆزىگە خاس ئىجادىي ئەسەر. ئۇ ئەسلى ئەسەردىكى سيوژېت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ھەر خىل تەسۋىرلەر لايىقىدا يېڭىلانغان باشتىن ئاياغ بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلىنىپ، داستاننىڭ يېپ ـ يېڭى ئوبرازلىق قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلغان. شۇنداق قىلىپ بۇ داستان، ئۆزگىچە ئېستېتىك قىممەتكە، يۇقىرى ھېكمەتكە ۋە پەلسەپىۋى مەزمۇنغا ئىگە بولغان. مانا شۇنداق تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش، ئىجادىي قوبۇل قىلىش ۋە تەقلىدىي ئۆزلەشتۈرۈش يولى ئارقىلىق بەدىئىيلىكى يۇقىرى ئىجادىي ئەسەر يارىتىش مۇشكۇل ئىش، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىش. ئەگەر بۇ داستاننى تەرجىمە ئەسەر دېگەن پىكىرگە قوشۇلساق، ئۇنىڭ ئىجادىيلىكى ۋە بەدىئىيلىكىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، تەرجىمىدە بىر تىلدىن يەنە بىر تىلغا قايتا يارىتىش ياكى ئەسەر تېكىستىنى نەزمىي ئاساستا تەرجىمە قىلىشتەك ۋەزىپىلەر نوقۇل ئورۇنلىنىشى كېرەك. مەسىلەن، ئىلىم ـ پەندىكى فىلولوگىيىلىك تەرجىمىدە ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئەينەن تەرجىمە قىلىش، چۈشىنىكسىز جايلىرىنى ئىزاھلاش، ئۇلارنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈش، ھەتتا نەچچە يۈز يىللىق بۇ مەشھۇر ئەسەر تېكىستىنىڭ بىرلا مەنىسى بىلەن چەكلىنىپ قالماي، بىر قانچە خىل مەنىسىنى چۈشەندۈرۈشتەك بىر قاتار ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاش زۆرۈر تەبىئىيكى. فىلولوگىيىلىك تەرجىمە ئەسلى ئەسەرنىڭ سۆزمۇ سۆز ۋە جانلىق تەرجىمىسى، شۇنداقلا يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە كۆچۈرمىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا يېڭىچە بەدىئىيلىكتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بەدىئىي تەرجىمە ئۇسلۇبىدا ئەسەر تېكىستىگە سادىق نەسرىي ياكى نەزمىي تەرجىمە بولۇشى، زۆرۈر تېپىلغاندا ئاز ـ تولا قىسقارتىلغان ياكى قوشۇلغان ۋە ئىزاھلانغان، ئەسلى ئەسەردىكى بەدىئىيلىك ساقلانغان ياكى ئاز ـ تولا ياخشىلانغان بولۇشى كېرەك. ھالبۇكى، ئەسەر نامىدىن چوڭ ـ كىچىك ماۋزۇلارغىچە، «كىرىش سۆز» دىن تېكىستلىرىگىچە ئەسلى ئەسەرگە قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان ھالدا ۋە ئىختىيارى شېئىرىي سەنئەت يولى ئارقىلىق يارىتىلغان بۇ داستاننى نوقۇل تەرجىمە ئەسەر دېسەك، تەرجىمىشۇناسلىق نۇقتىسىدىن چۈشەندۈرمەك قىيىن.

بۇ داستاننى مەلۇم مەنىدە تەقلىدىي ئەسەر دېگىنىمىزدە، ئىككى ئەسەردىكى مەلۇم ئوخشاشلىق، ھەتتا كېيىنكىسى ئالدىنقىسىغا ياندىشىپ ۋە ئۇنىڭ كۈچلۈك بەدىئىي تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، تەبىئىيكى داستان ۋەقەلىكى ۋە ئۇنىڭ تۈپ نېگىزى، ئەھمىيىتى ئەسلىدىكى سيوژېت بىلەنلا چەكلەنمىگەن. بەلكى ئاساسىي تېما يۆنىلىشىنى كېڭەيتكەن ۋە تېما يېڭىلىغان. لېكىن، بەدىئىي ئىجادىيەت ھەرگىز بىرەر ماشىنا ـ سايماننى چۇۋۇپ تاشلاپ، كونىرىغان، بۇزۇلغان زاپچاسلىرىنىڭ ئورنىغا يېڭىنى سەپلەپ ۋە مايلاپ، پارقىرىتىپ، قايتىدىن قوراشتۇرۇپ چىققاندەك تېخنىكا مەشغۇلاتى ئەمەس. شۇڭا، بۇ داستاننى مېخانىك ھالدا تەقلىد قىلىنغان ئەسەر دەپ قاراشمۇ توغرا ئەمەس. يۇقىرىقى قاراشلار بۇ ئىككى ئەسەرنى كونكرېت ۋە تەپسىلىي كۆزىتىش ئارقىلىق چىققان تەكرار سېلىشتۇرما پاكىتلارغا قەتئىي ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئېنىقكى، «گۈلزار بىنىش»، داستاننى تەرجىمە ياكى تەقلىدىي ئەسەر دېگۈچىلەر ئەمەلىيەتتە «باھار دانىش» نى ئوقۇپ كۆرمىگەن، ھېچبولمىغاندا، «گۈلزار بىنىش» نىڭ نەشر نۇسخىسىنى تەتقىق قىلمىغان. بەلكى ئۇلار بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ ئەھۋالىدىن ئانچە ـ مۇنچە خەۋەر تاپقان ياكى ئاڭلىغان،

ھەتتا ئالدىنقىلار باشلاپ بەرگەن بىر ـ ئىككى جۈملە سۆزنى قەلەمدىن ـ قەلەمگە كۆچۈرۈشتەك «قۇلاق موللىسى» تەتقىقاتى بىلەن كۇپايىلەنگەن.

ئۇندىن باشقا، «گۇلزار بىنىش» داستانىنىڭ ئاخىرى يېزىلغان، يېزىلمىغانلىقى مەسىلىسىدىمۇ تۈرلۈك قاراشلار بار. ئەلۋەتتە 3840 مىسرا شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 44 بەتلىك بۇ قوليازمىنىڭ تەقدىرىدىكى بىزگە قاراڭغۇ تەرەپلەرنى يورۇتۇش ئاسان ئەمەس. مەن قوليازمىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ساقلىنىش جەريانىنى ئەدىب ناقىسنىڭ ھاياتى ۋە يېزىقچىلىق ئادەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ يىل ۋە ھەر تەرەپلىمە ئىزدىنىش ئارقىلىق، «گۇلزار بىنىش» داستانى تولۇق يېزىلغان، ھەتتا كۆچۈرۈپ تۈپلەنگەن بولۇپ، قوليازمىنىڭ ئاخىرى ئۇزاق مۇددەت ساقلاش جەريانىدا يوقالغان دېگەن قاراشقا كەلدىم. بۇ ھەقتىكى ئاساسلىرىم تۆۋەندىكىچە: (1) ئەدىب ناقىس داستانىدا، بالىلىق، ياشلىق مەزگىلى ۋە ئوتتۇرا ياشقا قەدەر ھاياتىدىكى ئۆزى مۇھىم دەپ قارىغان ئەھۋاللار ئۈستىدە مەخسۇس توختالغان. قولىيازما توغرىسىدىكى تەتقىقات ئۇچۇرلىرىدىن قارىغاندا، داستان 1887 ـ يىلى باھاردا يېزىلغان، بۇ چاغدا ئەدىب ناقىس 44 ياشتا بولۇپ، ئىلمىي ۋە ئىجادىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ئالتۇن چاغلىرى ئىدى. ئۇنىڭ شۇ مەزگىلدىكى تارىخىدىن مەلۇمكى، مەشھۇر دىنىي زات ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم قاغىلىقتا دىنىي ئوقۇتۇش بويىچە ئۆز خىراجىتى بىلەن كاتتا سورۇن ئۇيۇشتۇرغان. بۇ سورۇنغا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ماھىر ۋەكىللەر قاتناشقان. كېسەلىياتقان ئۇستازىنىڭ كۆرستىشى بىلەن ئەدىب ناقىس يېكەنساردىن تاللانغان تۆت ۋەكىل قاتارىدا سايلىنىپ بارغان. «مەسنەۋى شېئىرىپ» تىن تاغىسى ئابدۇللا خەلىپەم ئىبادەت ئوقۇپ ئۇ تەپسىر قىلىپ بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن، داستاندا ئۇنىڭ مەدرىستىكى ئوقۇش ئەھۋالىدىن تۆۋەندىكىلەر مەلۇم:

ئۇلاندىم مەسنەۋىي ئەئزەمغە مەن بەس،
كى يەتكەندەك ئۇلۇغ دەرياغە بىر خەس.
كەرەم قىلغاچ خۇداۋەندىم ھىدايەت،
داغى تەۋزەخ ھەم بولدى بىدايەت.

ئاردا بىر نەچچە يىل ئۆتە ـ ئۆتمەي، ئەدىب ناقىسنىڭ ئانىسى ۋە ئۇستازى ئىلگىرى ـ كېيىن قازا قىلغاندىن باشقا، بۇ داستانىنى داۋاملاشتۇرۇشقا دەخلى ـ تەرۇز يەتكۈزگىدەك ئىجتىمائىي ياكى ئائىلە تۇرمۇش سەۋەبلىرى يۈز بەرمىگەن. (2) داستاندا ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئىرادىسى ۋە غەيرىتى تەكرار ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

تەپەككۇر لەشكەرىي تۇتسە جاھاننى،
تۈگەتسەم تەي قىلىپ بۇداستاننى .

.........

ئۆزۈڭ سالدىڭ بۇ سەۋدانى باشىمغە،
تەرەھھۇم قىل ئاقىزغان كۆز ياشىمغە.
ئىنايەت قىل ماڭا بىر ئېھتىمامى،
كى بولغاي بۇ كىتابىم ئىختىتامى.

دېگەن قىزغىن ئىشتىياقى، ئىلىم ـ پەنگە ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قارىتا مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى، يۈكسەك ئىجادىي كامالىتى، ئۆتكۈر قەلىمى ئارقىلىق بۇ داستانىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا ئىرادە باغلىغان، شۇنچىۋالا ئەجىر سىڭدۈرۈپ يازغان بۇ داستانىنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويۇشقا ھېچقانداق ئىجادكارنىڭ رايى يوق. «تېما، خام ماتېرىيال قىيىنچىلىقى ياكى ئىجادىيەت ئىقتىدارى يەتمىگەن» دېگەن گۇمانلاردا بولۇشنىڭ قىلچە ئاساسى يوق. (3) ئەدىب ناقىس بۇ داستانىنى چوڭراق ھەجىمدە پىلانلىغان. شۇڭا، مەزمۇنى مول ھەر بىر بابتىكى ۋەقە بايانلار بىر ـ بىرىدىن كۆپ، خىلمۇ ـ خىل بولۇپ، مۇرەككەپ ۋە شاخچىلاپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ھەر بىر بابنىڭ بېشىغا لىرىك بايان، باب ئوتتۇرىلىرىدا لىرىك چېكىنىش، باب ئاخىرىدا ئەنئەنىۋى «ساقىي سۆزى» بېرىلگەن. بەدىئىي سەۋىيە جەھەتتە ناھايىتى ئۈستۈن چىققان بۇ داستانىنى بەزى يولداشلارنىڭ «شېئىرىي رومان» دەپ ئاتىغانلىقى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. ئەمەلىيەتتە بولسا، «باھار دانىش» تىكى ۋەقەلىك بۇ داستانىنىڭ 9 ـ بابىدىن باشلىنىپ، ئەسلىدىكى 4

ـ باب 3 ـ ھېكايەت 13 ـ بابتا ئاخىرلاشقان، لېكىن باب ئاخىرى نورمال تەرتىپتە «ساقىي سۆزى» بىلەن ئاخىرلاشمىغان. يەنە كېلىپ قولىيازمىنىڭ ئاخىرقى بەت ئاستىدا ئۈزۈلۈپ قالغان. داستاننى نەشرگە تەييارلاش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، قولىيازمىدىكى تۈزىتىلگەن، ئىزاھلانغان سۆزلەر 18 ئورۇندا ئۇچرايدۇ.

ئەدىب ناقىس داستاننىڭ ھەر بىر باب ۋە بۆلەكلىرىنى يېزىپ بولغاندا، قايتا ـ قايتا كۆرۈپ، ئورىگىناللىنى پۇختا تەييارلىغان، بۇ يازما پاكىتلار ئۇنىڭ داستان ئىجادىيىتىگە باشتىن ـ ئاياغ ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ، تولىمۇ ئەستايىدىل ۋە ئىلمىي ئىش كۆرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. مانا شۇنداق پاكىتلارغا ئاساسەن، بۇ داستاننى «ئاخىرى يېزىلماي توختاپ قالغان» دەپ قىياسەن سۆزلەش توغرا ئەمەس. شۇنداقتىمۇ قولىيازمىنىڭ ئاخىرى ياكى داستاننىڭ كۆچۈرۈپ توپلەنگەن نۇسخىسى توغرىسىدا ھازىرغىچە ھېچقانداق ئۇچۇر يوق، «گۈلزار بىنىش» داستاننىڭ يېڭى نەشرىمۇ جامائەتچىلىك بىلەن تېخى كەڭ تۇردە يۈز كۆرۈشمىدى، ھەتتا «باھار دانىش» نىڭ پارس تىلىدىكى ئۇسلۇبى بويىچە نەزمىي تەرجىمە نۇسخىسىمۇ نەشر قىلىنمىدى. شۇڭا يۇقىرىقىدەك بەزى قاراشلارغا ئىلمىي مۇھاكىمىدە يول قويۇشقا بولىدۇ. بىزدە ئاجىز بولۇپ كېلىۋاتقان سېلىشتۇرما تەتقىقات كۆچىنىڭ ئېشىشى ۋە سېلىشتۇرما تانقىقات سەۋىيىسىنىڭ پەيدىنپەي ئۆسۈشىگە، شۇنداقلا ئەدىب ناقىس توغرىسىدىكى تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بۇ داستاننىڭ ئىجادىيلىقى، بەدىئىيلىكى ۋە مول مەزمۇنى كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ.

سۆز بۇ يەرگە يەتكەندە، شۇنى يوشۇرماي ئېيتىش كېرەككى، «گۈلزار بىنىش» داستاننىڭ تۇنجى قېتىم نەشرگە تەييارلىنىشى تەلەپ ۋە ئۆلچەمگە ئاساسەن ئۇيغۇن بولۇپ، نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ ئىلمىي ئىقتىدارى ئىپادىلەنگەن. ئۇ قولىيازمىدىكى تۈزىتىش ۋە ئىزاھلارنى ئەينەن كۆرسەتكەندىن باشقا، مىسرالار ئارىسىدا چۈشۈپ قالغان بەزى سۆز بوغۇملارنى مۇۋاپىق تولۇقلاپ [] بەلگىسى ئىچىگە ئېلىپ قويغان. لېكىن باسما خاتالىقنى، نەزەردىن ساقىت قىلغاندا، نەشرگە تەييارلاشتىمۇ قىسمەن سەۋەنلىكلەرگە يول قويۇلغان. مەسىلەن، «خىزمەتنىڭ» (85 ـ بەت ئوڭ تەرەپ ستون يۇقىرىدىن 12قۇر) نى «خىزمەتى» ، «ئايتۇر ئېردىم» (101 ـ بەت ئوڭ تەرەپ ستون يۇقىرىدىن« 4 قۇر) نى «ئايتۇر ئېردى» ، « چەك» (چالڭ) نى «چەڭگى» ، «يۈز قەتلە» نى «يۈز قاتلا» ··· دەپ كەتكۈزۈپ قويغاندەك مەزمۇن خاتالىقى خېلى ئۇچرايدۇ. 13 ـ باب «ئەۋۋەلقى ھېكايەت» تە:

مۇنىڭدەك پىتنەنى قوزغىدۇر ئوخشار،
مېنىڭ پەردەمنى ئەلگە ئاچقان ئوخشار.

دېگەن بېيىتنىڭ ئىچكى قاپىيىسى يوق. «كىتابى سىيەر» مۇئەللىپىنىڭ نامى «مەۋلانا مۇئىن» دەپ خاتا ئېلىنغان، تارىختىن مەلۇمكى، مەۋلانا مۇئىنىددىن 15 ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خوراسان دۆلىتىنىڭ مەشھۇر ئالىمى بولۇپ، ھاياتىدا «رەۋزە تۇلجەننەت» ، «مۇئاجىرىننە بۇۋۋەت» دېگەن كىتابلارنى يازغان. كېيىنكى ئەسەرنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «سىيەر شېرىف» ياكى «كىتابى سىيەر» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر . بۇ مەسىلىلەر داستاننى نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىشقا تولۇق ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىنى، ئەدىب ناقىسنىڭ ھاياتى، تىل ئۇسلۇبى ۋە ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرىدىن خەۋەردار ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنداق سەۋەنلىكلەر كلاسسىك ئەسەرلەرنى، جۈملىدىن ناقىس ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلىغان باشقا يولداشلاردىمۇ كۆرۈلدى. 1981 ـيىلى مەن «دىۋان ناقىس» نىڭ تولۇق بولمىغان قىسمىنى نەشرگە تەييارلىغاندا، ئۇنىڭدىكى بەزى سۆزلەرنى خاتا ترانسكرىپسىيە قىلغان، ھەتتا شېئىرلارنىڭ قاپىيە تەرتىپىگە دىققەت قىلمىغان ئىكەنمەن. دېمەك، تېكستشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار قولىيازمىنى پۇختا ئۆگىنىشى، ئىنچىكە تەتقىق قىلىشى، ئىلمىي، سەمىمىي ۋە ئەستايىدىل بولۇشنىڭ زۆرۈرلىكىنى يەنىمۇ چوڭقۇر تونۇۋېلىشىمىز كېرەك.

(ئاخىرى 3 ـساندا)

### 3. ناقىس ئەسەرلەرگە دائىر ئۇچۇر ۋە مۇلاھىزە

ئەدىب ناقىس بەندىچىلىك قىلغان كۇنى پىشىن نامىزىدا قالغان كەچلىك نامازلىرىنىمۇ تولۇق ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مېنىڭدەك ھېچ كىشى زارۇ ـ پەرىشان بولمىسۇن ياررەپ،
كۆتەرگەندە قۇرۇپ يەر ئىلە يەكسان بولمىسۇن ياررەپ

دېگەن نەزمىنى ئوقۇغان ۋە ئاڭلىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن ۋىدالىشىپ، ئۆز ئەسەرلىرىنى 50 ـ 60 يىلدىن كېيىن جەمئىيەتكە ئاشكارىلاشنى ۋەسىيەت قىلغان. ئۇ ئەسەرلەرنىڭ قولىيازمىسى ۋە كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى بىلەن يىغىپ ساقلىغان كىتابلىرىنى يېقىن شاگىرتى نامەت ئىشانغا، سىڭلىسى زەينەپخاندىن كىچىك قېلىپ ئۆزى بېقىپ چوڭ قىلغان ئوغلى ئابدۇكېرىم ئاخۇنغا، كۈيئوغلى مەسۇم ئاخۇن داموللامغا مىراس قىلىپ بەرگەن. نامەت ئىشان ساقلاپ كەلگەن كىتابلارنىڭ ئىز ـ دېرىكى يوق. ئابدۇكېرىم ئاخۇننىڭ بىساتىدا ساقلانغان كىتابلارنى شىڭ شىسەي دەۋرىدە يېڭىسارغا ھاكىم بولغان باقىرجان (ئۆزبېك) ئارىيەت ئالغان ۋە يەكەننىڭ ھاكىملىقىغا يۆتكەلگەندە ئېلىپ كەتكەن. 1937 ـ يىلى ئۇ شىڭشىسەي تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، قولىدىكى ناقىس ئەسەرلىرىمۇ ئىز ـ دېرەكسىز يوقالغان. كۆپ يىل ئىزدىنىپ، ھەر تەرەپلىمە ئىگىلىگەن پاكىتلاردىن قارىغاندا ناقىس ئەسەرلىرى ئۇنىڭ خەتتات شاگىرتلىرى قولىدا كۆچۈرۈپ كۆپەيتىلگەن. ئۇلاردىن ھازىرغىچە مەلۇم بولغان يەتتە ئەسىرىنىڭ تىزىملىكى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلار تۆۋەندىكىچە:

1. «گۈلزار بىنىش» داستانى — ئەدىب ناقىسنىڭ يىرىك ئەسىرى. ئۇنىڭدىن 244 ۋاراق قولىيازمىنى ئەدىب ناقىسنىڭ كۈيئوغلى ۋە شاگىرتى، يېڭىسار ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ئەزاسى مەسۇم ئاخۇن داموللام (1880 ـ 1968) ئۆز بىساتىدا قەدىرلەپ ساقلاپ كەلگەن ۋە 1957 ـ يىلى مەرھۇم شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ ئارقىلىق ھۆكۈمەتكە تاپشۇرغان.

2. «نۆللەدە مەن» (مەن تېخى نۆلدە) ناملىق ئەسىرىدە ئاساسەن ھۈنەر ـ سەنئەت، ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ خاسىيەتلىرى سۆزلەنگەن. ئىجتىھات بىلەن ئىلىم تەھسىل قىلىش تەشەببۇس قىلىنغان. بۇ ئەسەرنى يېڭىسار ناھىيە بازىرىدا ئولتۇرۇشلۇق ئوقۇمۇشلۇق زات توختى ھاجىم ئاتىسى دىۋانە ھاجىمدىن قالغان مىراس سۈپىتىدە ساقلاپ كەلگەن. كىچىك ھەجىمدىكى بۇ شېئىرىي ئەسەرنى ئۇ بىر نەچچە نۇۋەت ئوقۇپ پايدىلانغان. لېكىن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا باشقا كىتابلىرى بىلەن بىرگە يوقىتىپ قويغان.

3. «مۆجىدۇل قۇلۇپ» (دىل بارلىقلىرى).

4. «نەسىھەتنامە ئۇنسۇر بايانى» ناملىق ئەسەرلەردە ئاساسەن ئەدەب ـ ئەخلاق، پەندى ـ نەسىھەت سۆزلەنگەن. يېڭىسار ناھىيە بازىرى سىرتىدىكى «چىلان» مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق مەرھۇم سىدىق ئاخۇن خەلىپىتىم بۇ ئىككى پارچە ئەسەرنى كۆرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئېلىپ ساتقان، ساقلىغان ۋە ئارىيەت ئېلىپ كۆرگەن كىتابلىرى كۆپ بولغانلىقى، ئارىدا ئۇزاق يىللار ئۆتكەچكە، ئۇنىڭ ئۇستىگە ياشىنىپ قالغاچقا، بۇ ئەسەرلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئۇچۇرلارنى ئەسلەپ بېرەلمىدى.

5. «بەيس ھېكمىبەگ» — تەزكىرە خاراكتېرلىك شېئىرىي ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا18ـ، 19ـ، ئەسىردە ئۆتكەن بەيس ھېكىملەر ئەۋلادى ۋە يەكەندىكى «بەيس ھېكىمبەگ» مازىرىنىڭ قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىدا، رېئال ئىجتىمائىي مەزمۇنلار ئىلگىرى سۈرۈلگەن. بۇ داستان ۋە ئۇنىڭ قولىيازمىسى ھازىرغىچە تېپىلمىدى.

6. «قۇتلۇقنامە» بۇ داستاندا پاك ئىشق مۇھەببەت نىكاھ ئەركىنلىكى كۈيلەنگەن. ئەدىب ناقىس بۇ ئەسەرنى قەدىناس ئايالى ھاشى خېنىم قازا قىلغاندىن كېيىن ئەمرىگە ئالغان قۇتلۇق خېنىمنىڭ شەنىگە ئاتاپ يازغان. بۇ ياش مەزلۇم چىرايلىق، خۇشچاقچاق، ساز ۋە ناخشا ـ ئۇسسۇلغا ماھىر بولۇپ، ئۇلار بىر مەزگىل ئىناق ئۆتۈپ، پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەنلىكتىن ئاجرىشىپ كەتكەن. قۇتلۇق خېنىم ناقىس ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ تول ياشاپ 1958 ـيىللىرى ئالەمدىن ئۆتكەن. يېڭىسار ناھىيە بازىرى سىرتىدىكى «چىلان» مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق كۆكتاتچى ئابدۇقادىر قاسىم كىچىكرەك ھەجىمدىكى بۇ شېئىرىي ئەسەرنى تېخى يېقىنغىچە باشقا كىتابلار قاتارىدا ساقلاپ كەلگەن. ئۇ كىتابخۇمار كىشى بولۇپ، بۇ ئەسەرنى ئۆزى ئوقۇپ چىققان. لېكىن قانداق يوقىتىپ قويغانلىقىنى ئەسكە ئالالمىدى. 1993 ـ يىلى يېڭىسار ناھىيىسىدىن ئۆزبېكىستانغا تۇغقان يوقلاپ چىققانلارنىڭ ئېيتىشىچە، تاشكەنت رادىئوسى ئەدىب ناقىس تۇغۇلغانلىقىنىڭ 150 يىللىقىنى خاتىرىلەپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى قاتارىدا بۇ داستاننى تىلغا ئالغان. شۇ

يىلى يېقىسار ناھىيىسىدىن ھەجىگە بارغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، تۈركىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى يېقىنقى زاماندىكى تۈركىي تىللىق كلاسسىك شائىرلار قاتارىدا ئەدىب ناقىسنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ، «قۇتلۇقنامە» داستانىنىڭ قولىيازما سۈرىتىنى تېلېۋىزور ئېكرانىــــدا كۆرسەتكەن ۋە ئەنقەرە كۇتۇپخانىــــسىدا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتكەن.

7. «دىۋان ناقىس» — شائىرنىڭ زور ھەجىملىك شېئىرلار توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭ بىر پارچە تولۇق كۆچۈرۈپ تۈپلەنگەن نۇسخىسىنى مەسۇم ئاخۇن داموللام ساقلىغان. كېيىن ئوغلى (ياكى ئەدىب ناقىسنىڭ نەۋرىسى) سابىر ئاخۇن مەخسۇمغا تاپشۇرۇپ بەرگەن 1954 ـ يىللىرى يۈسۈپ بەگ مۇخلىسوپ قەدىمكى ئەسەرلەرنى يىغىش ئۈچۈن يېقىسار ناھىيىسىگە بارغاندا 00500 يۈەنگە سېتىۋالغان.

ئەدىب ناقىس «دىۋان ناقىس» نى تۈزگەندىن كېيىن، تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان. بۇلارنىڭ بىر قىسمى «گۈلزار بىنىش» داستانىنىڭ قولىيازمىسى بىلەن بىرلىكتە ئاپتونوم رايونلۇق موزېيدا ساقلانغان. ناقىسنىڭ بىر مۇنچە شېئىرلىرى قەشقەر ۋە قازان مەتبەسىدە بېسىلغان «باياز» لارغىمۇ كىرگۈزۈلگەن. ئۇنىڭ يەنە ئەرەب ـ پارس تىلىدا بىر مۇنچە شېئىرلارنى يازغانلىقى مەلۇم. ئەدىب ناقىسنىڭ ئىخلاسمەن شاگىرتلىرى ۋە زامانداشلىرىنىڭ ئەسلىشىچە، ئۇ تىلى چۈچۈك، يۇمۇر خاراكتېرى كۈچلۈك، چاقچاق تۈسىگە ئىگە نۇرغۇن نەزمىلەرنى ئېغىزاكى ئېيتىپ قالدۇرغان. شۇنداقلا ئۇنىڭ ھاياتىدا يۈز بەرگەن كۈلكىلىك ۋەقە ۋە ئىبرەتلىك سۆزلەرمۇ تارقىلىپ كەلگەن. مەرھۇم شائىر تېيىپجان ئېلىيوپ «گۈلزار بىنىش» داستانىنى ئىزلەپ يېقىسارغا كەلگەن ئەينى يىللاردا ئەدىب ناقىسنىڭ «چىۋىن » قاتارلىق قويۇق ھەجۋىي خاراكتېرگە ئىگە بىر مۇنچە نەزمە ـ چاقچاقلىرىنى ئاڭلاپ، كېيىنچە ئۆزى تارقاتقان. مەن ئەدىب ناقىسنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ئۈستىدە ئىزدەنگەن 20 يىل مابەينىدە ئۇنىڭ 300 دىن ئارتۇق ئېغىزاكى نەزمە ـ چاقچاقلىرىنى يىغىپ، ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى ۋە بەدىئىي قىممىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، قايتا ـ قايتا رەتلەش، تاللاش ئارقىلىق «ناقىس چاقچاقلىرى» نى تۈزگەن ئىدىم. بۇ كىتاب قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ 1995 ـ يىللىق نەشر پىلانى بويىچە نەشر قىلىندى.

1994 ـ يىلى ئاپتونوم رايونلۇق كلاسسىك ئەدەبىيات ـ تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى قەدىمكى ئەسەرلەردىن 20 پارچە ئەسەر قاتارىدا ئەدىب ناقىسنىڭ «گۈلزار بىنىش» داستانى، «دىۋان ناقىس» قاتارلىق ئىككى پارچە ئەسىرىنى ئايرىم ـ ئايرىم نەشر قىلىشنى پىلانلىدى. ئەدەبىي بايلىقلىرىمىز بىلەن تونۇشۇش ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ئىش بولۇپ، «گۈلزار بىنىش» داستانىنىــڭ مەخسۇس كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنىشىدا مەسىلە كۆرۈلمەيدۇ، لېكىن «دىۋان ناقىس» نى نەشر قىلىشتا ئويلىنىپ ئىش كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، «دىۋان ناقىس» نىڭ تولۇق كۆچۈرۈپ تۈپلەنگەن بىر نۇسخىسى چەت ئەلدە بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىن تېخى تېپىلمىدى. مەن 1981 ـ يىلى نەشرگە تەييارلاپ «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1982 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «دىۋان ناقىس» تا 67 پارچە شېئىر (49 پارچە غەزەل، 15 پارچە مۇخەممەس، بىر رۇبائىي، بىر پارچە شېئىرىي چۆچەكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى پارچە مەسنەۋى) بار. ئۇنىڭدىن باشقا، ناقىسنىڭ «داغىمەن» رادىپلىق بەش كۇپلېتلىق مۇخەممەسى تېپىلدى. ئەدىب ناقىسنىڭ نەۋرىسى، مەسۇم ئاخۇن داموللامنىڭ ئوغلــى ئابدۇلئەزىزخان مەخسۇم 1993 ـ يىل تاپقان 32 پارچە شېئىر (22 پارچە غەزەل، 10 پارچە مۇخەممەس) «دىۋان ناقىس» نىڭ باش ـ ئايىغى بولۇپ، ھازىرغىچە ئېلان قىلىنمىدى. يولداش ياسىن ئىمىن بىلەن توختى تۇراخۇن «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1988 ـ يىللىق 1 ـ، 2 ـ، سانلىرىدا «دىۋان ناقــس» نامىدىكى198 پارچە شېئىر (174 پارچە غەزەل، بەش مۇخەممەس، ئۈچ رۇبائىي بىر پارچە مەرسىيە، 13 پارچە قىتئە ئىككى پارچە مەسنەۋىي) نى نەشرگە تەييارلاپ ئېلان قىلدى. ئۇلارنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق موزېيدىكى «گۈلزار بىنىش» قولىيازمىسى بىلەن بىر قاتاردا ساقلانغان بۇ قولىيازمىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ھېس قىلغان ۋە ئېلان قىلغان پىكىرلىرىدىن مەلۇمكى، «قولىيازما ئىچىدىكى بىر قىسىم شېئىرلار ئۈستىدىن تەھرىرلەپ ئۆزگەرتىلگەن كۆپىيە ھالىتىدە ساقلانغان. يەنە بىر قىسىم شېئىرلار پارچە قەغەزلەرگە يېزىلغان بولۇپ، قولىيازما ئىچىگە چاپلاپ قويۇلغان ··· شائىر غەزەللەرنى رەتلەپ دىۋان تۈزۈش ئۈچۈن قاپىيە ۋە رادىپنى تۆرگە ئايرىپ چىقىپ ··· دېگەنگە ئوخشاش رادىپ ئىسىملىرىنى يېزىپ

قويغان» يەنە ئۇلار «174 پارچە غەزەلنىڭ رادىپ ۋە قاپىيىلىرى جەمئىي 13ھەرپ بىلەن ئاخىرلاشقان» ، «لېكىن شېئىرلار تېخى رەسمىي دىۋان ھالىتىگە كەلتۈرۈلمىگەن» دېگەن ۋە بۇ قولىيازمىنى «ئاپتور دىۋان تۈزۈشتىن بۇرۇنقى نۇسخا» دەپ قارىغان بۇ ئالداڭغۇ باھانىڭ يېتەرسىزلىكى شۇكى، «دىۋان ناقىس» غەزەللەردىن باشقا ھەر خىل شېئىر شەكىللىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن زور ھەجىملىك شېئىرلار توپلىمى ھېسابلىنىدۇ، ئۇنى ھەرگىز « غەزەلىيات ناقىس» دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ. ئۇلار كۆرگەن ۋە نەشرىگە تەييارلىغان بۇ قولىيازمىدىكى قاپىيە، رادىپ تۈرى بويىچە رەتلەنگەن لېرىك شېئىرلار (ياكى غەزەللەر) «دىۋان ناقىس» قا كىرگۈزۈلگەن. رەتلەنمىگەن ياكى پارچە قەغەزدىكى ھەر خىل شېئىرلار دىۋان تۈزۈلگەندىن كېيىن يېزىلغان. ناھايىتى ئېنىقكى، ئەدىپ ناقىس، توغرىسىدىكى قولىيازمىنى ساقلىغۇچى پارچە قەغەزلەردىكى شېئىرلارنى قولىيازمىغا چاپلاپ، بىرلەشتۈرۈپ قويغان. چۈنكى، ھەر قانداق شائىر ئۆزىنىڭ تۇنجى دىۋانىنى تۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، داۋاملىق شېئىر يازماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. نەشرىگە تەييارلىغۇچىلار قولىيازمىدىكى بۇ كونكرېت پەرقلەرگە دىققەت قىلمىغانلىقتىن، رەتلەنگەن، رەتلىنمىگەن ۋە چاپلانغان ھەر خىل شېئىرلارنى قوشۇپ «دىۋان ناقىس» نامىدا تەۋەككۈل دەپ ئېلان قىلغان. كېيىنكى خەۋەردىن قارىغاندا، ئۇلار ئاشۇ قولىيازما ئىچىدىكى بىر قىسىم شېئىرلارنى مەلۇم سەۋەبلەرگە تەۋە نەشرىگە تەييارلىمىغان، ئۇ شېئىرلارنىڭ سانىمۇ ئېنىق ئەمەس.

يۇقىرىدىكى بىر نەچچە خىل ئەھۋالدىن مەلۇم بولىدۇكى، 80 ـ يىللار مابەينىدە تېپىلغان ھەر خىل شەكىل، ۋەزىن ۋە قاپىيىدىكى ناقىس شېئىرلىرى 300 پارچىدىن ئاشىدۇ. ئۇلاردىن تەكتارلىرىنى چىقىرىۋەتكەندە، ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغىنى 300 پارچە بولۇپ، 7000 مىسراغا يېتىدۇ، لېكىن، يىغىش، رەتلەش ۋە نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا «دىۋان ناقىس» تىكى شېئىرلار بىلەن دىۋاندىن كېيىن يېزىلغانشېئىرلار ۋە ئۇلارنىڭ قاپىيە ـ رادىپ تەرتىپلىرى ئارىلىشىپ كەتكەن. بۇنىڭدىكى مۇرەككەپ ئەھۋالنى پەرقلەندۈرۈشمۇ قىيىن. «دىۋان ناقىس» نى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ بۇ ئىشقا ئىلمىي ۋە توغرا پوزىتسىيىدە بولۇشنى تەكلىپ قىلىمەن.

## 4. بەدىئىي ئۇسلۇبى ۋە ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكى

ئەدىب ناقىسنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى ئاساسەن بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ شېئىرىيەت تۈرىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ ئارۇز ۋەزنىنىڭ ھەر قايسى بەھرىلىرىدە غەزەل، مۇخەممەس، رۇبائىي، مەرسىيە شەكلىدىكى شېئىرلارنى ۋە تۈركىي مىللىي ۋەزىدە قىتئە (پارچە) ، ئىككىلىك (بېيىت) لەرنى يازغان. ئۇ يېڭى ـ يېڭى مەزمۇن، مىللىي خاراكتېر، مىللىي قىياپەت ۋە مىللىي روھقا تولۇپ تاشقان لېرىك شېئىرلىرى ۋە يىرىك ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر شېئىرىيەت خەزىنىسىنى بېيىتقان. ئەدىب ناقىسنىڭ ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكلىرى ئۆزىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن كلاسسىكلار بىلەن كۆپ جەھەتتە ئورتاقلىققا ئىگە. لېكىن ھەر بىر ئىجادكار ۋەكىللىك خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدە ئۆزىگە خاس بىر خىل ئورىگىناللىققا ئىگە بولۇشتەك ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان پاكىتقا ئاساسەن، «دىۋان ناقىس» ، بىلەن «گۈلزار بىنىش» داستانىدىكى ناقىسنىڭ تىپىك ئىجادىيەت ئۇسلۇبى ۋە ئىجادىيەت ئالاھىدىلىكىنى تۆۋەندىكى ئۈچ مەسىلىگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. تىل سەنئىتى. «دىۋان ناقىس» تىكى شېئىرلارنىڭ شەكلى رەڭدار، ۋەزنى يەڭگىل، راۋان، ۋەزىن ۋە قاپىيە ئۆچۈن تاللانغان سۆز ـ ئىبارىلەر ئەدىب ناقىسنىڭ تاۋلانغان بەدىئىي ماھارىتى، مول كۆزىتىش ئىقتىدارى ۋە بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ كەڭلىكى بىلەن بىرلەشكەن. شېئىرىي تىلى — نەپىس ۋە جىلۋىدار، جانلىق ۋە ئۆتكۈر، قىزىقارلىق ۋە ئوبرازلىق، ئىخچام ۋە چۈشىنىشلىك، يەنە كېلىپ تېز جەلپ قىلارلىق دەرىجىدە كۈچلۈك ھەجۋى ماھارەتكە ئىگە بولۇش بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. «گۈلزار بىنىش» داستانىنىڭ نەزىم قۇرۇلمىسى تەبىئىي ۋە تەسىرلىك بولۇپ، ئۇنىڭدىكى لىرىك ۋە ئېپىك بايانلاردا ئۇيغۇر تىل ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئەركىن پايدىلانغان. مەسىلەن، ئىنسان بەدىنىدىكى يەتتە ئەزا بىلەن نەپسىنىڭ جىدىلى تەسۋىرلەنگەن 4 ـ بابتا تۆۋەندىكى مىسرالار بار:

سالىپ بويىنغول، ئىلكىگە لۆكنى،
ئايالار سۆدرەگەن يەڭلىغ مۇشۇكنى.

ئەسىر ئەيلەپ ئانى زىندانغە سالدى،
يېڭى باشدىن يەنە نەققارە چالدى.

ئەشەنىۋى ۋە يىڭىچە تەسۋىرى ۋاستىلار ئارقىلىق پىكىرنى نازۇك ئىپادىلەشتە، ئەدىب ناقىسنىڭ شېئىرىي تىلى يۈكسەك تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇ تىلنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلانغان مەسىلەن:

مۇنى مەئىشۇ قۇئانى قىلدى ئاشىق،
بۇ بۇلبۇلغە ئۇگۇلنى قىلدى لايىق،
بۇ گۇلدىن ھالى ئىنسان خالى ئېرمەس،
بۇ گۇلدىن خالى ئىنسان ھالى ئېرمەس.
بۇ گۇلدىن خالى بولغان ئېرمەس ئادەم،
ئەلىفدىن خالىدۇ «ئادەم» بولۇر «دەم».
كىنايەتتۇر ئەلىف بۇيەردە گۇلدىن،
نە بولغاي گۇل ئېرۇر ئەسرارى گۇلدىن.

ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا «ئادەم» دىكى «ا» ئايرىم كەلسە «ئەلىف» ئوقۇلىدۇ، «ا» كەم بولسا «دەم» قالىدۇ. دەم ـ تىنىش (تىنىق)، ئارام (ئارام ئېلىش)، دەم تارتىش قاتارلىق ئۇقۇملاردىن باشقا، يېزا ـ سەھرالاردا ئۆي ئىشىكىگە ئېچكى تەرەپتىن تىرەيدىغان دەك-كالتەكنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ياغاچتىن ياسالغاچقا، يۇقىرىقى نەزمىدە مۇھەببەتسىز كىشىنىڭ ياغاچتەك ھېسسىياتسىز ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن، بۇ خىل سۆز ئويۇنى ئەدىب ناقىسنىڭ ئېغىزاكى نەزمىلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

نەپىس ئەگەر سۇرەتكە كىرسە، سۇرىتى ئاخۇن كېلۇر،
گەر ئېلىپنى تارتىۋەتسە، ئارقىسىدىن خۇن كېلۇر.

داستاندا يەنە دىئالوگ شەكلىدىكى نەزمىي بايانلار بار. مەسىلەن:

مۇنىڭدەككىم ئەزەلنىڭ شاھىدى ھەم،
يۈزىنى كۆرسە تۆرگە قىلدى ئالەم.
بىرىنى ئەرش قىلدى، بىرىنى تۆبى،
بىرىنى خەرش قىلدى، بىرىنى چۆبى.
بىرىنى ئاسمان قىلدى، بىرىنى يەر،
بىرىنى قىلدى دەريا، ئول بىرىن بەر.
بىرىن جەننەت قىلىپ، بىرىن جەھەننەم،
بىرىن جىن ئەيلەدى، ئول بىرىن ئادەم.
بىرىن قىلدى مەلەك، بەرىن پەرىزاد،
جەھان دىپ قويدى ئاتىن قىلدى ئاباد.

ئەدىب ناقىسنىڭ شېئىرىي تىلىدا يۇقىرىقىلاردىن باشقا، تەكرار سۆز، سوئال ـ جاۋاب شەكلى، قوش قاپىيە، ئومۇنىم قاپىيە تۈزۈشتەك ھەر خىل تىل سەنئىتى پىششىق ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەنگەن بولۇپ، مەلۇم ھېكمەتنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. ئۇ شېئىرىيەتتە قويۇق مىللىي پۇراقلىق ئىگە يوشۇرۇن بەدىئىيلىك يارىتىش ئۈچۈن، تىل جەھەتتە نۇرغۇن ئەمگەك سىڭدۈرگەن. داستاندا يەنە تىل ھەققىدە مەخسۇس توختىلىپ مۇنداق دېگەن:

ئىشتىكىل سۆز، ئەگەر بىلمەس ئىسەڭ سۆز،
قۇلاق بول ئاڭلاغىل، يا بول كۆرەر كۆز.

ئېنىقكى، تىل تەسۋىرى ئانا تىلنى پۇختا بىلىش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ، ياكى مەلۇم تىلنى بىلىش قانچە چوڭقۇر، قانچە ئىنچىكە بولسا، ئۇنى بايان قىلىش ۋە تەسۋىرلەشمۇ شۇنچە ئەتراپلىق، سىستېمىلىق بولىدۇ. ئەدىب ناقىس شېئىرلىرىدا تۈرلۈك ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن كەڭ پايدىلانغاندىن باشقا، ماقال ـ تەمسىللەرنىمۇ ئۆزلەشتۈرۈپ ئىشلىتىپ، تىل مەزمۇنىنى بېيىتىپ، جەلپ قىلىش كۈچىگە

ئىگە قىلغان ئۇنىڭ تىلى ساپ، ئۇسلۇبى ئاددىي، قۇرۇلمىسى پۇختا، ئىستېتىك تۇيغۇغا باب نازۇك پىكىرلەر بىلەن تويۇنغان ۋە يۇيۇنغان بولۇپ، لىرىزىم نەمۇنىلىرى، فانتازىيە تۇسى بار، كىنايە ۋە ھەجۋى خاراكتېرى كۈچلۈك. شۇئا كىشى ھازادىلىك ۋە ھوزۇرلىنىش ھېس قىلىدۇ. تىلىدىكى تەكرارلىق ۋە ئۆزگىرىشچان قاپىيىلەردە ھېچقانداق بىھۇدە ئىلېمىنتلار كۆرۈلمەيدۇ. داغى، سارى، بائىس، شايەر، ئەندەك، ئۇلفەت، ۋەلى، ئەگەرچە، روبىئى مەسكۈن، سۇبھى سادىق ... قاتارلىق سۆزلەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. «گۇلزار بىنىش» داستانىدا «سۇبھى سادىق ـ كىنايە، ئىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم دېگەنلىك» دەپ ئىزاھلانغان. ناقىسنىڭ شېئىرىي تىلىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئاشۇنداق سۆزلەر تەكىت خىتاب، كۈچەيتىش، باغلاش ۋە جەلىب قىلىش قاتارلىق نازۇك رولLارنى ئوينىغان بولۇپ، مىسرالارغا ئالاھىدە تۈس بەرگەن. بۇلار ناقىسنىڭ ئۆزىگە خاس تىل ئۇسلۇبى، شۇنداقلا دەۋر تىل ئادىتى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تىلىدا مودا سۆزلەر، ئۇسلۇب جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان كلاسسىك ئىبارىلەر بولۇپ، بەزىلىرى ۋەزىن ياكى ئاز ئۇچرايدىغان قاپىيە ئېھتىياجى بىلەن ياسالغان ياكى ئېلىنغان، ئوقۇش تىللىق بولغاچقا، ئۇيغۇر ۋە ئەرەب ـ پارس سۆز بايلىقلىرىدىن ئەپچىل پايدىلىنىپ ۋە پاراللېل ئىشلىتىپ، ئۆزگىچە شېئىرىي تىل ئۇنۇمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئاجايىپ نازۇك شەكىل ۋە گۈزەل تەشبىھلەر ۋاستىسى بىلەن يېزىلغان ناقىس شېئىرلىرى ئانا يۇرتلار ئەمەس، بەلكى تۈركىي تىل يېزىقىنى ئورتاق قوللىنىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھەرقايسى ئەللەردىكى 90 مىليونغا يېقىن تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت مۇنبىرىدە ئۆز ئارا ئۇچرىشىپ، گۈزەل ۋە ئۆزۈلمەس تىل سەنئەت كارىدورىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۆز نۆۋىتىدە ئۇيغۇر تىلىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە مىللىي مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشقان. ئەدىب ناقىسنىڭ تىل سەنئىتى، تىل ئۇسلۇبىنى كۆپ يىل ئۆگىنىش ئارقىلىق چىقارغان يەكۈن شۇكى، ئۇنىڭ ئانا تىلىنى قەدىرلەپ، چاغاتاي ئەدەبىي تىل بىلەن خەلقنىڭ جانلىق تىلىنى بىرلەشتۈرۈش ۋە يېقىنلاشتۇرۇش ماھارىتى ئالاھىدە گەۋدىلىك. ناقىس شېئىرلىرى ساپ ئۇيغۇر تىل دېئالېكىدا يېزىلغانلىقى ئۈچۈن شېئىرىي تىلنى ترانسكرىپسىيە قىلىش ـ قىلماسلىقنىڭ چوڭ پەرقى يوق. ترانسكرىپسىيە قىلغاندا، كلاسسىك شېئىرىيەت تىلىدىن ئاز ـ تولا خەۋەردار كىتابخانلار راۋان ئوقۇپ، مەزمۇنىنى چۈشىنىپ كېتەلەيدۇ؛ ترانسكرىپسىيىگە ئالمىغاندا، ئەسلىدىكى چاغاتاي تىل ـ يېزىق ۋە تاۋۇش قۇرۇلمىسىغا، ۋەزىن قۇرۇلمىسىدىكى ئاھاڭدارلىققا ھېچقانچە نۇقسان يەتمەيدۇ، بۇ پاكىت بىزگە چاغاتاي ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىنىڭ تەدرىجىي ھالدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئايلىنىشىدا ئەدىب ناقىسنىڭ باشلامچى رول ئوينىغانلىقىنى، ئۇ 14 ـ ئەسىردە باشلانغان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىلى، شۇنداقلا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ دەسلەپكى ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى دەلىللىشىمىزگە زور ياردەم بېرىدۇ.

2. ئىجادىيەت ئۇسۇلى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ئەزەلدىن مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسى بىلەن مۇسۇلمان شەرق مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىن ئىبارەت ئىككى مەنبەگە ئىگە بولۇپ كەلگەن. ئەدىب ناقىسقىچە بولغان كلاسسىكلار ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى تاللاشتا، ناھايىتى مۇھىم ۋە ئورتاق بىر تەقدىرگە ئىگە بولۇپ، يۇقىرىقى ئىككى خىل مەنبە مەدەنىيىتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە سەجدە قىلىشقا ن ئەدىب ناقىس كلاسسىزم، مەرىپەتچىلىك، فانتىزم ـ تەبىئەت ئىلاھچىلىق)، سىمۋولىزم قاتارلىق كۆپ خىل ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت ئېقىملىرىغا جىددىي ئېتىبار بىلەن قاراپ، رومانتىزم ۋە رېئالىزملىق ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى قوللانغان، بولۇپمۇ تەنقىدىي رېئالىزمنى، ئاساسلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى قىلغان، ئىجادىي قوبۇل قىلىش ۋە تەنقىدىي پايدىلىنىشتەك ئىجادىيەت روھىنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان. ھەرقايسى ئەللەر ئىجادىيىتىنىڭ پارلاق نەمۇنىلىرى ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلىرى ئۇنىڭغا يېڭى بىلىش سەۋىيىسى، ئوخشاشمىغان تەپەككۇر شەكلى ۋە دۇنيانى كۆزىتىشتە ئوخشىمىغان ئۇسۇل ۋە ئالاھىدە پائالىيەت ئىقتىدارى بەخش ئېتىپ، ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ ئالاھىدە رولى بىلەن ئۇنۇمىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئىجادىيەت ئۇسلۇبىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىجادىيىتىنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن. «گۇلزار بىنىش» داستانىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلغاندا، ئىجابىي قىياپەت بىلەن لىرىك قەھرىمان سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان ئەدىب ناقىسنىڭ ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش ۋە تەنقىدىي قوبۇل قىلىش روھىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

يەنە كۆرگىل مۇنىكىم، ھەركىممەرسە،
ئوقۇپ تاپسە كىتابدىن بىر نىمەرسە.
كى بولسا ئول نىمەرسە مەئنىمى خوپ،
بولۇر ئەۋۋەل ئانىڭ كۆڭلىگە مەرغۇپ.

داستاندىكى مۇھىم ۋەقە ۋە مەزمۇنلارنى تېپىپ چىقىش خېلىلا قىزىقارلىق ئىش. مەسىلەن، ئەدىب ناقىس ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرگەن مۇھەببەت تېمىسىدىكى سىيمالاردىن چىراغ بىلەن پەرۋانە، قىزىلگۈل بىلەن بۇلبۇل، يۈسۈپ بىلەن زۇلەيخا، لەيلى بىلەن مەجنۇن، شېرىن بىلەن پەرھاد، دىلئارام بىلەن بەھرام، ئۇزرا بىلەن ۋامىقلار قاتارىدا «باھار دانىش» تىكى شاھزادە جاھاندار بىلەن مەلىكە بەھرەۋەرنى ساناپ، ئۇلارنى پاك سۆيگۈ — مۇھەببەتكە مەدھىيە ئوقۇغان ۋە مۇھەببەت داستانى ياراتماقچى بولغان. ئۇ «باھار دانىش» نىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، كۆپ ئىزدىنىش ئارقىلىق ئەسەر ۋەقەلىكى بىلەن رېئاللىقنى سېلىشتۇرغان، ئاخىرىدا تېما يېڭىلاشنى مەقسەت قىلىپ، تەقلىدىي ئىجادىيەت يولىنى تۇتۇپ ئۆز داستانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي خاراكتېرى ۋە مىللىي تۇرمۇشىنى يارقىن ئەكس ئەتتۈرگەن. مۇشۇ ئارقىلىق بەدىئىي رېئاللىقنىڭ ئورنىنى تېخىمۇ كۆتۈرۈپ، تۇرمۇش رېئاللىقى بىلەن تەڭلەشتۈرگەن ۋە تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ رېئال ئىجادىيلىقنى نامايەن قىلغان.
شۇڭا داستان كىشىلەرگە يېڭى ۋە ئاجايىپ مول ئىستېتىك تۇيغۇ بېغىشلاپ، روھىيەت دۇنياسىنى كېڭەيتىپ، چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. داستاندا يوققا چىقىرىۋېتىشكە بولمايدىغان پاكىت شۇكى، ئۇ ھەم يۈكسەك ئىستېتىك قىممەتكە، ھەم يۈكسەك بىلىش قىممىتىگە ئىگە ئەدەبىياتنىڭ ئىستېتىك قىممىتىنى ئۇنىڭ بىلىش قىممىتىدىن ئايرىۋېتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى پەقەت كىشىلەرنىڭ ئوخشاشمايدىغان مەنىۋى ئېھتىياجىغا ئوخشاشمايدىغان تەرەپلەردىن لايىقلاشتۇرالايدىغانلىقى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. «گۈلزار بىنىش» داستانىدىكى نۇرغۇن بەدىئىي پاكىتلاردىن ئېنىقكى، رېئال تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە باي بولغاچقا ئەينى دەۋردىكى مۇھىم، قىزىقارلىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى تېگى — تەكتىدىن پۇختا ئىگىلىگەن، مۇرەككەپ تۇرمۇش ھەقىقىتىنى رومانتىزم ۋە رېئالىزم روھى بىلەن بەدىئىي ئۇسۇلدا ئىپادىلەپ مۇرەككەپ، سوئاللارغا جاۋاب تېپىشقا تىرىشقان. ھالبۇكى ھەقىقەت مەۋھۇم ئەمەس، بەلكى ئۇ كونكرېت چۈشەنچىدۇر. ئۆز جەمئىيىتىنىڭ ئىلغار ئىنتىلىشلىرىگە ۋەكىللىك قىلىپ ياراتقان بۇ داستاننىڭ رېئالىزم پرىنسىپى ئاساسىدىكى تەسۋىر دائىرىسىدە، ئۇ تەنقىدىي رېئالىزملىق روھنى كۈچلۈك جارى قىلىپ، ئۆزىگە خاس مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكنى گەۋدىلەندۈرگەن بەدىئىي تەسىراتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ئەگەرچە بولسە ناقىس بولدى كامىل،
بۇگۈللاردۇر ئانىڭ ۋەسلىگە مايىل .

ئەدىب ناقىسنىڭ بۇ خىل تەنقىدىي قوبۇل قىلىشى بىر خىل بەدىئىي ۋاستە بولۇپ، مەقسەت يەنىلا ئىجادىي پايدىلىنىشتىن ئىبارەت. مەلۇمكى، ھەرقانداق بىر ئىجادىيەت ھەرگىز يەككە — يېگانە ھالدا تەرەققىي قىلغان ئەمەس، بەلكى بىر — بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، بىر — بىرىنى تولۇقلاپ كەلگەن ۋە يېڭى ئىجتىمائىي مەزمۇننى شەكىللەندۈرگەن. ئۆز نۆۋىتىدە خەلقىمىزنىڭ ئىجادىيىتىدىكى مىللىي ئالاھىدىلىكنى، ئەمەلىيەتچانلىق، ئىجادىيلىق، ۋارىسچانلىق روھىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، يېڭى مەنىۋى مەھسۇلات بولۇش سۈپىتى بىلەن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ئىجادىي قوبۇل قىلىش ۋە تەنقىدىي پايدىلىنىش — ئەدەبىيات — سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى، بەدىئىي ئىجادىيەتنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى، ھازىر بىزدە قوبۇل قىلىش چېكىملا بار، لېكىن تاللاش ۋە شاللاش روھى كەم. ئەنئەنىۋى ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدا ھازىرقى زامان ئامىللىرى كەم. بۇ بىزنىڭ پەرق ئېتىش ئىقتىدارىمىز، كەلگۈسىنى مۆلچەرلەش ئىقتىدارىمىزنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىيات-سەنئىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش-ئاپتونوم رايونىمىز پەن — مەدەنىيىتى ۋە ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ئىكەن، ئۇ ھالدا، قوبۇل قىلىش بىلەن ۋارىسلىق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ھەم مۇمكىنچىلىكى-نۆۋەتتىكى ئەدەبىيات ئىسلاھاتىنىڭ تەقازاسى ۋە تۈرلۈك ئىلغار ئەدەبىي ئېقىملارنىڭ خىرىسى ئىكەنلىكىنى يېتەرلىك ئايدىڭلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

3. ئىجادىيەت ئىدىيىسى. ئەدىب ناقىسنىڭ لىرىك ۋە ئېپىك شېئىرلىرى ئۇنىڭ ئىجادىيەت ئىدىيىسى ۋە روھىي دۇنياسىنى ئەڭ ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەينەك. ئىجادىيەتتە باشتىن ئاياغ روھىي ئەركىنلىكنى قوغداپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي ۋە دۇنياۋى تېمىلىرى بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەتنى بېيىتىپ، دېموكراتىيە، ئەركىنلىك باراۋەرلىك، تەرەققىيات ئۈچۈن بولغان جەڭگىۋار تېمىلارنى قىزغىن كۈيلىگەن. تۈرلۈك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى چوڭقۇر پاش قىلغان. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى تەۋرەتكەن تۈرلۈك سىياسىي ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى، شۇ تۈپەيلىدىن چۈشكۈنلەشكەن جەمئىيەتنىڭ ھەممىگە ئۆزلىشىپ كەتكەن ناچار قائىدىلىرىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشقان. نادان ۋە قالاق مىللىي روھنى يېڭى ئىجتىمائىي ئەخلاق قارىشى ئاساسىدا تەربىيىلەش زۆرۈرلۈكىنى چۈشەنگەن. ئۇ زامانىدا تېخى تۇرەلمىگەن، لېكىن مەۋجۇت بولۇشى زۆرۈر بولغان غايىۋى ئىدىيە، غايىۋى ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق ئۇزاق يىللار ئويلىنىپ كەلگەن. ئىجتىمائىي پىكىر - غايىلىرىنى زىننەتلىگەن ھەقىقەت مەۋھۇم ئەمەس، بەلكى كونكرېت چۈشەنچىدۇر، ئەدىب ناقىسنىڭ نەزىم سەنئىتىدىكى بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭ ئىلىس بامىنىڭ باشلىنىشى، شۇنداقلا مول ئىجادىي ئىلھامىنىڭ ئۇرغۇپ چىقىش ئېغىزى بولغان لىرىك شېئىرلىرىدا ئۆزىنى ئىپادىلىگەن ۋە دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئۆز-ئۆزىنى ئىپادىلەش دېگىنىمىز — ئەڭ مۇھىمى كىشىلىك تۇرمۇش ۋا رېئاللىقتا بولغان ئۆزىگە خاس تۇيغۇ تەسىراتىنى تېپىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا، ئۆز - ئۆزىنى تېپىش ئىرادىسىدىن بارلىققا كېلىدىغان قەتئىي يېڭىلىق يارىتىش روھى، تەبىئەتنى ئاساس قىلىشتەك ئالەم ئېڭى مەۋجۇدىيەت چۈشەنچىسى، ھاياتلىقنىڭ بۇرچى ۋە دۇنيانىڭ ئەھمىيىتىگە قارىتا ساپلاشتۇرۇش گۈزەللەشتۈرۈش قاتارلىق قىممەت قارىشىغا ئىگە ئىستېتىك ئاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ۋەزىيەتنىڭ سوقۇق مۇئامىلىسىگە، بەزى كىشىلەرنىڭ ئەيىبلەشلىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، قىلچە تەپتارتمىغان. ناقىس ئەسەرلىرى خەلق بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولغانلىقتىن، ئەمگەكچى خەلقىمىز ئۇنى ئىسسىق قوينىغا ئېلىپ، چەكسىز ئىخلاس ۋە ھۆرمەت بىلەن ھىمايە قىلغان.

«گۈلزار بىنىش» داستانىدا قىسسە - رىۋايەت بىلەن ئەينى زامان كىشىلىرىنىڭ تەقدىرى، فانتازىيە بىلەن ئاچچىق رېئاللىق ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، خەلقپەرۋەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك خاھىشىنى ئۆزەك قىلغان ھالدا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە خاس نۇرغۇن قىممەتلىك ئىدىيىلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەمگەك ۋە ئىجادىيەت بىلەن بەرپا بولغان ھەممە ئەۋزەللىكلەرنىڭ نەقەدەر چوڭ رول ئوينايدىغانلىقىنى، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ پۈتكۈل كۆرۈنىشى ۋە يۈزلىنىشى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن، مەنىۋى ھاياتنىڭ ھەممە تارماقلىرىغا، تۈرلۈك پەنلەرگە ئالاقىدار قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئىجادكار پۈتكۈل كىشىلىك ھاياتقا قارىتا چوڭقۇر پەلسەپىۋى چۈشەنچىگە ئىگە بولغاندىلا، ھەقىقىي ئىجادىيەت نۇرىنى ئاشۇنداق چاقنىتالايدۇ. داستاندىكى پەلسەپىۋى قاراشلاردا پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە خاس مەزمۇن، شەرق ئەللىرىنىڭ قىممەتلىك ئىجادىيەت ئىدىيىسى مۇجەسسەملەنگەن. «دۇنياۋى مەسىلىلەردە، ھايات مەسىلىلىرىدە «ئىسلام دىنى دۇنيادىن ۋاز كېچىشنى تەقەززا قىلمايدۇ» دېگەن مۇسۇلمانچىلىقتا ئورتاق ئىدىيە تەرغىب قىلىنغان. ئەدىب ناقىسمۇ ئۆزىنىڭ ئىدىيەت ئىدىيىسىگە خاس پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى قىلچە يوشۇرمىغان.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئەدىب ناقىس مول ئىلمىي ۋە ئىجادىي مېھنىتى ئارقىلىق ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ راۋاجلىنىشىغا دەۋر بۆلگۈچ تۆھپە قوشقان. لېكىن، ناقىس تەتقىقاتىدا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش بولماي، ھازىرغىچە ئاددىي چۈشەنچە بىلەن چەكلىنىپ كەلدۇق. ئۇنىڭ نۆۋەتتە نەشر قىلىنىدىغان ئىككى پارچە ئەسىرىنى تارىخىي ئەدەبىياتشۇناسلىق نۇقتىئىنەزىرى بويىچە ئەتراپلىق ۋە ئۈنۈملۈك تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مېنىڭ «گۈلزار بىنىش» داستانى توغرىسىدىكى ئىزدىنىشىم تۇنجى قېتىملىق ئىش بولۇپ، ئەدىب ناقىسنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلارنى تولۇقلايدۇ. يېڭى تەتقىقاتلارغا تولۇقلىما ئۈچۈن سۈپىتىدە يول ئاچىدۇ.

# رومانتىزم توغرىسىدا

مۇھەممەت ئىمىن

رومانتىزم دېگەن بۇ سۆزنى سۆز مەنىسىگە قاراپلا چۈشەنسەك بولمايدۇ. چەت ئەللەردە رومانتىك دېگەن سۆزنىڭ بەڭۋاشلىق، ئەپسانىلىق، خىيالچانلىق، خۇشپىيانىلىق ۋە نازاكەتلىك دېگەندەك مەنىلىرى بار. شۇڭا، ئۇنى لېكسىكىلىق مەنىسىگە قاراپ چۈشىنىدىغان بولساق، رومانتىزم بىزگە ياخشى ئەمەستەك تۇيۇلىدۇ، ھەتتا رومانتىزمغا قارىتا خاتا چۈشۈنچىلەر پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

رومانتىزم بىر خىل ئىجادىيەت خاھىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن رېئالىزمغا ئوخشاشلا قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا ئەدەبىي ئىجادىيەتتە مەۋجۇت. چۈنكى ھايات ۋەقەلىكلىرىدە خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشى ۋە كۈرەشلىرى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ غايىسى ۋە ئارزۇلىرىمۇ بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىجادىيەتتە بەزىلەر كۆپرەك رېئال ھاياتنى ئەينەن ئىپادىلەشكە مايىل بولسا، بەزىلىرى كۆپرەك غايە ۋە ئارزۇلىرىنى ئىپادىلەشكە مايىل بولىدۇ. مەسىلەن، ھومېرنىڭ داستانلىرى ئىچىدە «ئىلئادا» كۆپىنچە رېئالىزمغا مايىل بولسا، «ئودىسسا» كۆپىنچە رومانتىزمغا مايىلدۇر. قەدىمكى ئەدىبلەر بۇنداق ئوخشاش بولمىغان ئىجادىيەت خاھىشلىرى ئۈستىدە مەلۇم تونۇشلارغا ئىگە بولغان ۋە ئۇنىڭغا تەبىر بەرگەن ئىدى. سوفوكىل (مىلادىدىن بۇرۇنقى 405 ـ 495 ـ يىللار): «ئادەمنى ئۇنىڭدا بولۇشقا تېگىشلىك قىياپىتى بويىچە يېزىش كېرەك» دېگەن، ئېۋرىپىد (مىلادىدىن بۇرۇنقى 406ـ480 ـ يىللار): «ئادەمنى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قىياپىتى بويىچە يېزىش كېرەك» دېگەن. مانا بۇ گەپلەر رومانتىزم بىلەن رېئالىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئوخشاش بولمىغان ئىجادىيەت خاھىشىغا قارىتا ئېيتىلغاندۇر. بۇ ئىككى خىل ئىجادىيەت خاھىشى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تولۇقلانغان ۋە تەرەققىي قىلغان، ئەمما ئۇنىڭ ئىككى خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى سۈپىتىدە ئېنىق ۋە كونكرېت يەكۈنلەپ چىقىلىشى بولسا، كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئىشتۇر.

ئەدەبىيات تارىخىدا، رومانتىزمنى ئىجادىيەت مېتودى سۈپىتىدە بىرىنچى بولۇپ قوللانغانلار ئاتاقلىق نېمىس يازغۇچىلىرى گيوتى بىلەن شىللېردۇر. شىللېر 1795 ـ يىلى يازغان «ساددا شېئىرلار ۋە مىسكىن شېئىرلار توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە، «ساددا شېئىرلار» رېئالىستىك بولىدۇ، «مىسكىن شېئىرلار» رومانتىك بولىدۇ، دەپ ھېسابلىغانىدى. گيوتى 1830 ـ يىلى ئۆزىنىڭ ئېكېرمان بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىدە، رومانتىزم دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ئەسلىدە شىللېر بىلەن ئىككىمىز تارقاتقانىدۇق، دەپ ئېتىراپ قىلغان.

بىرىنچى خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ يەكۈنلەپ چىقىرىلىشى ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئەدەبىياتنىڭ ئەنئەنىسى ۋە ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي تارىخىي شەرت ـ شارائىتلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. رومانتىزمنىڭ 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا نەزەرىيە جەھەتتىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ھەمدە بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولۇپ كەڭ ئومۇملىشىشىغا بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنىڭ جۇغلانغانلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن ئەينى چاغدا فېئوداللىزمغا قارشى كۈرەشنىڭ تەقەززاسى بولغانلىقى سەۋەب بولغان. ياۋروپا رومانتىزم ئەدەبىياتى مۇنداق تارىخىي شارائىتتا بارلىققا كەلگەن: 1789 ـ يىلى فىرانسىيىدە پۈتۈن ياۋروپانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن بۇرژۇئا ئىنقىلابى يۈز بەردى. بۇ ئىنقىلابنىڭ تەسىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئارقىسىدا ياۋروپادىكى باشقا دۆلەتلەردىمۇ فېئودالىزمغا قارشى دېموكراتىك ھەركەتلەر ئېلىپ بېرىلدى، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىمۇ بىرلا ۋاقىتتا ئەۋج ئالدى. لېكىن، رېئاللىق زىددىيەت بىلەن تولدى، يېڭى تەرتىپ كىشىلەرگە تەسەللىي بېرەلمىدى، مەرىپەتپەرۋەر مۇتەپەككۇرلار ئالدىن ئېيتقان «ئەقىل ئىدراك دۇنياسى» قاتتىق رېئاللىق ئالدىدا بىتچىت بولدى. «ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مېھرىبانلىق» توغرىسىدىكى غايىلەر رەھىمسىز پۇل ھۆكۈمرانلىقى ئالدىدا، ئالدامچىلىق، بۇلاڭچىلىق، پارىخورلۇق، چۈشكۈنلۈك قاتارلىق رېئاللىق ئالدىدا يالغان سۆزدىن پەرقسىز بولۇپ قالدى. ئېنگېلسنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا: «ئەقىلنىڭ غەلىبىسى» بىلەن ئورنىتىلغان ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە سىياسىي تۈزۈم، مەرىپەتچىلەرنىڭ چىرايلىق ۋەدىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كىشىنى ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ھەجۋىي رەسىم بولۇپ چىقتى». قىسقىسى رېئاللىق كىشىلەرنى ئۈمىدسىزلەندۈردى، ئەقىل ـ پاراسەت كىشىلەردە گۇمان پەيدا قىلدى، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى، ئىندىۋىدۇئالىزملىقىنى بوغۇپ تۇرغان كلاسسىزملىق ئەدەبىياتمۇ كىشىلەرنى بىزار قىلدى. كىشىلەر روھى بۆرۈختۇرمىلىقتا قالدى. شۇنىڭ بىلەن يېڭى غايىگە ۋە نىجاتلىق يولىغا تەلپۈنىدىغانلار كۆپەيدى. دەۋرنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك رېئال ئامىللىرىنىڭ ئەدەبىياتتا ئەكس ئېتىشى كلاسسىزملىق ئەدەبىياتنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، رومانتىزملىق ئەدەبىياتنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى كۆرسەتتى. بىراق، رومانتىزملىق يازغۇچىلارنىڭ مەيدانىسى، پوزىتسىيىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن رومانتىزم ئەدەبىياتى باشتىن ـ ئاخىر بىرلىككە كەلگەن ئەدەبىيات بولالمىدى. ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىنىڭ يازغۇچىلىرى ۋە بەزى ئوششاق بۇرژۇئازىيە يازغۇچىلىرى مەرىپەتپەرۋەرلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ۋە كاپىتالىزمنىڭ رېئاللىقىنى ئەكسىيەتچىل مەيداندا تۇرۇپ تەنقىد قىلىپ، «ئوتتۇرا ئەسىر» نىڭ ئاتالمىش تىنچ، ئىناق تۇرمۇشىغا «يېڭىباشتىن قايتىش» نى خىيال قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار پاسسىپ رومانتىزملىق ئەسەرلەرنى يازدى. پاسسىپ رومانتىزمچىلارمۇ غايىنى ئىپادىلىدى، ئەمما ئۇلارنىڭ غايىسى ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئۆتمۈشكە قايتىش ئىدى، شۇڭا، ئۇلارنىڭ شېئىرلىرى ئوتتۇرا ئەسىرنى گۈزەللەشتۈرىدىغان قىشلاق غەزەللىرىدىن ئىبارەت بولدى. فرانسىيىلىك شاتوبرىئان، ئەنگلىيىلىك «كۆل بويى گۇرۇھى شائىرلىرى» ۋوردسۋورس، كولېرىدگى، گېرمانىيىلىك تىك، نوۋالىس، روسىيىلىك ژۇكوۋىسكى قاتارلىقلار پاسسىپ رومانتىزملىق يازغۇچىلارنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. ماركس، ئېنگېلسلار بۇ گۇرۇھتىكى شائىرلاردىن ئىنتايىن بىزار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى «ئەكسىيەتچىل رومانتىزم» دېگەنىدى. چۈنكى ئۇلار ئەسەرلىرىدە كاپىتالىزمنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى مۇتەئەسسىپلىك كۆز قارىشى بىلەن تەنقىد قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ غايىسى تارىخنى ئارقىغا بۇراش ئىدى. گوركى پاسسىپ رومانتىزم يازغۇچىلىرىنىڭ كىشىلەرنى نەگە باشلايدىغانلىقى ھەققىدە تەپسىلىي توختىلىپ: «پاسسىپ رومانتىزم ياكى رېئاللىقنى پەردازلاپ، كىشىلەرنى رېئاللىق بىلەن مۇرەسسەلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ؛ ياكى كىشىلەرنى رېئاللىقتىن چەتنىتىپ، ئۆزى بىلەنلا بولۇپ، ‹كىشىلىك ھاياتنىڭ يامان سىرلىرى›غا، مۇھەببەت ۋە ئۆلۈم توغرىسىدا ئويلاشقا ئېلىپ بارىدۇ — ‹خىيالكويلۇق›، بىۋاسىتە سېزىم ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىشقا بولمايدىغان، پەن ئارقىلىقلا ھەل قىلىشقا بولىدىغان سىرلارغا بەنت قىلىدۇ» دېگەنىدى. پاسسىپ رومانتىزم بىلەن بىر قاتاردا يەنە ئاكتىپ رومانتىزممۇ بارلىققا كەلدى. ئاكتىپ رومانتىزملىق ئەدەبىيات ئېقىمىنىڭ قاتناشقۇچىلىرى دېموكراتىك ئىدىيىگە ئىگە بۇرژۇئا «ئالىقاناتلىرى» ئىدى. ئۇلار جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش

مەيداندا تۇرۇپ، دىققەت ـ ئېتىبارىنى كەلگۈسىگە قاراتتى. ئۇلارنىڭ غايىسى ئىلمىي ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولمىسىمۇ، لېكىن كەلگۈسىگە ئىنتىلىدىغان ئىلغار غايە ئىدى. ئەنگلىيىلىك بايرون ۋە شەللېي، گېرمانىيىلىك گيوتى ۋە شىللېر، فرانسىيىلىك گېئورگى سان ۋە هيوگو، روسىيىلىك رىلېيېۋ ۋە پۇشكىن قاتارلىقلار ئاكتىپ رومانتىزملىق يازغۇچىلارنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى. ماركس، ئېنگېلسلار ئاكتىپ رومانتىزملىق يازغۇچىلارغا يۇقىرى باها بەردى، مەسىلەن، شەللېينى «ھەقىيقى ئىنقىلاپچى شۇنداقلا سوتسىيالىزمنىڭ ئاكتىپ باشلامچىسى» دەپ ھېسابلىدى؛ گېئورگى سان قاتارلىقلارنى «دەۋرنىڭ بايرىقى، بۇنىسى شەك ـ شۈبھىسىز» دەپ ھېسابلىدى. گوركىمۇ ئاكتىپ رومانتىزمنىڭ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ: «ئاكتىپ رومانتىزم كىشىلەرنىڭ ياشاش ئىرادىسىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە رېئاللىققا ۋە رېئاللىقنىڭ بارلىق زۇلۇملىرىغا بولغان قارشىلىقنى پەيدا قىلىدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى.

رومانتىزملىق ئەدەبىياتنىڭ ئۆزى مۇرەككەپ بولغانلىقتىن، كىشىلەرنىڭ رومانتىزمغا بولغان قارشى تېخى بىردەك بولۇپ كەتمىدى. خۇددى گوركى ئېيتقاندەك: «رومانتىزمنىڭ بىرقانچە تەبىرى بار، لېكىن ئەدەبىيات تارىخچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئېتىراپ قىلىدىغان توغرا ھەم ئىنتايىن ئەتراپلىق تەبىر ھازىر تېخى يوق، بۇنداق تەبىر تېخى تۈزۈپ چىقىلمىدى.» توغرا ھەم ئەتراپلىق تەبىر تېخى تۈزۈپ چىقىلمىغان بولسىمۇ، يەنىلا خېلى كۆپ نەزەرىيىچىلەر، يازغۇچىلار ئوخشاش بولمىغان نۇقتىلاردىن رومانتىزمنىڭ بەدىئىي تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلىدى ۋە يىغىنچاقلىدى، بۇ بىزنىڭ رومانتىزمنىڭ تۈپ بەلگىلىرىنى چۈشىنىشىمىزدە يەنىلا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. شىللېر: رومانتىزم «رېئاللىقنى غايىگە كۆتۈرۈش، ياكى ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، غايىنى ئىپادىلەش ياكى كۆرسىتىش» تىن ئىبارەت، دەپ قارىغانىدى. گېئورگى سان رومانتىزملىق «سەنئەت مەۋجۇت رېئاللىقنى كۆزدىن كەچۈرمەيدۇ، بەلكى غايىۋى چىنلىقنى قوغلىشىدۇ» دېگەنىدى. بېلىنسكى مۇنداق دېگەنىدى: رومانتىزمنىڭ دائىرىسى پۈتكۈل «ھېسسىيات ۋە قەلبنىڭ ئاساسى، بۇ ئاساس ئۈستىدە بارلىق گۈزەل ۋە ئالىيجاناب مۇجمەل ئىنتىلىشلەر بارلىققا كېلىدۇ، بۇئىنتىلىشلەر خىيالدىن يارىتىلغان غايە ئارقىلىق قانائەت تاپىدۇ».. گوركى رومانتىزم ئۈستىدە توختىلىپ: «ئەگەر بەلگىلەنگەن رېئاللىقتىن ئېلىنغان مەزمۇن ئۈستىگە ـ قىياسى لوگىكا بويىچە خۇلاسە چىقىرىپ ـ ئارزۇ قىلغان، مۇمكىن بولغان نەرسىلەرنى قوشساق ھەمدە مۇشۇ ئارقىلىق ئوبرازلارنى تېخىمۇ تولۇقلىساق، رومانتىزمغا ئىگە بولىمىز» دېگەنىدى. شىللېر، گېئورگى سان، بېلىنسكى ۋە گوركىلارنىڭ ئېيتقانلىرى ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، لېكىن مۇنداق بىر ئورتاقلىقى بار: بىرىنچى، ئۇلار رومانتىزمنىڭ چىقىش نۇقتىسى رېئال تۇرمۇش ئەمما ئۇ رېئال تۇرمۇشنى قايتا ئىپادىلەش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قالمايدۇ دەپ قارايدۇ؛ ئىككىنچى، ئۇلار رومانتىزم غايىۋى تۇرمۇشنى ئىپادىلەشكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، دەپ قارايدۇ. بىز رومانتىزملىق ئەدەبىياتتىكى مول ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن، شىللېر، گېئورگى سان، بېلىنسكى ۋە گوركىلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇشىدىن پايدىلىنىپ: رومانتىزم يازغۇچىلار مەلۇم دۇنيا قاراشنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۇرمۇشنى كىشىلەرنىڭ ئۈمىدى، خىيالى بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشىدىغان بىر خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى، دەپ قارايمىز. ئۇنىڭ تۈپ بەلگىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

بىرىنچى، رومانتىزممۇ رېئالىزمغا ئوخشاش رېئال تۇرمۇشتا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك پرىنسىپلارنى

يىغىنچاقلايدۇ (ئەكس ئەتتۈرىدۇ، قايتا ئىپادىلەيدۇ، تەسۋىرلەيدۇ). رومانتىزم بىلەن رېئالىزمنىڭ پەرقى بەزىلەرنىڭ: رومانتىزم سۇبيېكتىپ دۇنيانىلا قايتا ئىپادىلەيدۇ، دېگىنىدەك ئەمەس. ئەمەلىيەتتە رېئالىزم ئوبيېكتىپ دۇنيانى قايتا ئىپادىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سۇبيېكتىپ دۇنيانىمۇ ئىپادىلەيدۇ؛ رومانتىزممۇ نوقۇل ھالدا سۇبيېكتىپ دۇنيانىلا تەسۋىرلەش بىلەن چەكلەنمەيدۇ، ئۇنىڭ دۇچ كېلىدىغىنى ۋە بىر تەرەپ قىلىدىغىنىمۇ ئوبيېكتىپ رېئال تۇرمۇش. گەپ شۇ يەردىكى، رومانتىزم بىلەن رېئالىزم تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرگەندە ئەمەل قىلىدىغان پرىنسىپ ئوخشاش ئەمەس. رېئال تۇرمۇشنى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان قىياپىتى بويىچە قايتا ئىپادىلەيدۇ، رومانتىزم بولسا تۇرمۇشنى تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان قىياپىتى بويىچەقايتا ئىپادىلىمەستىن، تۇرمۇشنى كىشىلەرنىڭ ئۈمىدى ۋە ئوي-خىيالى بويىچە قايتا ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، رومانتىزملىق ئەسەرلەر كىشىلەردە «بولۇشقا تېگىشلىك» تۇرمۇش مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش، كىشىلەرنىڭ غايىسى ۋە ئارزۇسىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ رېئال تۇرمۇشقا بولغان پوزىتسىيىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇرۇنقى دەۋرلەردە كىشىلەر قاراڭغۇ رېئاللىقتا ياشىغاچقا، گۈزەل كەلگۈسىگە تەلپۈنەتتى، ئۇلارنىڭ غايىسى بىلەن رېئاللىق زىتئىدى. شۇڭلاشقا رومانتىزمچى يازغۇچىلا كىشىلەر ئارزۇ قىلغان گۈزەل دۇنيانى تەسۋىرلەش ئارقىلىق رېئاللىقتىن ھالقىپ ئۆتەتتى، رېئاللىقنى ئىنكار قىلاتتى ۋە تەنقىد قىلاتتى. شىللېرنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «گۈزەل غايىنى يېتەرسىز چىنلىقنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە تىرىشاتتى». شىللىبىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، «بىزنىڭ رېئال دۇنيايىمىز» «بەكمۇ قالايمىقان كۆرۈنگەچكە»، رومانتىك شېئىرلار ئارقىلىق «كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئالدىدا ئېسىقلىق تۇرغان قارا ھايات پەردىسىنى ئېچىش» قا توغرا كېلەتتى، «بۇ شېئىرلار ئۆزلىرىنىڭ رەڭگارەڭ پەردىلىرىنى يېيىپ»، «بىزنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشىمىزدا بىز ئۈچۈن باشقا بىر خىل كىشىلىك تۇرمۇش يارىتىپ»، «بىزنى باشقا بىر دۇنيانىڭ ئاھالىسىگە ئايلاندۇرۇشى»، «بىزنىڭ ئىچكى كۆرەش سەزگۈيىمىز ئۈچۈن ھېلىقىدەك خىرە پەردىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، بىزنى كىشىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى سىرلارنى بايقىيالايدىغان قىلىشى» لازىم. گوركىنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا، رومانتىزم دېگەن «بۇنداق پىكىر ئېقىمىنىڭ بەلگىسى رېئاللىقتىن چەكسىز نارازى بولۇش، ئەلۋەتتەرېئاللىقتىن چەتنەپ، فانتازىيە ۋە خام خىيالغا بېرىلىشتۇر.»

مەسىلەن، رېئالىزمچى يازغۇچى فلوبېر بىلەن رومانتىزمچى يازغۇچى گېئورگى سان زاماندashلار ھەم ياخشى دوستلار بولۇپ، ئۇلار كاپىتالىزمنىڭ تۇرلۇك زىددىيەتلىرى ئاشكارىلىنىپ چىققان 19 ـ ئەسىردىكى فرانسىيىدە ياشىغان، ئۇلار بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىگەنلىكى، چۈشكۈنلەشكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قاراڭغۇ رېئاللىقتىن قاتتىق نەپرەتلەنگەنىدى. ئەمما ئۇلار تۇرمۇشنى قايتا ئىپادىلەشتە ھەر قايسى ئۆز يولىدا ماڭدى. فىلوبېر، مەن قوغۇشۇن چەملەك ئاياغ كىيىپ، يەرگە يەملىنىپ قالدىم، رېئال تۇرمۇشنىڭ رەزگىللىكى ماڭا تەسىر قىلماقتا، مېنى ۋەيران قىلماقتا ۋە دەپسەندە قىلماقتا دەپ قارىغان، شۇڭا ئۇ رېئال تۇرمۇشنى سوغۇققانلىق بىلەن ئېچىپ تاشلاشقا ۋە ئوبيېكتىپ ھالدا پاش قىلىشقا ئەھمىيەت بەرگەنىدى. ئۇ مۇشۇنداق ئېچىپ تاشلاش، پاش قىلىش ئارقىلىق رېئاللىقنى ئىنكار قىلغان ۋە تەنقىد قىلغانىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ تەنقىدي رېئالىزم يولىغا ماڭدى. گېئورگى سانمۇ ئوخشاش رېئاللىققا دۇچ كەلگەن ھەمدە رېئاللىققا قارىتا ئوخشاش قاراشتا بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، «رېئال بالايى ئاپەتھەققىدىكى بايان، قىزغىن ھېسسىيات بىلەن تولغان مۇراجىئەت نىجاتلىق تېپىشنىڭ چىقىش

يولى ئەمەس، ئۇنىڭدىن كۆرە يېقىملىق بىر ناخشا ئېيتقان، پادىچى بالىنىڭ نېيىنى ئاڭلىغان، باللارغا قورقۇنچ، ئازاپ ئېلىپ كەلمەي، تاتلىق تۇيغۇ بەخش ئېتىدىغان ھېكايە يازغان ياخشى ···» دەپ قارىغانىدى. شۇڭا ئۇ تۇرمۇشتا ئىنسانلارنىڭ ئىگەبولۇشنى ئۈمىد قىلغان، ئىنسانلارنىڭ ئىگە بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن قىياپىتى بويىچە تەسۋىرلەيدىغانلىقنى جاكارلىدى. مۇشۇ ئارقىلىق ئۇ ئەسەرلىرىدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ساددىلىقى، ئاق كۆڭۈللىكى، مېھرىبانلىقى ۋە غايىۋى يېزا مەنزىرىسىنى ئىپادىلەپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ساختىلىقىغا، رەزىللىكىگە، رەھىمسىزلىكىگە ۋەكاپىتالىزم رېئاللىقىنىڭ قاراڭغۇلۇقىغا قارشى تۇردى. ئۇمۇ ئوخشاشلا رېئاللىقنى ئىنكار قىلغان ۋە تەنقىد قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇتۇرمۇشنى غايىۋىلاشتۇرۇپ بىر تەرەپ قىلدى. گېئورگى سان شۇنداق قىلىپ ئاكتىپ رومانتىزم يولىغا ماڭدى. يۇقىرىدىكى مىسال شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، رومانتىزم نوقۇل ھالدا سۇبيېكتىپنى ئىپادىلەش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، ئۇ تۇرمۇشنى غايىۋىلاشتۇرۇپ ئومۇمىيلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئوبيېكتىپ رېئال تۇرمۇشنى قايتا ئىپادىلەيدۇ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا! رومانتىزم رېئاللىقنى غايىگە كۆتۈرىدۇ.

ئىككىنچى، رومانتىزم كىشىلەر ئۈمىد قىلغان ۋە كىشىلەرگە ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك بولغان تۇرمۇشنى تەسۋىرلەشنى تەلەپ قىلىدىغان بولغاچقا، ئادەتتىكى ئەمەلىي تۇرمۇشنى قايتا ئىپادىلەش بىلەنلا رومانتىزمنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىغىلى بولمايدۇ. دېمەك، رومانتىزم رېئال تۇرمۇش ئاساسىدا يەنە قايتىدىن تۇرمۇش يارىتىدۇ. قايتا يارىتىلغان تۇرمۇش مەنزىرىسى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ غايىسىنىئىپادىلەيدۇ. خۇددى بېلىنىسكى ئېيتقاندەك: رومانتىزمچى شائىر «ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى غايىسىگە ئاساسەن تۇرمۇشنى قايتا يارىتىدۇ» . ئەگەر تۇرمۇش مەنزىرىسىنى ئەينەن ئىپادىلەش رېئالىزمنىڭ بىر بەلگىسى دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، غايىگە ئاساسەن تۇرمۇش ئوبرازىنى قايتا يارىتىش رومانتىزمنىڭ يەنە بىربەلگىسى بولىدۇ. ئۇنداق بولسا، «تۇرمۇشنى قايتا يارىتىش» دېگەن نېمە؟ «تۇرمۇشنى قايتا يارىتىش» دېگەنلىك يازغۇچى تۇرمۇشنى تەسۋىرلىگەندە رېئال تۇرمۇشنىڭ ئەسلىدىكى شەكلى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، قىياسى لوگىكا ئارقىلىق ھەم مۇبالىغە، تەسەۋۋۇر، سىمۋول قاتارلىق ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ئاجايىپ ئادەم، ئاجايىپ ئىش، ئاجايىپ نەرسە، ئاجايىپ ھالەت قاتارلىق بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتىش لازىم دېگەنلىكتۇر. رومانتىزمنىڭ تۇرمۇشنى قايتا يارىتىشنى ھەممىدىن بەك چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان مىسال ۋۇچېڭئېننىڭ «غەربكە ساياھەت» ناملىق ئەسىرىدۇر. « غەربكە ساياھەت» تىكى پېرسوناژلارنىڭ كۆپ قىسمى، مەسىلەن: سۈنۋۇكۇڭ، جۇباجيغا ئوخشاشلار «ئاجايىپ ئادەم» لەردۇر. سۈنۋۇكۇڭ بىر موللاق ئېتىپلا 180 مىڭ چاقىرىم يول باسالايدۇ، 27 خىل ئۆزگىرەلەيدۇ، ئاسمانغا چىقالايدۇ، دېڭىزغا كىرەلەيدۇ، بوران چىقىرىپ يامغۇر ياغدۇرالايدۇ، ئاسمان ئىلاھى، ئەزرائىل، يالماۋۇز، جادۇگەرلەر بىلەن ئېلىشالايدۇ، ئۇنىڭدىكى ئىقتىدار تۇرمۇشتىكى كىشىلەردە يوق، بۇ يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى قايتا ياراتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. «غەربكە ساياھەت» ئەسىرىدە ئەرشنى مالىمان قىلىش، ئادەمگىياھ مېۋىسىنى ئوغرىلاپ يېيىش، بانات يەلپۈگۈچنى ئۈچ قېتىم ئارىيەت ئېلىش قاتارلىق بىر مۇنچە ئىشلار بار. بۇ ئىشلار ئادەتتىكى ئەمەلىي تۇرمۇشتا يوق، بۇمۇ يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى قايتا ياراتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. «غەربكە ساياھەت» تە ئەپسۇن چەمبىرەك، ئابىھايات، سېھىرلىك شاپتۇل، بانان يەلپۈگۈچ قاتارلىق بىر مۇنچە غەلىتە نەرسىلەر بار، بۇ نەرسىلەرنى ئادەتتىكى ئەمەلىي تۇرمۇشتىن تاپقىلى بولمايدۇ، بۇمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى قايتا يارىتالىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. «غەرىبكە ساياھەت» ئەسىرىدە يەنە ئەرش، تەھتىسسرا، ئەجدىھا ئۇردىسى، جەننەت، يالقۇن تاغ، ئايالار ئالىمى قاتارلىق بىر مۇنچە ئاجايىپ يەرلەر بار، بۇ ئاجايىپ يەرلەرمۇ ئەلۋەتتە ئادەتتىكى رېئال تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولمايدۇ، بۇمۇ يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى قايتا يارىتالىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. «غەرىبكە ساياھەت» تىكى بەدىئىي ئوبرازلار مۇشۇ نۇرغۇنلىغان ئاجايىپ ئادەم، ئاجايىپ ئىش، ئاجايىپ نەرسە، ئاجايىپ يەرلەردىن ھاسىل بولغان، ئۇ كىشىنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلىۋېتىدۇ، ئادەمنىڭ كاللىسىغا ئاجايىپ خىياللارنى كەلتۈرىدۇ، بۇ ئەسەردە رومانتىزمنىڭ تۇرمۇشنى قايتا يارىتىش ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئەلۋەتتە، «غەرىبكە ساياھەت» تىكىگە ئوخشاش بۇنداق رېئاللىقتىن يىراقلاشقان ھالقىغان ئاجايىپ بەدىئىي ئوبرازلار رومانتىزملىق بەدىئىي ئوبرازلارنىڭ بىرلا خىلى. يەنە بىر خىل رومانتىزملىق بەدىئىي ئوبرازلار مەسىلەن، ۋىكتور، ھيۇگونىڭ «پارىژدىكى بۈۋى مەريەم چېركاۋى» ، «خارلانغانلار» دېگەن ئەسەرلىرىدە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلارمۇ ئادەتتىكى ئەمەلىي تۇرمۇش شەكلىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. خوپ بۇ خىل رومانتىزملىق بەدىئىي ئوبرازلارمۇ تۇرمۇشنى قايتا يارىتىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگىمۇ؟ دۇرۇس بۇنداق ئوبرازلاردىكى كونكرېت ئېپىزوتلارغا ئايرىم قارىساق، تۇرمۇشنىڭ ئەسلى شەكلىدىن ھەقىقەتەن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ، ئالايلۇق، ھيۇگونىڭ «پارىژدىكى بۈۋى مەريەم چېركاۋى» رومانىدىكى بىر قانچە ئاساسلىق پېرسوناژلار - كوچىلاردا ئويۇن كۆرسىتىپ جان باقىدىغان گۈزەل سىگان قىزى ئەسمىلاردا، بۈۋى مەريەم چېركاۋىدا داڭ چالىدىغان ئۆزى سەت، كۆڭلى ياخشى كاسىمودۇ، بۈۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ ئىككىنچى باش روھانىسى، كۆرۈنۈشى سالاپەتلىك ئەمما نىيىتى قارا، نومۇسسىز كىروت فلورو قاتارلىقلارنىڭ مۇھەببەت نەپرىتى، ئارزۇ - ئىستىكى ۋە ئەخلاق پەزىلىتى تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭكى بىلەن ئوخشايدۇ، پارىژدىكى بۈۋى مەريەم چېركاۋىنىڭ مۇھىتى ۋە پۈتۈن شەھەرنى جانلاندۇرۇۋېتىدىغان چېركاۋدىكى داڭمۇ ئاساسەن ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ قايتا ئىپادىلىنىشى بولۇپ، بۇلار ئەسەرنىڭ ھەقىقەتەن بەزى رېئالىزملىق ئامىللارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەمما، بۇ بەدىئىي ئوبرازلارغا ئومۇمىي جەھەتتىن قارىساق، مەيلى پېرسوناژلار بولسۇن ياكى ۋەقەلىك بولسۇن، ھېچقايسىسى ئادەتتىكى، ئاددىي نەرسىلەر بولماستىن، ئىنتايىن غەلىتە نەرسىلەردۇر، بۇلاردا تۇرمۇشنى قايتا يارىتىشنىڭ روشەن ئىزناسى بار. مەسىلەن، «پارىژدىكى بۈۋى مەريەم چىركاۋى» دىكى پېرسوناژلارنى ئالسا ئەسمىلاردانىڭ ئاجايىپ قىسمەتلىرى، كاسىمودۇنىڭ چىراي سەتلىكى بىلەن قەلب گۈزەللىكى جەھەتتىكى روشەن سېلىشتۇرما، كىروت فلورونىڭ ئىچى بىلەن تېشى بىردەك بولماسلىقتەك ھەر خىل قىلىقلىرى ئەسەرگە ئاجايىپ تۈس بەرگەن؛ ئەسەردىكى غەلىتە تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالغان ئەگرى - توقاي، دراماتىك ۋەقەلەر، شۇنىڭدەك پارىژ دىۋانىلەر جەمئىيىتى توغرىسىدىكى تەسۋىر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە مۇبالىغە، تەسەۋۋۇر تەركىبلىرى قوشۇلغان، ئەسەردىكى پۈتكۈل بەدىئىي ئوبرازلار، ئاپتور قىياسى لوگىكىغا ئاساسەن لايىھىلەپ چىققان گۈزەل سىرلىق ئوردا، بۇ ئوردا كىشىنى مەپتۇن قىلىسىمۇ، لېكىن كىشىنى ئەسەردىكى تۇرمۇشتا قىياسىي بولۇش ۋە قايتا ياساش ئالامىتى بار ئىكەن دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرمەي قالمايدۇ. قىسقىسى، رومانتىزملىق ئەسەرلەردىكى بەدىئىي ئوبرازلار پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، لېكىن مۇبالىغە، تەسەۋۋۇر قاتارلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ ئاجايىپ ئادەم، ئاجايىپ ئىش، ئاجايىپ نەرسە، ئاجايىپ ھالەت، ئاجايىپ يەرلەرنى يارىتىپ، بەدىئىي ئوبرازنى، تۇرمۇشنى قايتا يارىتىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلىش جەھەتتە

ئوخشايدۇ.

بىزنىڭ رومانتىزملىق بەدىئىي ئوبرازلار تۇرمۇشنى قايتا يارىتىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە دېگىنىمىزدىن رېئالىزملىق بەدىئىي ئوبراز بەدىئىي چىنلىققا ئىگە ئەمەس دېگەن مەنە كېلىپ چىقمايدۇ. ئىلغار رومانتىزمغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بەدىئىي قايتا يارىتىش بىلەن بەدىئىي چىنلىق بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەس، ئۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. چۈنكى رومانتىزمچى يازغۇچىلار تۇرمۇشنى كاللىسىغا نىمە كەلسە شۇنى يېزىپ كەلسە ـ كەلمەس ياراتمايدۇ، رومانتىزملىق بەدىئىي ئوبرازدا ئىپادىلەنگەن ئىچكى روھنى ئالساق، ئۇ تۇرمۇشنى ئاساس قىلىدۇ، ئەقىلگە سىغارلىق بولىدۇ. مەسىلەن، «غەربكە ساياھەت» تىكى سۇن ۋۇكۇڭدىن ئىبارەت بۇ ئىسيانكارلىق خاراكتېرىگە ئىگە قەھرىمان ۋە ئۇنىڭ ئەرش پادىشاھىنى كۆزگە ئىلمىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا قارشى تۇرغانلىقى مەزمۇن قىلىنغان ئەرشنى مالىمان قىلىش ۋەقەسى جۇڭگونىڭ فېئوداللىق جەمئىيىتىدىكى ئىنقىلابىي دېھقانلارنىڭ زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش روھى شۇنىڭدەك ئۇزۇلمەي بولۇپ تۇرغان دېھقانلار قوزغىلىڭىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ كۆرەشنى ئاساس قىلىپ يېزىلغان، بۇ ئىنقىلابىي دېھقانلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش روھىنىڭ ۋە باتۇرانە ـ جەڭگىۋار ھاياتىنىڭ باشقىچىرەك ئەكس ئەتتۈرۈلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ بەدىئىي چىنلىققا ئىگە. سۇن ۋۇكۇڭنىڭ بىر موللاق ئېتىپ، 180 مىڭ چاقىرىم يول بېسىشىمۇ خالىغانچە توقۇپ چىقىرىلغان ئەمەس. ئۇ دېگەن كىشىلەرنىڭ يىراق يوللارنىمۇ ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇچقاندەك بېسىپ بولۇش ئارزۇسىنىڭ ئىپادىسى. گەرچە ھازىر كىشىلەر ئۆزىنىڭ تېنىگە تايىنىپ بىۋاستە ئۇچالمىسىمۇ، لېكىن ئايروپىلان، راكېتا، سۈنئىي ھەمرا، ئالەم ئايروپىلانى قاتارلىق كۆپ خىل تېز ئۇچىدىغان قوراللارنى ياساپ چىقتى. شۇڭا ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇنداق بىر موللاق ئېتىش بىلەن 180 مىڭ چاقىرىم يول يۈرۈش تەسەۋۋۇرىمۇ بەدىئىي چىنلىققا ئىگە. بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، رومانتىزملىق بەدىئىي ئوبرازنىڭ قايتا يارىتىلىشچانلىقى بىلەن بەدىي چىنلىقنى بىرلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

ئۈچىنچى، رېئالىزملىق ئەسەرلەردە ئىدىيىۋى خاھىش يوشۇرۇن بولىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، رومانتىزملىق ئەسەرلەر كۈچلۈك سۇبيېكتىپ لىرىك تۈسكە ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئىجادىيەت جەريانىدا رومانتىزمچى يازغۇچىلارنىڭ قەلبىدە ماگىمىدەك چەكسىز كۈچلۈك سۇبيېكتىپ ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، تەپەككۇر قۇشى رېئاللىقتا پەرۋاز قىلىدۇ، ھېسسىياتى جۇشقۇنلاپ تۇرىدۇ. بۇنداق بولغاندىكىن يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشنى سوغۇققانلىق بىلەن ئوبيېكتىپ ھالدا تەسۋىرلەپ، ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى پۈتۈنلەي ئوبرازغا سىڭدۈرۈۋېتىشى ئانچە مۇمكىن بولمايدۇ. ئەكسىچە، يازغۇچىلار دائىم ئۆزىنى تۇتالماي، ئوبيېكتىپ قايتا ئىپادىلەشتىن چىقىپ ئۆزلىرىنىڭ ھېسسىياتىنى بىۋاستە ئىزھار قىلىدۇ، ئۆزلىرى ئۈمىد قىلغان غايىۋى مەنزىلىنى بىۋاستە ئىپادىلەيدۇ. رېئالىزمچى يازغۇچى فلوبېرنىڭ قارىشىچە، يازغۇچى ئەسىرىدە كۆرۈنمەسلىكى كېرەك، ئەمما رومانتىزمچى يازغۇچى ھيۇگونىڭ قارىشىچە، يازغۇچى ئۆز ئەسىرىدە «كۆرۈنۈش» ى كېرەك، ئۇ: «ھەقىقىي شائىر خۇداغا ئوخشاش ئۆز ئەسىرىنىڭ ھەممە يېرىدە بىرلا ۋاقىتتا كۆرۈنىشى لازىم» دېگەنىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىيىۋى ھېسسىياتنىڭ ئوچۇق بولۇشى، كۈچلۈك سۇبيېكتىپ لىرىك تۈس بولسا رومانتىزملىق ئەسەرلەرنىڭ بىر بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ رومانتىزملىق ئەسەرلەر كۈچلۈك سۇبيېكتىپ لىرىك تۈسكە ئىگە دېگىنىمىز رومانتىزم بەدىئىي ئوبرازنى كېرەك قىلمىسىمۇ بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، رومانتىزممۇ ئوخشاشلا ئېنىق، مول بەدىئىي ئوبرازنى تەلەپ قىلىدۇ. پەقەت ئۇ ھېسسىي ئوبراز يارىتىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ ھەمدە بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئىچىدىن تارتىپ تېشىغىچە يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ شەربىتىگە تويۇنۇپ،

كىتابخانىلارغا ئېدىيىۋى ھېسسىيات شەربىتىنىڭ بەدىئىي ئوبرازدىن تامچە ـ تامچە تېمىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

رېئالىزم بىلەن رومانتىزم ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ئىجادىيەت ئۇسۇلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوخشاشماسلىقى بىر ـ بىرىنى چەتكە قاقمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، رېئالىزم بىلەن رومانتىزم ھەم قارىمۇ قارشى، ھەم بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ. خۇددى گومورو ئېيتقاندەك: «ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى رومانتىزمبىلەن رېئالىزمنى روھىي ماھىيەت جەھەتتە بەزىدە پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ. رومانتىزم ھېسسىياتنى ئاساس قىلىدۇ، رېئالىزم ئەقلىنى ئاساس قىلىدۇ، بۇ ئومۇمىي خاھىش. لېكىن ھېسسىيات ۋەئەقىل كىشىلەردە بولىدىغان روھىي ھالەت، بىر ئادەم ماڭا ھېسسىياتلا كېرەك، ئەقىلنىڭ لازىمى يوق، ياكى ماڭا ئەقىللا كېرەك، ھېسسىياتنىڭ لازىمى يوق دېيەلمەيدۇ». «ئەدەبىيات ـ سەنئەت رېئال تۇرمۇشنىڭ ئىنكاسى ۋە تەقلىدى، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەدەبىيات سەنئەتنىڭ ماھىيىتى رېئالىزم بولۇشى كېرەك. لېكىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيىتى ئوبرازلىق تەپەككۇردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا تەسەۋۋۇرغا يول قويۇلىدۇ، مۇبالىغىغىمۇ يول قويۇلىدۇ، ... بۇنداق ئىجادىيەت جەريانىنى ســـز ئويدۇرما دېسىڭىزمۇبولىۋېرىدۇ، شۇڭا، ئەدەبىيات-سەنئەت پائالىيىتىنىڭماھىيىتىرومانتىزممۇبولۇشىكېرەك.»

جۇڭگو ۋە چەتئەل ئەدەبىيات تارىخىدىكى پاكىتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، مەيلى بىر يازغۇچىنىڭ بارلىق ئەسەرلىرىنى ئالايلى ياكى بىر ئەسىرىنى ئالايلى، ئۇنىڭدا ساپ رېئالىزم بىلەن يېزىلغانلىرى ئاز ئۇچرايدۇ، ساپ رومانتىزم بىلەن يېزىلغانلىرىمۇ كەم ئۇچرايدۇ. كۆپ ھاللاردا ئەھۋال مۇنداق بولىدۇ: بىر يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرى دەسلەپكى مەزگىلدە رومانتىزمغا مايىل بولىدۇ، لېكىن رېئالىزم ئامىللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، كېيىنكى مەزگىلدىكى، ئەسەرلىرى رېئالىزمغا مايىل بولىدۇ، لېكىن رومانتىزم ئامىللىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گوموروغا ئوخشاش جۇڭگو ۋە چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇنداق ئەھۋال بولغان. بۇيەردە مۇنداق بىر نۇقتىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىزنىڭ چۈشەنچىمىزدىكى رېئالىزم بىلەن رومانتىزمنىڭ بىرلىكى مۇنداق: بىرىنچىدىن، ئۇنىڭ بىر ئاساسىي مايىللىقى بولىدۇ، ياكى ئاساسەن رېئالىزمغا مايىل بولىدۇ، ياكى ئاساسەن رومانتىزمغا مايىل بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭغا ئازدۇر ـ كۆپتۇر رومانتىزم ياكى رېئالىزم سىڭدۈرۈلگەن بولىدۇ. ئەدەبىيات تارىخىدا ئاساسىي مايىللىقنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولمايدىغان، 50 پىرسەنت رېئالىزم بىلەن 50 پىرسەنت رومانتىزم بىرلەشتۈرۈلگەن ئەسەر مەۋجۇت ئەمەس. ئىجادىيەت ئۇسۇلى جەھەتتىن ئېيتساق، ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان بىر مايىللىق بولىدۇ، دېمەك، رومانتىزم بىلەن رېئالىزم ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭ يوق، ئۇلار ئوت بىلەن سۇدەك سىغىشالمايدىغان نەرسە ئەمەس، ئۇلار بىر ـ بىرىگە باغلىنىشلىق بولىدۇ. بۇ ھەقتە گوركى، بالزاك، تورگېنېۋ، تولستوي، گوگول، لېسكوۋ، چېخوۋغا ئوخشاش كلاسسىك يازغۇچىلار ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ: ئۇلارنى رومانتىزمچى ياكى رېئالىزمچى، دەپ پۈتۈنلەي توغرا ئېيتىش بىزگە ناھايىتى تەسكە چۈشتى. ئۇلۇغ سەنئەتكارلاردا رېئالىزم بىلەن رومانتىزم مەڭگۈ بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ ... رېئالىزم بىلەن رومانتىزم بىرلىشىپ كەتكەن بۇنداق ئەھۋال ئېلىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىياتىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇبىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنى پۈتۈن دۇنيا ئەدەبىياتىغا كۆنسايىن روشەن چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدىغان خاسلىققا ۋە كۈچكە ئىگە قىلدى». قىسقىسى، ئېستېتىكىلىق كۆز قاراشتىن ئېيتقاندا، ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە، رېئالىزم بىلەن رومانتىزم بىر ـ بىرىگە سىڭىشىدۇ، ئۆز ئارا بىرلىشىدۇ.

# 新疆社科论坛(维吾尔文版)

新疆维吾尔自治区社会科学界联合会主办

1996年 第三期　　副主编

(总第33期)　　斯拉木江.谢里甫

## 主要目录

### 稳定与发展

新疆民族分裂主义的活动及反分裂斗争应当注意的问题 …………………… 满宗州.节永福 1

### 哲学,政治理论

辨证唯物主义的活的标本 …………………………………………………… 阿.托乎提 6

再谈利用资本主义发展社会主义的现实基础 ………………………………… 吐 托乎提 10

### 经济,企业建设

市场与价格 ……………………………………………………………………… 赛.和维尔 13

### 历史,考古

史学的作用与历史研究中存在的一些问题 ………………………………… 伊.芒利克 23

十三世纪来访西域的几个西方使者 ………………………………………… 艾.艾尔西丁 28

能力及其核心 ……………………………………………………………… 斯拉木江.谢里甫 33

### 文学

文学家纳克斯和他的长诗《古丽扎尔比尼西》 ……………………… 吾拉木.艾拜都拉 58

论浪漫主义 ………………………………………………………………… 穆罕买德.伊明 73

---

编委:阿.热杰甫、阿.热合满、阿.托乎提、赛.禾维尔、谢.伊明、斯.谢里甫

责任编辑:斯.谢里甫、凯.柯尤慕

## مۇشتەرىلار دىققىتىگە :

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»نىڭ ئۇيغۇرچىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ، مەملىكەت ئىچىگە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان پەسىللىك ئىلمىي ژۇرنال. بۇ — پەلسەپە، مائارىپ، تارىخ، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، تىل، ئەدەبىيات - سەنئەت، پەن - تېخنىكا، دىن ۋە ئەخلاق، باشقۇرۇش ۋە باشقا ئارىلىق پەنلەر بويىچە ئالىم - مۇتەخەسسىس ۋە باشقا ھەۋەسكارلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى، دۇنيا بويىچە بارلىققا كېلىۋاتقان كۈندىلىك تۇرمۇش ھەم خىزمەتلىرىمىزگە ماياك بولىدىغان كەشپىيات ھەم ئىختىرالارنى ئىخچام تونۇشتۇرۇپ، ئىلىم - پەننى گۈللەندۈرۈش، خەلقىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىدىغان يېڭى بىر بىلىم مۇنبىرى. ھەر بىر ئويغاق ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، تېخىمۇ ئەقىللىق، يىراقنى كۆرىدىغان، زامانغا ماس ئادەم بولۇش جاھاننامىسى. بۇ ژۇرنال سىزنى دانايى - دانىشمەن ئالىملار، پىرى — ئۇستازلار، ھەققانىي ئىلىم چولپانلىرى، سەنئەتكارلار، ئۇلۇغ ھەكىم ھەم پسىخولوگلار بىلەن ئۇلپەتلەشتۈرۈپ، قەددىمىزنى رۇسلاپ زامانىۋى قەدەم بېسىشىڭىزغا ياردەم بەرگۈچى، ژۇرنىلىمىزنىڭ بىر يىللىق سانلىرىغا 10.00 يۈەندىن يالىكى خالىغان بىر سانىغا 2.50 يۈەندىن تۆلەپ مۇشتەرى بولغايسىز.

پۇل ئەۋەتىدىغان ئادرېسى: ئۈرۈمچى «يەنئەن» يولى 46 - قورو.

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ئالاقىلاشقۇچى: ليۇسۇچىڭ

《新疆社科论坛》
全国公开发行

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»
مەملىكەت بويىچە ئاشكارا تارقىتىلىدۇ

---

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللىي باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: 1/CN65—1147/C
پوچتا ئارقىلىق مۇشتەرى بولۇش نومۇرى: 137—58
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىسلامجان شېرىپ، قەيسەر قەييۇم
باھاسى: 2.50 يۈەن
ئورنى: ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 46 - قورو، پوچتا نومۇرى: 830001
تېلېفون: 2861273 تېلگرامما: 3027
مۇقاۋىنى ئوبۇلقاسىم ئەمەت لايىھىلىگەن

18